سدىقھاجى روزى

# ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟

**(2)**

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟

(2)

سىدىقهاجى روزى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2009 ـ 6 ـ ئاي ئىستانبۇل
www.uyghurweb.net

Nuri paşa Mh 10. Sok No: 11 /1
Zeytinburnu/İstanbul-Türkiye
Tel: 0090212 6798688

Baskı_Cilt
Bayrak Matbaası
Davutpaşa cad. No:14/2
Topkapi_İstanbul
Tel: 0(212) 493 11 06 Fax: 0(212) 493 11 07

## مۇندەرىجە

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتى ...................................7
ئادەمنىڭ ......................................................14
مىللەتلەر... ..................................................21
ئادەملەر... ...................................................36
خىتاي..........................................................40
دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى .........................................45
ئامېرىكىنىڭ بىر جۇڭگو سىياسىتى ئۆزگەرمەكتە.................47
پوتسدام خىتابنامىسى ..............................................49
خەلقئارا... ....................................................55
بۈگۈن... .....................................................60
ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى .....................................63
تاڭ جا شۈەن...................................................69
جۇرۇڭجىنىڭ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشى..........................73
مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى تىبەتتە نېمە ئىش قىلدى ............79
پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەندى .................................83
تاجاۋۇزچىلىق ۋە قېچىش دولقۇنى ...................................85
ئامېرىكا تىبەتكە مەخپىي ياردەم بېرىشنىڭ
دائىرىسىنى كېڭەيتتى ............................................89
تىبەتلىك ئاخباراتچىلارنىڭ خىتاينىڭ ئاتوم ـ
يادرو پىلانىنى پاش قىلىشى ......................................92
بۈگۈن ئاجايىپ قۇتلۇق بىر كۈن بولدى ............................95
بازارنى ئېچىۋېتىش ۋە كېلىشىمنامە كاپالىتى.........................100

قەيەردە زۇلۇم بولسا... ........................ 104
تايلاند گېزىتلىرى ........................ 108
ناتو........................................ 109
تەيۋەن ـ لى دىڭ خۇي ........................ 113
جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى ........................ 119
تەيۋەندە.................................... 123
ئۆتكەن ھەپتىنىڭ.............................. 127
كۆپ قۇتۇپلۇق ................................ 130
ئامېرىكا .................................... 133
بۇ يىل....................................... 135
بىخەتەرلىك شەرتنامىسى....................... 138
دالاي لاما ................................. 143
جۇڭگو ـ تەيۋەن سۆھبىتى....................... 145
مەن ........................................ 150
يېقىندىن بېرى................................ 156
پرېزىدېنت لى دىڭخۇي ........................ 159
بۇ يىل....................................... 164
يېقىندا... .................................. 166
جۇڭگونىڭ... ................................. 170
پرېزىدېنت لى دىڭخۇي... ..................... 174
رابىيە قادىر قولغا ئېلىندى .................. 178
بۈگۈن... .................................... 196
سىياسەت پەلسەپىسى............................ 198

بىرلەشكەن دۆلەتلەر........................................213
جياڭ زېمىن... ..............................................216
ئاپرېلنىڭ... ................................................220
خىتاي كوممۇنىستلىرى .......................................225
لى دېڭخۇي...................................................229
جياڭ زېمىن ..................................................233
پرېزىدېنت كلىنتون...........................................237
ئەتراپلىق پىلانلاش ........................................241
چەن چېجىن ..................................................245
ئاۋام پالاتاسى................................................246
ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ...................................247
ياپونىيە... ..................................................249
شانى شەھىرى ................................................250
سەيشەنبە... .................................................254
چۈشتىن كېيىن................................................265
چۈشتىن كېيىن................................................266
لوندوندىن تېلېفون كەلدى... ..............................267
لوندوندىن تېلېفون كەلدى... ..............................269
جياڭ زېمىن ..................................................272
سەئۇدى ئەرەبىستان..........................................275
رابىيە قادىر ..................................................276
بۈگۈن... .....................................................278
دۇنيا سودا تەشكىلاتى ......................................283

رابىيە قادىر ................................................ 288
ئامېرىكا .................................................. 289
ياۋروپا .................................................. 292
جۇڭگو مەتبۇئاتلىرى ....................................... 295
پاكىتلاردىن پەيدا بولغان تەسىراتلار .................... 300

# ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتى

خۇلاسىلەپ پىكىر قىلىش يۆنىلىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز. ھازىرغىچە ۋەتەنداشلارغا ئېنىق بولمايۋاتقان، لېكىن ۋەتەنداشلار ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان، قىزىقىدىغان بىر مەسىلە — ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى زادى قانداق سىياسەت؟ دېگەن مەسىلىدۇر.

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى نېمە؟ سىلەرگە مەن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنى بىر جۈملىگە يىغىنچاقلاپ مۇنداق سىياسەت، دەپ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ھازىرقى دۇنيادا ئامېرىكا بەلگىلىگۈچى دۆلەت ئىكەن، شۇڭا ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلەيدۇ، بەلگىلەنگەن سىياسەتنى يەنە خەلقئارا سىياسەتكە ئايلاندۇرىدۇ. باشقىلار شۇڭا بۇ يەردە بويسۇنغۇچى، بەلگىلەنگەن سىياسەتلەرنى قوبۇل قىلغۇچى بولۇپ قالىدۇ. بەلگىلەنگەن سىياسەتلەرنى ئانالىز قىلىش، تەھلىل قىلىش، سىياسەتنىڭ شەكىلدىن، ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىن ھالقىپ چىقىپ سىياسەتنىڭ ماھىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز. قېنى ئەمسە ۋەتەنداشلىرىم، بىرلىكتە ئانالىز قىلايلۇق.

چەت ئەللەردە سىياسىي كۆزەتكۈچىلەر جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى تېخى خىتاي پۇقرالىرى ھېس قىلىپ يەتمىدى، چۈشەنمىدى، دېيىشكەن بۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن سىياسىي ئامىللار نېمىلەر ئىدى؟

1979 ـ يىلى ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، 1980 ـ يىلى ئامېرىكا جۇڭگوغا سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن

خىتاينىڭ جەنۇبتىكى بەش ئۆلكىسى ئىشلەپچىقارغان يىپىنىڭ سانائەت ۋە ئىبغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى جۇڭگو تۆۋەن ھېسابات باج بىرلىكىدە ئامېرىكا بازارلىرىغا ئېكسپورت قىلالايدىغان بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئامېرىكا جۇڭگوغا مۇنداق سىياسەت يۈرگۈزدى:

1 . جۇڭگودا ئەركىن سودىنى يولغا قويۇش.

2 . جۇڭگونى خەلقئارا پۇل ـ مۇئامىلە سىستېمىسىغا سۆرەپ كىرىش ۋە جۇڭگونىڭ پۇل ـ مۇئامىلە سىستېمىسىنى، خەلقئارا پۇل ـ مۇئامىلە سىستېمىسىغا چېتىپ قويۇش.

3 . جۇڭگونى خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا سۆرەپ كىرىپ جۇڭگونىڭ ساختا قانۇنچىلىق سىستېمىسىنى بىتچىت قىلىش.

4 . جۇڭگونى ئوبيېكت قىلغان ھالدا خەلقئارا سىياسەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش.

5 . دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا مۇناسىۋەتلىك دۇنيا ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش.

6 . خەلقئارادا نىزامنامە، ئەھدىنامىلەرگە قول قويدۇرۇپ، جۇڭگونى خەلقئارا قانۇن ـ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشقا زورلاش.

7 . جۇڭگونىڭ تىبەت ۋە ئۇيغۇرىستاندىن باشقا مەمۇرى تۈزۈمىنى فېدېراتسىيىلەشتۈرۈش. (مۇشۇنداق سىياسەتكە مۇۋاپىق، ئامېرىكا ـــ جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان چاغلاردا جۇڭگونىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سېكرېتارى خۇ ياۋ باڭ شىنجاڭ توغرىسىدا ئالتە ماددىلىق سىياسەت، تىبەت توغرىسىدا ئالتە ماددىلىق سىياسەت تۈزۈپ، 1980 ـ يىلى ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىن ۋە تىبەتتىن چېكىنىشنى قارار قىلغان ئەمەسمىدى؟)

8 . شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگودا كوممۇنىزمغا، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمگە قارشى دالاى لامانى ئاسىيالىق ۋاۋنساغا ئايلاندۇرۇش ۋە جۇڭگونى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتلەر ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسەتلىرى ئىدى.

يۇقىرىقىلار ئامېرىكا — جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىدە، داۋاملىق تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان ۋە جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئەمەلىيىتىگە سىڭىپ كىرىۋاتقان سىياسەت بولغاندىن باشقا، بۈيۈك ئىستراتېگىيىلىك مەقسەتنى ئارقا تېرەك قىلغان ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى، بىر سىياسىي توقماق بولۇپ، جۇڭگولۇقنىڭ بېشىغا داۋاملىق ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

يۇقىرىقى سىياسەتلەرنىڭ ئىچىدىن بىز پەقەت «ئەركىن سودا» دېگەن ئىبارىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتەيلى!

بىر جەمئىيەتتە ياكى بىر دۆلەتتە ئەركىن سودا يولغا قويۇلىدىكەن، شۇ جەمئىيەت ئەركىن جەمئىيەت، شۇ دۆلەت ئەركىن دۆلەت بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا جەمئىيەتكە مۇۋاپىق قانۇنلار تۈزۈلۈشى كېرەك؛ بىر دۆلەت ئىقتىساد ساھەسىدە مونوپولىيىلىك دۆلەت سىياسىتىنى يولغا قويىدىكەن، بۇنداق دۆلەتتە ياكى جەمئىيەتتە ئەركىن سودىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەركىن سودىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئامېرىكا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بەرگەن ئىكەن، ئۇنداقتا جۇڭگو دۆلەت مونوپولىيىسىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دۆلەت مونوپولىيىسى بىكار قىلىنغان كۈن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھوقۇقلۇق ئورنىمۇ تەۋرىنىشكە باشلايدۇ. جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپلا كىرىدىغان بولسا يۇقىرىقى تەرتىپلەردىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى، جۇڭگودا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى، ئامېرىكىغا يول قويۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى، دەرىجىسىنى، ئامېرىكا بىلەن ئىستراتېگىيىلىك دىئالوگ قۇرۇشنىڭ تەرتىپلىرىنى پۈتۈن قۇرالاردىن يوشۇرۇپ پەقەت «ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورناتتى»، «جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى» دەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان جۇڭگو، ئورنىتىلغان «ياخشى» مۇناسىۋەتلەرنىڭ زادى قانداق تۈرەلمىگە ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى جۇڭگو پۇقرالىرىدىن خۇپىيانە تۇتۇپ كېلىۋاتقان دۆلەت ئىدى.

پرېزىدېنت كلىنتون جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، جۇڭگو تاشقى سىياسىتىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تەيۋەنگە قاراتتى. پرېزىدېنت كلىنتون شاڭخەيدە تەيۋەن توغرىسىدا ئاغزاكى سۆزلىگەن «تەيۋەننى ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق»، دېيىلگەن سىياسىي ئىبارىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن جياڭ زېمىن «ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق»نى خەلقئارا سەھنىدە كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئالدىراپ كەتتى. جياڭ زېمىن زىيارەت قىلىش ئۈچۈن رۇسىيىگە يېتىپ كەلگەندە يىلتسىن «تەيۋەننى ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق»قا بىر ماددا «تەيۋەنگە ھەربىي قورال ـ ياراغ سېتىپ بەرمەسلىك» دېيىلگەن بىر ماددىنى قوشۇپ «تەيۋەننى تۆت جەھەتتە قوللىماسلىق»قا ۋەدە بەردى. جياڭ زېمىن كەينى ـ كەينىدىن «غەلىبە» قىلماقتا، دىپلوماتىيە ساھەسىدە جياڭ زېمىننىڭ «شۆھرىتى» ئاشماقتا. ئۆزىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلەلمەي كېرەك؟ ياپونىيىنى ھەم شۇنداق ۋەدە بېرىشكە زورلاش كېرەك؛

پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ، پرېزىدېنت يېلتسىننىڭ شۇنداق ۋەدە بېرىشى ئاسان گەپمۇ؟ ياپونىيە شۇنداق ۋەدە بېرىدىغانلا بولسا ھەي، ھەي، تەيۋەن ئىندەككە كەلمەي قېچىپ نەگە بارالايتتى؟

جياڭ زېمىن رۇسىيىدىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ياپونىيىگە يېتىپ كەلدى. جياڭ زېمىن ياپونىيىنىڭ ۋەزىرى كوزۇمىغا: ــ پرېزىدېنت كىلىنتون تەيۋەن توغرىسىدا ئاغزاكى ئىپادە بىلدۈرگەندەك، ياپونىيە تەرەپنىڭمۇ تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە «تەيۋەننى ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق» توغرىسىدا ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن بۇنداق دىپلوماتىك تەلەپ ياپونىيىنىڭ ۋەزىرى كوزۇمىنىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

جياڭ زېمىن: جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان تارىخنى ئېتىراپ قىلىپ ياپونىيە ھۆكۈمىتى ھۆججەتلىك ئەپۇ سورىشى كېرەك، دەپ تەكلىپ قويۇۋىدى، بۇ تەكلىپمۇ ۋەزىر كوزۇمىنىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. جياڭ زېمىننىڭ يېلى چىقىپ كەتتى. ياپونىيە پادىشاھى كوتوۋېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزگەندە، جياڭ زېمىن: «ئىككى جۇڭگو پەيدا قىلىش ۋە تەيۋەن مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەر تەيۋەن بوغۇزى ۋە بۇ رايوندا جىددىي ۋەزىيەت پەيدا قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ بۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى تەيۋەننىڭ خەلقئارا تەۋەلىكى، سىياسىي ئورنى بويىچە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان خەلقئارا تالاش ـ تارتىشلار ۋە ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىغا قارىتىلغان مۇجمەل دىپلوماتىيىنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك مەقسەتلىرى ۋە مۇجمەل دىپلوماتىيىنىڭ يوشۇرۇن ماھىيىتى تولۇق ئاشكارىلانغانلىقىنى

كۆرسىتىپ بەردى. جياڭ زېمىن ۋەتىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى 28 ـ نويابىر قارار ئېلان قىلىپ: «بۇ قېتىمقى دىپلوماتىك پائالىيەتنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسى، پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ جياڭ زېمىندىن ئاۋۋال ياپونىينى زىيارەت قىلىشىغا ھەمدە ئامېرىكا ــ ياپونىيە مۇداپىئە كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك، دەپ كۆرسەتكەندىن باشقا يەنە جۇڭگو تەرەپ ياپونىيىگە قاراتقان سىياسىتىنى تەكشۈرگەندە ئەمدى ئامېرىكا ئاملى بىلەن ياپونىيە ئاملىنى قايتا ئويلاشمىسا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ جياڭ زېمىن ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بەرگەن ۋەدىلىرىدىن يېنىۋالدى. ھۇرۇن ئېشەكتەك داغدام يولدا يېتىۋالدى. جۇڭگو ــ ئامېرىكا «شېرىكلىك، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى»دىن يېنىۋالدى. جۇڭگودا پارتىيە قۇرۇشقا ئېچىۋېتىلگەن سىياسىي ۋەزىيەتتىن يېنىۋالدى، جياڭ زېمىن شەنشى ئۆلكىسى ۋۇ تەيشەن تېغىدا بۇتخانىدا دالاي لاما بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى. «تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىش» دەۋرىگە كىرگەن جۇڭگونىڭ «تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىشىدىن» يېنىۋالدى. بەرگەن بارلىق ۋەدىلىرىدىن يېنىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇيغۇرىستاندا يۇز كۈنلۈك باستۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغان بولسا، تىبەتتىمۇ يۈز كۈنلۈك باستۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. كوممۇنىستىك پارتىيىدىن چېكىنگەن خىتايلارنى، جۇڭگودا پارتىيە قۇرغان، تەشكىلات قۇرغان خىتايلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىشقا باشلىدى. خىتاينىڭ خۇي ـ پەيلىنى تونۇپ يەتكەن ئامېرىكىنىڭ

سىياسىيونلىرى «خىتاي ھۆكۈمىتى قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالىدىغان دۆلەت» دېيىشتى.

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى ئەمدى قانداق ئۆزگىرىش دەۋرىگە يۈزلىنىدۇ، كېلەر يىلى دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى قانداق بولىدۇ؟ ئاللاھ ھەممىمىزگە ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن ۋەتەنداشلىرىم، ئامىن!

# ئادەمنىڭ...

1999 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ئادەمنىڭ ئەزەلىي ئورنىنى تىكلەش، ئادەم تەبىئىتى ــ شەخسىيەتچىلىك، ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆزىنى ئەتىۋارلاش تەبىئىتىنى ئاشكارىلاش غەرب مەدەنىيىتى تارىخىدا ئەينى چاغدىكى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلانغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر خىل سىياسىي تۈزۈم تۈزۈملەشكەن جەمئىيەتتە شەخس ئەركىنلىكىنىڭ ئاۋۋال كاپىتالىزىم ئەگە بولۇشى ئىتىكا پرىنسىپلىرىدا مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ ئۆلچەملىرى، سىياسەت، ئىقتىساد ساھەسىدە ئەقىلچىلىكنىڭ قىياسلىرى، مۈلۈكچىلىك جەھەتتە، خۇسۇسىي ئىگىلىك تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادى سودا ـ تىجارەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى ساھەلەردە ئىنسان تەبىئىتى يەرلەشكەن ئىدى.

ئەزەلى شەخسىيەتچىلىك ئەقلى بارلىكى ئادەمنىڭ ئازراق دەسمايە بىلەن كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى قوغلىشىش ئەقلى ھەرىكەت ۋە مۇۋاپىق ئەخلاقىي ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. ئىنسان ئەسلى شەخسىيەتچى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقى ئەسلىدە ئەمەلىي كاپىتالىزىمغا ئېرىشىشى لازىم ئىدى. ئادەمنىڭ باراۋەر ھالەتتە ئەركىن رىقابەتكە قاتنىشىش ھوقۇقى، ئەركىن سودا، ئەركىن بازاردىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولاتتى. شۇنداق ھوقۇقلارنى بىر جەمئىيەتتە قانۇن ئارقىلىق كاپىتالىزىمغا ئىگە قىلىش بۇ ــ نېگىزلىك كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ ھىماتلىق ئىجادى روھى بولۇپ، كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغان سىياسىي تۈزۈمگە خاس ئالاھىدىلىك ئىدى.

مۇئەييەن جەمئىيەتتە بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقىدا، مۇۋاپىق چەكلەنگەن ئاساستا جەمئىيەت ئادەتلىرىگە ۋە ئادىمى ئادەتلەرگە يارىشا ئىستىخىيىلىك رەۋىشتە تەرەققىي قىلاتتى. جەمئىيەتنىڭ ئىستىخىيىلىك تەرەققىي قىلىشى شۇ جەمئىيەتنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا ئاساسلانغان ئىنسان تەبئىتىنىڭ تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق بولغانىنىڭ سىرتىدا، مەنپەئەت قوغلاشقۇچى شەخسلەرگە رىقابەت پرىنسىپلىرىنى يارىتىپ بېرەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۆنۈمگە ئېرىشمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئادالەت قوغلىشىش تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشنى نىشان قىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈم بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟

ئىنسانلار ھازىرغىچە ئىجاد قىلغان جەمئىيەت بازار ئىقتىسادى، ئەركىن سودا، ئاساسى قانۇنلۇق دېموكراتىك كۆپ مەنبەلەشكەن جەمئىيەت بولۇپ كەلدى. بۇنداق جەمئىيەتتە ئادەملەر ئەركىن قانۇنلۇق ۋە ئەخلاق دائىرىسىدىكى رىقابەت ئىچىدە ياشاپ كەلدى. ئىستىخىيىلىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى بىر خىل يوشۇرۇن كۈچ، شەخس مەنپەئەتىنى قوغلاشقۇچى كىشىلەرنىڭ بايلىق يارىتىش جەريانىدا، جەمئىيەت ئادەتلىرىگە خاس تاشقى قانۇنىيەتلەرنى ۋە ئىچكى ئەخلاقى ئاقىلانىلىكىنىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. بايلىق ياراتقۇچىلار تىزگىنلىنىش، ئۆزلىرىگە بايلىق يارىتىش ۋە باشقىلارنى مەنپەئەتدارلىققا ئىگە قىلىش ئارقىلىق بىردەكلىك ئىچىدە جەمئىيەتكە كۆپ بايلىق يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇراتتى. ئادەملەر شۇنداق يوشۇرۇن كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرىكەت، پائالىيەت قىلاتتى. بۇ خىل جەمئىيەتتە ئادەملەر بىر كېسەل ساقىيىپ

كارېۋاتتىن قوپقان بولسا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇنىڭ كېسىلى شىپا تاپتى، دېيىشكە مەجبۇر بولمايتتى. بىر كىشى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولغان تۇرۇقلۇق پارتىيىنىڭ دانا سىياسىتى مېنى كۆپ بايلىققا ئېرىشتۈردى دېيىشكە مەجبۇر بولمايتتى. ئادەملەر شۇنداق جەمئىيەتتە ئەمگىكىنىڭ قىممىتىنى قانداق ساقلاپ قالالىغان بولسا، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەم شۇنداق ساقلاپ قالالايتتى. جەمئىيەتكە بايلىق يارىتىش جەريانىدا ئادەم ئەمگەك مەقسىتىنى قانائەتلەندۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنى ھەم مۇقىملاشتۇراتتى. جەمئىيەت شۇنداق ھەرىكەتلىك جەمئىيەت بولغاندىلا، بازار ئىقتىسادىنى دائىم تەشكىللىيەلەيتتى. بازار ئىقتىسادىنىڭ تەشكىللىنىشىگە ئەگىشىپ ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئىناۋەتنى ئاساس قىلغان قانۇن - پرىنسىپلار، قائىدە - نىزاملار ۋە سودا - تىجارەت ئەخلاقى ۋۇجۇدقا كېلەتتى. ئۆزئارا ئىشەنچ، ئىناۋەتنىڭ بولماسلىقى سودىلىشىدىغان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىناۋەتنىڭ تىكلىنىش - تىكلەنمەسلىكى قانۇنلۇق، پرىنسىپلىق، ئەخلاقلىق تىجارەت قىلىش ۋە مۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشىشنىڭ نازۇك ھالقىسى بولۇپ قالاتتى.

شەخس مەنپەئەتنى قوغلىشىش، مەنپەئەت قوغلىشىشنىڭ شۇ شەخسنى رىقابەت جەريانىغا ئېلىپ كىرىشى، ئەركىن رىقابەت جەريانىنىڭ ئادىل، تەرتىپلىك بولۇشى، ئادىللىقنىڭ بازار ئىقتىسادىغا مۇناسىۋەتلىك ئىناۋەتنى تىكلىشى، ئىناۋەتنىڭ ئىقتىسادى، سىياسىي ئۈنۈم يارىتىشى بىر - بىرىگە تامامەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئىنسان تەبىئىتىگە ئادىل مۇئامىلە قىلىش ياكى ئادىل مۇئامىلە قىلالماسلىق بىر جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى، ئاقىلانە، دىيانەتلىك جەمئىيەت ئىكەنلىكى ياكى ياۋۇزلۇققا، قاباھەتكە، ھوقۇقى زوراۋانلىققا يۈزلەنگەن جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى ئايرىيدىغان ئۆلچەمدۇر. ئىنسان تەبىئىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان جەمئىيەت سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئاقىلانىلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرسىمۇ، بۇ خىل ئاقىلانىلىك ئەمەلىيەتتە جىلۋىلىك ئالدامچىلىق بولۇپ، بۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ياۋۇزلۇق  بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ھەرگىز يوشۇرۇپ كېتەلمەيتتى. (مەسىلەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم) بۇ جەمئىيەتنىڭ ياۋۇزلۇقى ھەرقايسى ساھەلەردە ئۈنۈم يارىتالماسلىق بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق خىتايچە جەمئىيەت بەخت قوغلىشىدىغان، پايدا ـ مەنپەئەت قوغلىشىدىغان، شەخسىيەتچىلىكنى مۇمكىن شارائىت، ئىچكى قىزغىنلىق، ئىچكى رىغبەت ۋە تاشقى پرىنسىپلار بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. بەزىدە تەمىنلەيتتى. يارامسىز شەخسىيەتچىلەر، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان شەخسىيەتچىلەرنى، ئادىمى قەدىر ـ قىممەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان مەلۇم ئۇيغۇرلاردەك شەخسىيەتچىلەرنى ئىچكى جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈپ، تاشقى پرىنسىپلار بىلەن تەمىنلەپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىشكە شارائىت يارىتىپ بېرەتتى. بۇ كىشىلەر ئاللاھقا، دىنىمىز ئىسلامغا شەك كەلتۈرۈپ قەسەم بېرىپ، خىتاينىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشۇپ كىرىشەتتى. بۇ كىشىلەر پارتىيىگە كىرىپ «ھوقۇق» ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىشنىڭ تەمەسىدە (ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى قېپىندۇرغۇچى بولۇپ كۆرۈنسىمۇ) كوممۇنىستىك

پارتىيىنىڭ قولىدا قورال بولۇپ خىزمەت قىلىپ، مىللىتىگە قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ھەرگىز چۈشەنمەيتتى. پارتىيىگە كىرىشكە جەلپ قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلگەن خىتايلارنىڭ، ئۇيغۇرنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ياۋۇزلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنىڭ ئاددىي ئۆلگىسى ئىدى. يۇقىرىقى ئالامەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ ئادەتكە ئايلاندۇرماقچى بولغان خىتاي جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرىستاندەك مۇستەملىكە جەمئىيىتى — ئىمتىياز، يوشۇرۇن كۈچنىڭ ئورنىغا ئۆتكەن؛ ئادەمنى ئادەم باشقۇرۇش، ياكى ئۇيغۇرنى خىتاي باشقۇرۇش ئادەمنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۆتكەن؛ كەمسىتىش، باراۋەرلىكنىڭ ئورنىغا ئۆتكەن؛ ھىيلە ـ مىكىر، يۈزسىزلىك، ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ ئورنىغا ئۆتكەن؛ مىللىي زۇلۇم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن نىقابلانغان جەمئىيەتتۇر.

بۇنداق جەمئىيەتتە ئىمتىيازلىق تەبىقە ھوقۇق ۋە ئىقتىسادنى مونوپولىيە قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بولىدۇ. جەمئىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىش ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى تەقسىملەش جەريانىدا ئادالەتتىن يىراقلىشىپ، قانۇنلۇق رىقابەتلىشىش شارائىتلىرىنى قانۇننىڭ سىرتىدا ئىگىلىۋالىدۇ. مونوپولىيە قىلىش كۈچىگە ۋە ئەۋزەل شارائىتلارغا تايىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بازارغا قاتنىشىش ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالىدۇ. مەسىلەن: كېۋەز تېرىپ پاختا ئىشلەپچىقارغۇچى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كىلوگرام پاختىنى باھا قويۇپ سېتىش ھوقۇقى بارمۇ؟ ئىشلەپچىقارغان پاختىنى ئەركىن بازارغا ئېلىپ كىرىش، ئەركىن سودا قىلىش ھوقۇقى بارمۇ؟ ئىشلەپچىقىرىش

خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش مەنبەلىرىنى، تەبىئىي بايلىقلار مەنبەلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تىزگىنلەش ھوقۇقى بارمۇ؟ ھەتتا، ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارغا ئۆزلىرى ئىگە بولۇش ھوقۇقى بارمۇ، يوق؟ دېمەك، بۇ جەمئىيەت ــ سودا ـ تىجارەت ئەخلاقى بولمىغان، ھەر كىم خالىغىنىنى قىلىدىغان (ئەخلاقنىڭ سىرتىدا) مەنپەئەت ئالدىدا ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان، «مەدەنىيەتلىك قاراقچىلار» ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدىغان مۇستەملىكە جەمئىيەتتۇر. بۇ جەمئىيەت خىتايلارنىڭ دېگىنى دېگەن؛ خىتايلارنىڭ قىلغىنى قىلغان؛ خىتايلار ئىچكى چەكلىمىگە ياكى تاشقى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، پەقەت خىتايلارنىڭ مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق تەشكىللەنگەن جەمئىيەتتۇر. بۇنداق جەمئىيەتتە ئۇنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى بىلەن بۇنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى، ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى بىلەن، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى ئوت بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇناسىۋەتلەر ھوقۇق، باستۇرۇش مېخانىزمى بىلەن تەڭشىلىپ تۇرىدۇ. يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا مەنپەئەت تەلەپلىرىدە ئىپادىلەنگەن زىددىيەتلەر كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان ھايات ـ مامات كۈرىشىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئالدامچىلىق، كاززاپلىق، يالغانچىلىق، مۇتىھەملىك، يالىڭاچ زوراۋانلىق ۋە نىقابلانغان زوراۋانلىق ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق ئومۇميۈزلۈك چۈشكۈنلىشىدۇ. خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ پەقەت ئىنقىلاب ئارقىلىقلا بىر تەرەپ قىلىش

كېرەك. ئىنقىلاب قىلىدىغان ئۇيغۇرلار قېنى؟ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قىلىشى يىمىرىلدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى قارايۈزلۈك بىلەن ساختىپەزلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. كىشىلەر مەنىۋى نامراتلىقتا، ئىقتىسادى نامراتلىقتا يۈزلەندى. قۇتقۇزغۇچى ئاللاھ كارامىتىڭنى كۆرسەت؟

**مىللەتلەر...**

1999 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

«مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش»، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىتابنامىلىرىدا، قانۇنلىرىدا بىر خىل ھوقۇق بولۇپ بەلگىلەنگەن. بۇ ھوقۇقلار ئاساسلىقى ئىككى تەرەپلىك مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ھوقۇق سۇبيېكتى؛ ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ھوقۇق ئوبيېكتى ئىدى.

ھوقۇق سۇبيېكتى دېگەنلىك يەنى قايسى مىللەتلەر «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ئىككىنچى ھوقۇق ئوبيېكتى، «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

خىتاينىڭ مىللەتچى قانۇنشۇناسلىرى «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» پرىنسىپىنىڭ ھوقۇق سۇبيېكتى بۇ، خەلق، مىللەت ئەمەس، دەپ تىلىنى چايناپ مىللەتنىڭ ئوخشاشلا بىر خەلق ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ ئوخشاشلا بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلماقچى بولدى. خىتاينىڭ مىللەتچى قانۇنشۇناسلىرى 1952 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ماقۇللانغان «خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش توغرىسىدا»، ماۋزۇلۇق قارارىدا «خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى» قاتارلىق ئۇقۇملاشقان ھوقۇقلارنىڭ بىر قانۇندا ئوخشاش ئىشلىتىلگەنلىكىنى؛ 1960 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ماقۇللانغان «مۇستەملىكە ئەللەر ۋە خەلقلەرگە

مۇستەقىللىق بېرىش» خىتابنامىسىدە خەلق، دەپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى؛ «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسى»دىمۇ «خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى» دېگەن جۈملىدە «خەلق» دېگەن ئىسمىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى؛ 1966 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىيات ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نىڭ 1 - قىسىم 1 - ماددىسىدا: «بارلىق خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەنلىكىنى؛ يەنە شۇ يىلى شۇ كۈندە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نىڭ 1 - قىسىم 1 - ماددىسىدا: «بارلىق خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى بار»، دەپ بەلگىلەنگەنلىكىنى؛ 1970 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ھەرقايسى دۆلەتلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرىگە تايىنىپ، دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش توغرىسىدا خەلقئارا پرىنسىپلار خىتابنامىسى»نىڭ ۋە «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەڭلىك ھوقۇق ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش پرىنسىپى» دېگەن بۆلۈكىدە، «ھەرقايسى مىللەتلەر» دەپ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى؛ 1975 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماقۇللانغان «ھېلسىنكى خىتابنامىسى»نىڭ 8 - تارمىقىدا «باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» ماۋزۇلۇق بەلگىلىمىسىدە «باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز

تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» پرىنسىپىغا ئاساسەن ھەرقايسى مىللەتلەر باشتىن ـ ئاخىر ئۆزلىرى خالىغان ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، تاشقىرىنىڭ ئارىلىشىشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، پۈتۈنلەي ئىختىيارى رەۋىشتە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىي ئورنىنى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرغان، يۇقىرىدا بىردە مىللەت، بىردە خەلق ئىسىملىرىنىڭ ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرغان خىتاينىڭ مىللەتچى قانۇنشۇناسلىرى خەلقئارا ھەققەت ۋە خەلقئارا قانۇنلار ئالدىدا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ: «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى» دېگەن بەلگىلىمىنى «خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى» دەپ ئاتىساق تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ؛ «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» دېگەن ئۇقۇم ئۇزۇندىن بېرى ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقاچقا بۇنى داۋاملىق ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن خالاس» دەيدۇ.

خىتاينىڭ مىللەتچى قانۇنشۇناسلىرى تىلىنى چايناپ تۇرۇپ: «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» ۋە خەلقلەرنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى» قاتارلىق قانۇنغا خاس ئۇقۇملارنىڭ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرىدە ۋە قانۇنلىرىدا ئوخشاش ئورۇندا ئوخشاش ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، «بۇ يەردە ئۈچ يۈز سەر تەڭگە يوق» دېگەندەك، مەقسەتلىك يەنە غەيرىي سىياسىي چۈشەنچىلەر ئارقىلىق شەرھلەپ بۇ ئۇقۇملارنى پەرقلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ يۈرمەكتە.

پەرقلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتىن پەيدا بولغان گراماتىك نەتىجىلەرگە ئاساسلىنىپ، خىتاي مىللەتچىلىرى ئۇيغۇرنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى، ئۇيغۇرنىڭ مىللەتلىك ئالاھىدىلىكىنى يوقىرىقى قانۇنلارغا تويغرا كېلىدىغان ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي سۇبيېكت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ ھېسابىدىكى «خەلق» كاتېگورىيىسىگە ئايرىپ «خىتاي خەلقى»، «جۇڭگو خەلقى» دەيدىغان ئابستراكت ئىسىملارنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋەتمەكچى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى خەلق نامىدىمۇ ئۆزىگە خاس بىر خەلق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشماقچى بولۇشتى. ئىنكار قىلىش ئارقىلىق «خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» دەيدىغان ئۇقۇملارنى «خىتاي خەلقى»گە تەتبىق قىلىپ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» ھوقۇقلىرىنىڭ پەقەت «خىتاي خەلقىگىلا»، «ئاتالمىش جۇڭگو خەلقىگىلا» تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشتى.

* * * * *

مىللەتچى خىتاينىڭ قانۇنشۇناسلىرى خىتاي خەلقى غەيرىي بىر خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنى يوق؛ خىتاي خەلقى غەيرىي ئېتنىك مىللەتلەرگە مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنى يوق؛ دەيدىغان، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنىڭ قىياپىتىگە تۈپتىن قارشى كېلىدىغان سىياسىي پىكىرلەرنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولۇشتى. قىسقىسى، خىتاينىڭ مىللەتچى قانۇنشۇناسلىرى ئۇقۇمدىن ئۇقۇمغا سەكرەپ، خىتاينىڭ سىياسىي تەپەككۇر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ سەپسەتىلەرنى يەنىلا سەكرەش

تاختىسغا ئايلانـدۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرى ۋە مادداشقان قانۇنلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى ۋە بۇ مەزمۇنلارنىڭ قاراتمىلىقا ئىگە خاسلىقىنى ۋە خاراكتېرىنى بۇرملاشقا ئۈرۈندى.

ئۇنداقتا، خىتاينىڭ مىللەتچى قانۇنشۇناسلىرىدىن سوراپ باقايلىكى، «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» ھوقۇقلىرىنىڭ سۇبيېكتى مىللەت ئەمەس، خەلق بولىدىغان بولسا، خەلق دېگەن ئۇقۇم بۇ يەردە قانداق تەبىرگە ئېرىششى لازىم؟

«شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى» 1979 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئوكيانوس»تا، «خەلق» دېگەن كاتېگورىيىگە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخى مەزگىللىرىدە خەلق دېگەن ئۇقۇم ئوخشاش تەبىرگە ئېرىشمىگەن، ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلارغا ئىگە بولغان ئىدى. ئېلىمىزنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە، ياپونغا قارشى تۇرىدىغان بارلىق سىنىپلار، قاتلاملار ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دائىرىگە كىرەتتى. ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە، بيۇروكرات بۇرژۇئازىيىگە ۋە پومېشچىكلارغا ھەمدە بۇ سىنىپقا ۋەكىللىك قىلىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق قاتلام ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى خەلق دائىرىسىگە كىرەتتى. سوتسىيالىزم دەۋرىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان، قوللايدىغان، قاتنىشىدىغان بارلىق سىنىپلار ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى خەلق دائىرىسىگە كىرىدۇ، دەيدۇ.

«خەلـق» دېـگەن ئۇقۇمغـا بېـرىلگەن خىتـايچە تەبىرنىـڭ مەزمۇنىغـا قارىغانــدا، خىتــاي كوممۇنىــستلىرىنىڭ سىياســتىنى ۋە ھۆكـۈمرانلىقىنى قـوللاش ـ قوللىماسـلىق ئالـدىنقى شـەرتى ئاسـتىدا مـۇئەييەن مەزگىلـدە، مۇئەييەن دەۋردە «خەلق» دېگەن ئۇقۇمغا بېرىلىـدىغان تەبىرمـۇ پەرقلىـق بولىـدىكەن، خىتـاي كوممۇنىـستلىرىنى قوللىغـانلار خەلـق، قوللىمىغـانلار «خەلــق» ھېــسابلانمايدىكەن. دۇنيــادا بۇنىڭــدىن ئــارتۇق تېتىقــسىز سىياســي مەنــتىقە بولامــدۇ؟ بىــر دۆلەتــتە پۇقرالارنىــڭ ئــۇ سىياســي پــارتىيىنى قوللىــشى يــاكى بــۇ سىياســي پــارتىيىنى قوللىماسـلىقى شـۇ دۆلەت پۇقرالىرىنىـڭ سىياسـىيغا ئارىلىـشىش دائىرىـسىدىكى ھوقۇقىغـۇ، بۇ؟!

ئۇيغۇر خەلقى 50 يىلـدىن بېرى ۋادا ـ ۋادا خىتايلارنىـڭ ھەرقانـداق سىياســتىنى، جۈملىــدىن ئۇيغۇرلارغــا مىللىــي ھۆكۈمرانلىــق قىلىــشىنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە ھەر ئىككى يىلدا بىـر قېتىم نامـايىش قىلىپ كۆتۈرۈلـۈش ئـارقىلىق خىتايىنىـڭ مىللىـي ھۆكۈمرانلىقىغـا قارشـى تــۇرۇپ كەلــگەن خەلقتــۇر، شــۇڭا خىتــاي مىللەتچىلىــرى ئۆزىنىــڭ نەزىرىـدىكى «خەلـق» كاتېگورىيىـسىگە ئۇيغـۇر خەلقىنـى كىرگۈزەلمەيـدۇ ۋە قەلەمنىڭ كۈچى ئـارقىلىقمۇ سىڭدۈرەلمەيدۇ، شـۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىـڭ مىللىي تەركىبىنىمۇ ئىنكار قىلالمايدۇ.

«ئوكيـانوس» تـا خىتايىنىـڭ مىللەتچـى نەزەرىيىچىلىـرى «مىلـلەت» دېــگەن خــاس ئىــسىمغا مۇنــداق تەبىــر بەرگەن: «ئومــۇمەن تارىختــا شــەكىللەنگەن، ئورتــاق بولمىغــان تــارىخى تەرەققىيــات باســقۇچىدا تۇرغان ئۇرۇقلارنىڭ ئورتـاق گەۋدىسى، مەسىلەن، ئىپتىـدائىي مىلـلەت، قەدىمكـى مىلـلەت ۋە ھـازىرقى زامـان مىللەتلىـرى قاتـارلىقلار ‹مىلـلەت››»

دەپ ئاتىلىدۇ، دەيدۇ. خىتاي مىللەتچىلىرى مىللەت دېگەن ئىسمنىڭ تېخى يېقىنقى دەۋرلەردىلا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ: «بۇ ئەھۋال ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ۋە دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش دەيدۇ. (بۇ دېگەنلىك خىتاي مىللىتى تېخى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىلا ئۆزىنىڭ مىللەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى دېگەنلىكتۇر). مىللەت دېگەن ئىسىمغا يەنە باشقا تەرەپتىن تەبىر بەرگەن خىتاي مىللەتچىلىرى «ئومۇمەن تارىختا شەكىللەنگەن ئورتاق تىلغا، ئورتاق تېررىتورىيىگە، ئورتاق ئىقتىسادى تۇرمۇش ھەمدە ئورتاق مەدەنىيەتكە، ئورتاق روھى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان مۇقىم ئورتاق گەۋدە مىللەت، دەپ ئاتىلىدۇ»، ـ دەيدۇ. بۇ تەبىرگە ئاساسلانغاندا تەيۋەن جۇڭگونىڭ زېمىنى بولالماي قالىدىغۇ؟ ھەتتا، تەيۋەندىكى خىتايلارمۇ خىتاي بولالماي قالىدىغۇ؟

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك، خىتاي مىللەتچىلىرى «ئوكيانوس»تا، مىللەت كاتېگورىيىسى ۋە خەلق كاتېگورىيىسگە يۇقىرىقىدەك تەبىر بەرگەن بولسا، خىتاي تىلىدا يېڭىلا نەشر قىلىنغان «كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» دېگەن كىتابتا خەلق دېگەن ئۇقۇمغا مۇنداق تەبىر بەرگەن:

1 . غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا (شەرق مۇستەملىكىچىلىرى يوقمىكەن) مىللىي ئازادلىقنى، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقلەر (دېمەك، بۇ يەردە مىللىي ئازادلىقنى تەلەپ قىلغۇچىلار مىللەت ھېسابلانسا، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلار خەلق ھېسابلاندى). 2 . چەت دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئىشغالىيىتى ئاستىدا

تۇرۇۋاتقــان دۆلەت خەلقلــىرى. 3 . ئىگىلىــك ھوقۇقلــۇق دۆلەتنىــڭ ئومۇمى ئەزالىرى، بۇلار «خەلق» بولىدىكەن.

«خەلق» دېگەن خاس ئىسمغا، خىتاي مىللەتچىلىرى 1 ـ مىسالدا تەبىر بەرگەنـدەك، بىزمـۇ ئـۆزىمىزگە خـاس تەبىـر بېرىــپ، ئۇتتۇرىغـا قويمــاقچى بولغــان پىكرىمىزنــى ئوخــشاش جــۈملە شــەكلىدە ئىزھــار قىلىــدىغان بولــساق، مەســىلەن: «غەرب مۇســتەملىكىچىلىرى» دېــگەن ئىبارىنى «خىتـاي مۇسـتەملىكىچىلىرى» دېـگەن جـۈملىگە ئۆزگەرتـسەك، ئۇنداقتا:

1 . خىتـاي مۇسـتەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكـۈمرانلىقى ئاسـتىدا مىللىـي ئازادلىقنى، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتـۈرۈش ئۈچـۈن كـۈرەش قىلىۋاتقان خەلقلەر «خەلق بولىدۇ»، شۇڭا بۈگۈن ئۇيغـۇر خەلقـى، تىبەت خەلقى خىتـاي مىللەتچىلىرىنىـڭ مىللىـي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىـي ئازادلىقنى، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتـۈرۈش ئۈچـۈن كـۈرەش قىلىۋاتقـان خەلقلـەردۇر. جـۈملىنى شـۇنداق تـۈزۈش ئـارقىلىق خىتـاي مىللەتچىلىرىنىــڭ گراماتىــك خاتــالىقىنى، لوگىكىلىــق خاتــالىقىنى شــۇلارغا مۇناســىۋەتلىك تــارىخى ۋە سىياســىي خاتــالىقىنى تــۈزەتكەن بولدۇق.

* * * * *

چۈنكى غەربنىڭ مۇستەملىكە قىلىشىغا ئۇچرىغـان بـارلىق مىللەتـلەر ۋە خەلقلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، 70 ـ يىلــلاردا غەرب دۇنياســى مۇســتەملىكە سىستېمىــسىنىڭ غەربــتە يىمرىلگەنلىكىنــى، مۇســتەملىكىچىلىك غەربــتە ئاخىرلاشــقانلىقىنى

تەنتەنىلىك جاكارلىغان ئىدى. ھەتتا، تېخى تۇنۇگۈنلا غەربلىكلەر شاڭگاڭ، ئاۋمىنلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان زېمىنلارنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەردى. ھازىر غەربتە قايسى دۆلەت مۇستەملىكىچى؟ ھازىرقى دۇنيادا خىتايلاردىن باشقا يەنە قانداق مۇستەملىكىچى دۆلەت بار؟ خىتاي مىللەتچىلىرى بىزگە كۆرسىتىپ بېرەلەمدۇ؟

خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ «خەلق» ئۇقۇمى توغرىسىدىكى 2 ـ خىل تەبىرىگە ئاساسلانغاندا، چەت ئەل دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي ئىشغالىيىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە خەلقلەر «خەلق» ھېسابلىنىدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇيغۇرىستان ھەربىي تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان دۆلەتمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇرلار 1944 ـ يىلى 2 ـ قېتىم دۆلەت قۇرغان ئەمەسمىدى؟ 1949 ـ يىلى كوممۇنىست بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان خىتايلار ئۇيغۇرىستانغا ھەربىي تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئەمەسمىدى؟ ئۇيغۇرىستان چەت ئەلنىڭ ھەربىي تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان دۆلەت ھېسابلىنامدۇ، ھېسابلانمامدۇ؟

خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتنىڭ ئومۇمى ئەزالىرى «خەلق» ھېسابلىنىدىكەن، نېمىشقا ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، خىتاينىڭ ئىچكى ئۇرۇشى دەۋرىدە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق پۇقرالىرى ياكى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتنىڭ ئومۇمى ئەزالىرى «خەلق» ھېسابلانماي، تېخى ئىگىلىك ھوقۇق يارىتالمىغان كوممۇنىست خىتايلارنى قوللىغۇچى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار خەلق ھېسابلانغان ئىدى؟ ئىككى قېتىملىق تيەنئەنمېن ۋەقەسىدە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھاكىم مۇتلەق

ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خىتاي ئاممىسى خەلق ھېسابلىنامدۇ ياكى دۈشمەن ھېسابلىنامدۇ؟ 1997 - يىلى 5 - فېۋرال ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە خىتايغا قارشى مىللىي ئازادلىق شوئارىنى توۋلاپ قوزغالغان خەلق ئۇيغۇر ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئاتالمىش ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتنىڭ خەلقى بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە ئىگىلىك ھوقۇق، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى؟ چۈنكى، ئۇلار «مىللىي بۆلگۈنچىلەر» ئىدى. ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ئىدى، شۇنداق ئەمەسمىدى، خىتاي مىللەتچىلىرى.

ئۇيغۇرلار خىتاي خەلقىگە يات خەلق، خىتاي مىللىتىگە يات مىللەت ئىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە، ئارمىيە، ساقچى دېگەنلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمەس ئىدى، بەلكى خىتاي خەلقىگە مەنسۇپ بولغان دۆلەت كۈچى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنى باستۇرىدىغان بىر مىللەت خىتاينىڭ باستۇرۇش قورالى ئىدى. بۈگۈن ئۇيغۇر خەلقى قانداقلارچە خىتاي خەلقىنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ قاپتۇ؟ مىللەت كاتېگورىيىسى بىلەن خەلق كاتېگورىيىسىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق خىتاي قانۇنشۇناسلىرىنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتى زادى نېمە؟

ھەرقانداق ئۇقۇم قايتا لوگىكىلىق ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان كاتېگورىيىگە ئايلىنىپ پەلسەپە ساھەسىگە كىرىپ كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مىللەت ۋە خەلق كاتېگورىيىلىرى ساپ پەلسەپە تەتقىق قىلىدىغان كاتېگورىيىلەر ھېسابلانمىسمۇ، كاتېگورىيە ئورنىدا سىياسەت پەلسەپىسى ۋە سىياسىي سوتسىئولوگىيە ساھەسىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان كاتېگورىيىلەردۇر. بۇ ئەھۋاللار بۇ

كاتېگورىيىلەرنىڭ تارىخىيلىقى ۋە ئىجتىمائىيلىقىنى بەلگىلىگەن. تارىخىيلىق بۇ كاتېگورىيىلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى چەتكە قاقمىغاندەك، بۇ كاتېگورىيىلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقىمۇ ئوخشاشلا شۇ كاتېگورىيىلەرنىڭ تارىخىيلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ. «مىللەت» ۋە «خەلق» ئۇقۇملىرىنى ھەم تارىخي كاتېگورىيە ھەم ئىجتىمائىي كاتېگورىيە، دەپ چۈشەندۈرگەن خىتتاي قانۇنشۇناسلىرى تارىخىيلىق بىلەن ئىجتىمائىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتنى قەستەن مۇجمەللەشتۈرۈپ، مىللەتنى باشقا بىر گەۋدىگە، خەلقنى يەنە باشقا بىر گەۋدىگە ئايرىپ تاشلايدۇ. بۇ يەردە ھەرقانداق تارىخي ۋەقەلەرنىڭ ۋە تارىخي مەۋجۇدلۇقنىڭ ئەينى چاغدا ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ۋە ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغۇچى خىتاينىڭ قانۇنشۇناسلىرى ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ۋە ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇقنىڭ تارىخىيلىقىنىمۇ ئوخشاشلا ئىنكار قىلغۇچى قانۇنشۇناسلاردۇر.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خىتاينىڭ ئىچكى ئۇرۇشى دەۋرىدە يۈز بەرگەن قوراللىق ۋە قوراللىسىز ۋەقەلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئوخشاشلا بۇ ۋەقەلەرنىڭ تارىخىيلىقىنى بەلگىلىگەن بولسا، ئەكسىچە بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقى يەنە شۇ ۋەقەلەرنىڭ تارىخىيلىقىنى بەلگىلىگەن. خىتاي ئىنقىلابىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى — شۇ دەۋردىكى جاپاكەش مەملىكەتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى مىللىي ئىنقىلاب بولۇش خاراكتېرى بولۇپ بەلگىلەنگەن ئىكەن، بۇ ئىنقىلابقا ئىشتىراك قىلغۇچى خەلقلەر بۇ يەردە يەنىلا خىتاي خەلقى ھېسابلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ خەلق باشقا بىر خەلق ئەمەس، بەلكى ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ماكان قىلىپ

ياشــغان ختــاي مىللىتــدۇر. شۇڭلاشــقا، شــۇ ئىــنقىلاب دەۋرىگــچە ئۆزىنىــڭ بىــر مىلــلەت ئىكەنلىكىنــى تولــۇق ۋە ئۇنۇملــۇك چۈشــەنمىگەن ختــاي خەلقــى ئۆزىنىــڭ ئېقىنقــى زامــان تارىخىــدا يــۈز بەرگەن مىللىــي ئىــنقىلاب دەۋرىــگە ئائىــت ئىنقىلابىنىــڭ خــاراكتېرىگە مۇناســىۋەتلىك «مىلــلەت» كاتېگورىيىــسىنى ئەمــدىلا چۈشىنىــشكە باشــلىغان ختــاي تارىخىنىــڭ پەقەت ختــاي بىلەنــلا خۇشــاللىقلار ۋە تەئەججۈپلــۇقلار هاســـــىل قىلالايــــدىغان ســــەھىپىلىرىدە مىللەتنــــى ۋۇجۇدقــــا كەلتۈرگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن مىللەتتۇر.

شۇڭا، بۇ يەردە مىللەت ۋە خەلق كــاتېگورىيىلىرىنى، ئۇقــۇملارنى سـۆز ۋە تىلــدا ئىــشلىتىش جەھەتــتە گراماتىــك قۇرۇلمــا پەرقلىرىنــى چىــڭ تۇتۇۋېلىــپ، ئوخــشاش مەنىلىــك، لــېكىن شــەكلى پەرقلىــق بولغــان ئۇقــۇملار ئىكەنلىكىنــى ئىنكــار قىلىــپ، بــۇ ئۇقــۇملارنى شــەكلى پەرقــلەر ئىچىــدە پەرقلىــق مۇقىملاشــتۇرۇپ كۆرستىــشكە ھەرىــكەت قىلغــۇچى ختــاي مىللەتچىلــرى پۈتــۈنلەي باشــقا سىياســي غەرەزگە ھامىلــدار بولغــانلىقىنى ئۆزگىرىۋاتقــان خەلقئــارا ۋەزىــيەت ئالدىــدا مىللىــي مەســىلە بــويىچە ئەندىــشە ئىچىــدە ئــۆزىنى يوقىتىــپ قويــۇپ، خــۇدىنى بىلمــگەن مىللەتچىلەردۇر.

كــۆز قارىــشىمىزنىڭ تــوغرىلىقنى ئىــسپاتلاش كېــرەكلا بولىــدىغان بولسا، ختاي مىللەتچىلىرىنىــڭ تىلــى ۋە قەلىمــى ئــارقىلىق ئومۇملاشقان ھالەتتە سىياسي ساھەگە كىرىپ كەلــگەن خەلــق ۋە مىلــلەت ئىــسىملىرى توغرىسىدا ختاي مىللىتىنىڭ پايدىــسىنى كــۆزلىگەن، ختــاي خەلقىنىــڭ داھىيلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايلۇق.

«جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى» توغرىسىدا يېزىلغان «ئاق تاشلىق كىتاب»تا: مەۋجۇدلۇق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭگو خەلقى تارىخى يوسۇندا ئاۋۋال ھەل قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بولۇپ قالغان ئىدى»، «دۆلەت مۇستەقىل بولمايدىكەن، خەلقنىڭ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ؛ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئامىلدۇر. شۇڭا مەۋجۇدلۇق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاۋۋال دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك» دەپ يېزىلغان. يەنە مىسال كەلتۈرەيلۇق، «بىز دۆلىتىمىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمىز؛ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى ئالىي ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىمىز؛ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز؛ دۆلەتنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز؛ مىللىي غۇرۇرىمىزنى يوقىتىۋەتمەيمىز» (دىڭ شياۋ پىڭنىڭ پرېزىدېنت نىكسون بىلەن كۆرۈشكەندە سۆزلىگەن سۆزى). يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلۇق: «بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا كىشىلىك ھوقۇق ئاۋۋال خەلقنىڭ مەۋجۇدلۇق ھوقۇقى ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقىدۇر. ئەگەر نېگىرلىك بۇ ئىككى شەرت كاپالەتكە ئىگە بولمايدىكەن، كىشىلىك ھوقۇقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ» (خىتاينىڭ سابىق مىنىستىرى لى پىڭنىڭ پرېزىدېنت كاتېر بىلەن كۆرۈشكەندە سۆزلىگەن سۆزى). يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلۇق: «كىشىلىك ھوقۇق ناھايىتى كەڭ مەنىلىك ئۇقۇم. بۇ ئۇقۇم سىياسىي ھوقۇق، مەۋجۇدلۇق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى، مىللەت ۋە ئېرىقلارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە

ئالدۇ» (ختاينىڭ سابىق مىنىستىرى لى پېڭنىڭ ياۋروپا پارلامېنتى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشكەندە سۆزلىگەن سۆزى).

ختاينىڭ سىياسەتۋازلىرى، ختاينىڭ رەھبەرلىرى دىك ۋەلىلارنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىدە «مىللەت» ۋە «خەلق» دېگەن ئىسىم ۋە ئۇقۇملار ئوخشاش بىر ئورۇنغا قويۇلغان ئىكەن، جۈملىدە ئوخشاش سىياسىي مەنىنى كۆرسىتىپ تۇرغان ئىكەن، ئۇنداقتا ختاينىڭ قانۇنشۇناسلىرى نېمىشقا «خەلق» ۋە «مىللەت» دېگەن ئۇقۇملارنى شەكىلگە قاراپلا بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرمەكچى بولۇپ قالدى؟ چۈنكى، 1 ـ ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چىڭ خۋا سۇن 1997 ـ يىلى 10ـ ئايدا، 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1966 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىيات ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا، يەنە شۇ يىلى شۇ كۈندە ماقۇللانغان «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا ئىمزا قويدى.

2 . «ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىيات ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نىڭ 1 ـ قىسىم 1 ـ ماددىسىدا: «بارلىق خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نىڭ 1 ـ قىسىم 1 ـ ماددىسىدىمۇ: «بارلىق خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار»، دەپ بەلگىلەنگەن. ختاي ھۆكۈمىتى بۇ قانۇنلارنى تەستىقلاپ يولغا قويۇپ، ئىجرا قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا، تىبەتلەرگە

تەتىبقلاپ، بىر خەلق ئۇرنىدا مۇئامىلە قىلىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بېرىش كېرەك، تە!

3 . دەل شۇنداق ھوقۇق بېرىش، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ سىياسىي تالاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، خەلقئارا بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى سېزىپ يەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە تەتۈرسىچە جاھىللىق قىلىپ «پەقەت خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى يوق» دېمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنى مىللەت سۈپىتىدە ئىنكار قىلىپ، خىتاي تىلىدىكى جۇڭگو خەلقى نامى ئاستىدا مىللەتنى غايىب قىلىۋەتمەكچى، سىياسىي دەۋانىڭ ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

## ئادەملەر...

1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

ئادەملەردە ئۆزىنى ساقلاش، ئۆزىنى قوغداش قاتارلىق تەبىئىي ھوقۇقلار بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنداق ھوقۇقلار ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلغاندىن باشقا، جەمئىيەتتە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي قارىمۇ قارشىلىق پەيدا قىلغانلىقتىن، جەمئىيەتتە مۇكەممەل بىردەكلىكنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ جون لاكنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «تەبىئىي ھالەتتىن ئىجتىمائىي ھالەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن بىر خىل توختامنامە، بىر خىل ئەھدىنامە ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك تەبىئىي ھوقۇقلارنى دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.» بۇنداق دۆلەت قانۇن ـ نىزام تەرتىپلىرى ۋە قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ تەبىئىي ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان دۆلەتتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا دۆلەتنى بىر خىل ئورتاق گەۋدە دېگەندىن كۆرە، دۆلەتنى بىر خىل تاشقى قۇرۇلما دېسەكمۇ بولىدۇ. دۆلەتنىڭ داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ئورتاق جەمئىيەتكە ئوخشاش نوپۇزغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى دۆلەت ھوقۇقىغا تايىنىپ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. دۆلەت ئۇقۇمى ئارقىلىق پۇقرالار جەمئىيىتىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇشنى سىناپ كۆرگەن پەيلاسوپ گېگېل: «دۆلەت فېدېراتسىيىلىك رېسپۇبلىكا ئەمەس، بەلكى كىشىلەر بىلەن ئورتاق تەقدىرگە ئىگە بولىدىغان مىللىي دۆلەتتۇر» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. دۆلەتنىڭ زېمىنى ئىپتىدائىي تەبىئىي تۇپراقلارلا ئەمەس، بەلكى مەلۇم مىللەت شۇ تۇپراقتا ياشىغان، ياشاۋاتقان، شۇ تۇپراقنى ئاينىتقان مىللىي پۇقرالار

كـۆكەرتكەن زېمىنــدۇر. «دۆلەت تېررىتــورىيە يــاكى بىــر خىــل زېمىــن كەڭلىكلا ئەمەس، بەلكى مىللــي روھنىــڭ ماكانىــدۇر» دەيــدۇ، گېگىــل. شــۇڭا بــۇ يەردە مىللەتنىــڭ مەۋجۇدلــۇقى ئېنىــق بولــۇپ، مىلــلەت تاشقى قۇرۇلما ھېسابلانغان دۆلەتتىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ.

مىللــي مەدەنىــيەت ۋە پــۇقرالار مەدەنىيىتــى ئالاھىــدىلىكىگە ئىــگە بولغــان ســەنئەت، ئىلمــى پائــالىيەت ۋە دىــن ۋەكىللىــك قىلىــدىغان مەدەنىـــــيەت ـــ مەدەنىيەتنــــى چۈشـــــىنىش ۋە بـــــۇ مەدەنىيەتنىـــــڭ مەزمــۇنلىرىنى تەرەققىــي قىلــدۇرۇش ئۈچــۈن، ناھــايىتى يۈكــسەك مىللــي ھېســسىيات ۋە ناھــايىتى يۈكــسەك ئەقىــل ـ پاراســەت بولۇشــى كېــرەك. شــۇڭا بىــز داۋاملىــق تەكرارلايــدىغان مەدەنىــيەت قىمــمەت قاراشــلىرى ئەمەلىيەتــتە بىــر خىــل مەدەنىــيەت مۇھىتىــدا پەيــدا بولغــان مەدەنىــيەت قىمـــمەت قارىـــشىدۇر. بىـــر دۆلەتـــتە، شـــۇنداق مەدەنىـــيەت قىمـــمەت قاراشــلىرى ئاساســدا تەشــكىللەنگەن مەدەنىيەتنىــڭ ئورتــاق گەۋدىــسى بولىــدۇ. كۆزقــاراش جەھەتــتە، تەشــەببۇس جەھەتــتە مەدەنىــيەت ئورتــاق گەۋدىــسىنى ئورتــاق جەمئىــيەت ۋە مەنپەئەتــدار جەمئىيەتنىــڭ ئومــۇمى ھـــالىتى دەپ ئاتـــايمىز. بـــۇ يەردە ئالـــدىنقى جـــۈملە مەزمۇنىنىـــڭ سوبىستانـــسىيىلىك خـــاراكتېرىنى، كېيىنكـــى جـــۈملە مەزمۇنىنىـــڭ ئېنىكلىــق شــەكلىنى ئىنكــار قىلىۋەتتــۇق، ئىنكــار قىلىــشتىن ھاســىل بولغـــان قاراشـــلارنى دۆلەت ئۇقۇمىغـــا بىرلەشـــتۈرگەندىمۇ، بۇنـــداق بىرلەشتۈرۈشــتىن پەيــدا بولغــان مەدەنىــيەت دۆلىتــى دېــگەن ئۇقــۇمنى ھەرگىــز بىۋاســتە مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

گېگىلنىــڭ پەلــسەپە سىستېمىــسىدا: «دۆلەت ئوبيېكتىــپ روھ» دەپ كۆرستىلگەن. ئېنىقكى «ئوبيېكتىـپ روھ»نىـڭ ئۈسـتىدە يەنە «مـۇتلەق

روھ» بولىدۇ. سەنئەت، دىن، پەلسەپە دەل مۇشۇنداق مۇتلەق روھقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت ھالەتلىرى مەزمۇن جەھەتتە تارىخى ئۆزگىرىشتىن ئايرىلىپ كېتەلمىگەچكە، مۇتلەق بىر نەرسىگە يۈزلەنگەن بولىدۇ. بۇ يۈزلىنىش دۆلەتتىن ھالقىپ كەتكەن يۈزلىنىشتۇر. دېمەك، بۇ يەردە مەدەنىيەت پۇقرالار مەدەنىيتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەت تارىخىدا بويسۇندۇرۇلغان يۇنانلىقلار ئىلىم ـ پەن، سەنئەت، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بويسۇندۇرغۇچى رىملىقلارنى بويسۇندۇرغاندەك، تاجاۋۇز قىلىپ ھىندىستاننى بويسۇندۇرغان مۇڭغۇللارنى (سابىت ئابدۇرەھمانىنىڭ كىتابى «ئۇيغۇرنامە»دە بابۇر ئۇيغۇر بولۇپ چىقتى) مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى ئارقىلىق ھىندىلار بويسۇندۇرغاندەك، تاجاۋۇزچىلىق ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغان قالماقلارنى، مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بويسۇندۇرغاندەك. دېمەك، دۆلەت تارىخى بىلەن مەدەنىيەت تارىخى ھەرگىز ماس قەدەمدە بىردەكلىككە ئىگە بولالمايدۇ.

ئەگەر سەنئەت، دىن ۋە پەلسەپىنى دۆلەت بىلەن بىرگەۋدىلەشتۈرۈپ، دۆلەت گەۋدىسىگە تەشكىللەنمىگەن 2 ـ بىر خىل مەدەنىيەتنى قىممەتسىز، ئېتىبارسىز، تاسادىپى بىر نەرسە دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا دۆلەت ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان خەتەرلىك يولغا قەدەم تاشلىغان بولىدۇ. ئالايلۇق، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بۇددىزم پەلسەپىسى بىلەن ماركسىزم پەلسەپىسىنى بىرلەشتۈرۈپ دۆلەتنىڭ گەۋدىسىگە تەشكىللىدى؛ ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئىسلام پەلسەپىسىنى دۆلەت گەۋدىسىدىن چەتكە قېقىۋەتتى. ئۇيغۇرلارغا

مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلام دىنىنى دۆلەت گەۋدىسىگە بىرلەشتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە دىنىنى يوقىتىش، دىنغا قارشى خىتاينىڭ دۆلەت سىياسىتىنى ئاشكارا سىياسەتكە ئايلاندۇردى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىر مىللەتكە خاس بولىدىغانلا بولسا، مىللىي روھنىڭ خاسلىقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت روھنىڭ خاسلىقىنى، ئۆزگىچىلىكىنى بەلگىلەيتتى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى خىتاي دۆلىتىگە بىرلەشتۈرگەندە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مىللىي خاسلىقى، مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تامام ئىنكار قىلىپ، ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى، خىتاينىڭ دۆلەت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا دۆلەت ئاپپاراتىغا تەشكىللەنمىگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئالدىدا قىممەتسىز، ئېتىبارسىز، تاسادىپىي مەدەنىيەت بولۇپ قالدى. مەدەنىيەت يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تۇنجۇقتۇردى. شۇنداق قىلىش ئۈچۈن خىتاي مىللەتچىلىرى ئەڭ خەتەرلىك يول ھېسابلانغان دۆلەتچىلىكنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرىستاندا مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە ۋە مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيىسىنى كۈچەپ ئىشقا سالدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ـ دۆلەتتىن ھالقىپ كەتكەن «مۇتلەق روھ»نى تەييارلىيالمىدى ياكى تەييارلىغان بولسىمۇ ئىشقا سالالمىدى.

# خىتاي...

1999 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى چېڭ خۇا سۇن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولۇپ، 1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا ئىمزا قويغان ئىدى. قول قويۇش يىلىنىڭ بېشىدا خىتاي ھۆكۈمىتى «ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا قول قويغاندىن كېيىن، داۋاملىق خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىلىرىگە قول قويۇش جەھەتتە يەنە بىر قېتىملىق ئىلگىرىلەش ھېسابلانغان ئىدى. قول قويۇش خىتاي دۆلىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى، بولۇپمۇ پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى، سىياسىي ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىلەرنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ئالاقىدار خەلقئارا ئەھدىنامىلەرگە قول قويۇشى، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا تاماملانغان ئىدى. جۇڭگونىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خىتاي كوممۇنىستلىرى دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇقتىن باش تارتىشقا ھېچقانداق سەۋەبنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارادا كۈچلۈك دۆلەتلەر كۇلۇبىغا قاتنىشىش نىيىتى بولىدىغانلا بولسا ياكى جۇڭگودا ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ پۇقرالار ئېڭىنىڭ، قانۇن بىلەن

دۆلەت باشقۇرۇش ئېڭىنىڭ، كىشىلىك ھوقۇق كۆزقاراشلىرىنىڭ ئويغىنىپ دائىرىلەرگە بېسىم پەيدا قىلغانلىقىنى، خەلقئارادا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا دۇنياۋى مۇھاكىمە قىلىنىدىغان تېمىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەمتىرەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

كىشىلىك ھوقۇققا ئائىت ئىككى پارچە خەلقئارا ئەھدىنامىنى تۈزۈشكە قاتناشقان شاڭگاڭ 1997 ـ يىلى جۇڭگونىڭ ئەپكىشىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقئارا ئەھدىنامە تۈزۈشكە قاتناشمىغان جۇڭگو، ئەمدى شاڭگاڭنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا دوكلات تاپشۇرالايدىغان مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئىككى پارچە ئەھدىنامىگە قول قويۇشقا ئەمەلىي تۈرتكە بولغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىدى.

جۇڭگودا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى پۇقرالارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھوقۇقلىرىنى، مەسىلەن: تەربىيىلەش ۋە تەربىيىلىنىش ھوقۇقلىرىنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە كۈن تەرتىپكە قويىدۇ. لېكىن جۇڭگودا پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق تېخىچە جۇڭگو بەلگىلەپ بەرگەن، چەكلەنگەن دائىرە ئىچىدە تۇرۇۋېتىدۇ، جۇڭگو ئەمدى ئىككى پارچە ئەھدىنامىگە قول قويغاندىن كېيىن، جۇڭگو پۇقرالىرىغا قۇرۇق ئەمچەك سالماي جىددىي قاراپ ئەھدىنامىنىڭ تەلەپلىرىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

جۇڭگو ئاۋۋال دۇچ كېلىدىغان مەسىلە كىشىلىك ھوقۇققا قانۇنلۇق كاپالەت بېرىش بولغانلىقتىن، ئاساسىي قانۇن بىلەن كىشىلىك

ھوقۇقنىڭ بىرلىكىكە قانداق جاۋاب بېرىشى كېرەك؟ جۇڭگو ھازىرقى ئاساسى قانۇننى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسى قانۇن كىشىلىك ھوقۇق قاراشلىرىنى ئاساس قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، جۇڭگونىڭ ئاساسى قانۇنى قېلىپلاشتۇرۇلغان كىشىلىك ھوقۇق قاراشلىرى ۋە پۇقرالار ھوقۇقى توغرىسىدىكى بايانلىرى ئۆستىگە تۈزۈلگەن ئاساسى قانۇن ئەمەس. دۆلەتنىڭ قانۇنى ھېسابلانغان ئاساسى قانۇن جۇڭگودا ئائىلىۋى قانۇنغا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قانۇنغا ئايلىنىپ قالغان ئاساسى قانۇن ئىدى. دۆلەت ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان ۋە خەلق ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساسى قانۇن، خەلقنىڭ ھوقۇقى بىلەن دۆلەت ھوقۇقىنى تىزگىنلەيدىغان، سياسىي پارتىيىلەرنىڭ ھوقۇقىنى تىزگىنلەيدىغان ئاساسى قانۇن بولۇشى، كىشىلىك ھوقۇق بىلەن ئاساسى قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى، قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئۇسۇل ــ چارىلىرىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك ئىدى؛ ئاساسى قانۇن شۇنداق تۈزۈلگەندىلا ئاندىن خەلقئارا ئۆلچەمگە مۇۋاپىق قانۇن بولالايتى.

ئۇنىڭدىن قالسا خىتاي كوممۇنىستلىرى كىشىلىك ھوقۇق، بولۇپمۇ پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سياسىي ھوقۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرمەكچى بولىدىكەن، پارتىيە قۇرۇش چەكلىمىسىنى قويۇۋېتىشى، بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى لازىم بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئاساسى قانۇنىدا بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ دېيىلگەن. لېكىن جۇڭگونىڭ پارتىيە، سياسىيغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سياسىي قۇرۇلمىسىدا، پەقەت دۆلەت ھوقۇقىلا قېلىپلاشتۇرۇلغان، پارتىيە بىلەن

قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى قېلىپلاشتۇرۇلمىغان، پارتىيە قانۇننىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان. پۇقرالار ھوقۇقى بىلەن سىياسىي ھوقۇقنىڭ نېگىزلىك تەلەپلىرىنىڭ بىرى، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىش ھوقۇقى، سىياسىيغا ئارىلىشىشنىڭ ھەرىكەتچان شەكلى — پارتىيە قۇرۇش، تەشكىلات قۇرۇش، نامايىش قىلىش ھوقۇقى ئىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنىلا بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن ھازىر جۇڭگودا بىر پارتىيە دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلماقتا. بىر پارتىيە جۇڭگودا سىياسەتكە ۋەكىللىك قىلماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت سىياسىتى بىلەن دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش دەۋرىگە، جەريانىغا كىرگىلى بولامدۇ؟ ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەتتە، ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت سىياسىتى بولمايدىكەن پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا سىياسىيغا ئارىلىشىش، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىش ھوقۇقى، سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى جەھەتتە ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئەپسۇسكى جۇڭگودا خەلق ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ۋەكىللىرى يەنىلا تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بىۋاسىتە سايلىمىدىن ئۆتمەكتە.

پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبى قىسمى، ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇش ھوقۇقى، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقىدۇر. شۇڭا ئەھدىنامىگە قول قويغاندىن كېيىن خىتاي كوممۇنىستلىرى، مەتبۇئات ھوقۇقىنى قويۇۋەتكەندىلا ئاندىن كىشىلىك ھوقۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدۇ. جۇڭگودا دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان مەتبۇئات ئىزچىل تەشۋىقات ئورگانلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلمەكتە. ھۆكۈمەت پىكىرنىڭ بىر قېلىپتىن

چىقىشى، پارتىيىۋىلىكنىڭ خەلقچىللىقتىن ئۈستۈن تۇرۇشى تۈپەيلى خەلقنىڭ ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقى، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى، نازارەت قىلىش ھوقۇقى ئۆزۈندىن بېرى تارتىۋېلىندى. نۆۋەتتە، ئىقتىسادى ئەندىزىلەر، تەشۋىقات ئالاقە ۋاسىتىلىرىنىڭ شەكلى، ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك جۇڭگودا پارتىيە گېزىتى ھەممىگە يېتەكچى بولىدىغان ۋەزىيەت تەھدىتكە دۇچ كەلدى. ئەمدى، مەتبۇئات چەكلىمىسى ئىلگىرى - ئاخىر پاچاقلىنىدۇ؛ مەتبۇئاتنى خەلق باشقۇرۇش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پۇقرالارنىڭ بىلىپ تۇرۇش ھوقۇقى، مەتبۇئات ئارقىلىق نازارەت قىلىش ھوقۇقى پۇقرالارنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدۇ؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى كونا كاتاكىدىن چىقىپ كەتمىسە ئىشىنىڭلاركى ھەرگىز چىقىش يولى تاپالمايدۇ، دېسەك بالىلارچە ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولامدۇق؟

مەيلى ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت ھوقۇقى بولسۇن، مەيلى پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق بولسۇن، ھەممىسى ھوقۇقلۇق تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنىڭ كاپالىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ھوقۇقلۇق تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئەدلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىدا ئىپادىلەنسە ئاندىن كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ؛ دەخلى - تەرۇزسىز بولىدۇ. ھازىر جۇڭگودا قانۇن تۈزۈش ۋە ئەدلىيە ھوقۇقى بىر پارتىيىنىڭ كونتروللۇقىدا ھەتتا بۆلۈم تارماقلارنىڭ تەسىر كۈچى ئاستىدا تۇرۇپتۇ. تارماقلار بويىچە قانۇن تۈزۈش بىلەن مەمۇرلار قانۇن تۈزۈش ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن مۇستەبىت تۈزۈم، جۇڭگودا ئەدلىيىنى چىرىكلەشتۈرمەكتە، مەمۇرىيەت قانۇنىنىڭ سىرتىغا چىقىۋېلىپ ئاخىرى دۆلەت ھوقۇقى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھالغا كەلدى.

# دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى

1999 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى تاشقى سىياستىنىڭ مۇھىم تېمىسىغا ئايلاندى.

ئامېرىكا كونگرېسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى بۇگۈن چۈشتىن كېيىن خەلقئارا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قانۇن لايىھىسى ماقۇللىدى.

دىن ۋە دىنىي ئېتىقادقا زىيانكەشلىك قىلىدىغان دۆلەتلەرنى جازالاش توغرىسىدا قانۇن لايىھىنى كېڭەش پالاتاسى تۈنۈگۈن ماقۇللىغان. بۇ قانۇن لايىھە پرېزىدېنتنىڭ تەستىقلىشىغا تاپشۇرۇلدى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا يىللىق دوكلات تەييارلاپ، ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئەيىبلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى جۇڭگو ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ كونسېرۋاتىپ دىنىي تەشكىلاتلىرى، ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ خەلقئارا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا قانۇن لايىھە ماقۇللىشىغا ئىزچىل ھەيدەكچىلىك قىلىپ كەلدى. بۇ قانۇن لايىھە قاتتىق ئېمبارگو سىياستى ماددىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىقتىساد ئېمبارگو سىياستى ئارقىلىق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە زىيانكەشلىك قىلغان دۆلەتلەرنى جازالاش تەلەپ قىلىندى.

پرېزىدېنت كىلىنتون بۇ قانۇن لايىھىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سېلىپ: كونگرېس ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىنى كونترول قىلىشقا ھەمدە ئامېرىكا بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ

دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدى، دەپ ئەيىبلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا سودا ساھەسىدىكىلەرمۇ بۇنداق ئېمبارگو سىياسىتىگە قارشى پىكىر قىلدى. قانۇن لايىھەدە: دىنى ئېتىقادقا زىيانكەشلىك قىلغان دۆلەتلەر بىلەن قارشىلىشىش ئىقتىسادى ئېمبارگو سىياسىتى يۈرگۈزۈش، دۆلەتلەر ئارا زىيارەتنى بىكار قىلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى بىكار قىلىش قاتارلىق 10 تۈرلۈك جازالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش تەلەپ قىلىندى. قانۇن لايىھەسىدە: 3 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، كونگرېسنىڭ قارمىقىدا خەلقئارا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى كومىتېتى قۇرۇش، باش ئەلچى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارنىڭ بۇ كومىتېتقا رەھبەرلىك قىلىشىنى، ھەر يىلى 5 ـ ئايدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا دوكلات تەييارلىشى ۋە تەكلىپ بېرىشى، پرېزىدېنتنىڭ تەدبىر قوللىنىشى تەلەپ قىلىندى.

# ئامېرىكىنىڭ بىر جۈڭگو سىياستى ئۆزگەرمەكتە

1999 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ئامېرىكا كونگرېسسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى 1998 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر 418 ئاۋاز بىلەن قانۇن لايىھە ماقۇللاپ تەيۋەننىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى WHO غا مۇۋاپىق، ئەھمىيەتلىك قاتنىشىشنى قوللىغان ئىدى. چەكلەش كۈچى بولمىغان پەقەت كونگرېسنىڭ كۆزقارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇ قانۇن لايىھىسىدە: ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ پائال ھەرىكەت قوللىنىپ، تەيۋەننىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە مۇۋاپىق، ئەھمىيەتلىك قاتنىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشى تەلەپ قىلىندى.

ئاۋام پالاتاسىنىڭ قارار لايىھىسىدە: مۇۋاپىق ۋە ئەھمىيەتلىك قاتنىشىشنىڭ چەك ـ چېگرىسى ئاجرىتىلمىدى. بىراق، تەيۋەننىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتنىشىشىدىن بېشارەت بېرىلدى. بۇ قارار لايىھىسى ئامېرىكا كونگرېسسىنىڭ تۇنجى قېتىم تەيۋەننىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە قاتنىشىشىنى، ئەمما، رەسمىي ئەزا بولماسلىق، پەقەت كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتنىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ماقۇللانغان قارار لايىھە ئىدى. قارار لايىھىدە: خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تەيۋەننىڭ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرىشىگە شەرتى توشمىسىمۇ، لېكىن، بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتنىشىشقا يول قويۇشى تەلەپ قىلىندى. ئامېرىكا كونگرېسى: تەيۋەننى خەلقئارا تەشكىلاتقا قاتناشتۇرغاندا، تەيۋەننىڭ سەھىيە ئىشلىرى مەنپەئەتكە ئېرىشپلا قالماستىن، رايونلار ۋە يەر شارى سەھىيە ئىشلىرىمۇ

مەنىپەئەتكە ئېرىشىدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قارار لايىھەدە: تەيۋەن ۋە 23 مىليون تەيۋەن خەلقى خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىغا مۇۋاپىق، ئەھمىيەتلىك قاتنىشىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىدا مۇئەييەن تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرسە، تەيۋەن دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرىگە مۇۋاپىقلاشقان ئەھۋال ئاستىدا قاتناشسا بولىدۇ، دەپ قارار قىلدى.

تەيۋەننىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ۋاكالەت ئورنى، تەيۋەننى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن پائال ھەرىكەت قىلغان «تەيۋەن جامائەت ئىشلىرى كومىتېتى» ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ بۇ خىل قارارىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1998 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بۇ لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، 50 تىن ئارتۇق ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرى ئامېرىكىنىڭ پاراۋانلىق سەھىيە ئىشلىرى مىنىستىرىغا خەت يېزىپ، كونگرېسنىڭ تەيۋەننىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا قاتنىششنى قوللايدىغان مەيدانىنى بىلدۈرگەن.

تەيۋەننىڭ بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان دۆلەت جۇڭگو ئىدى. 1950ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ماقۇللانغان قارارنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا: بىردىن ئارتۇق ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئېتىراپ قىلىنغان دۆلەت قاتارىدا قاتنىششىنى تەلەپ قىلغاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنى شۇ دۆلەتنى ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك ئوبيېكت، دەپ ئېتىراپ قىلغاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەيدانى — بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە ئورگانلىرى ئىچىدە ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك، دەپ قارار قىلىنغان ئىدى.

## پوتسدام خىتابنامىسى

1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

1998ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر ئامېرىكا كونگرېسى قانۇن لايىھە ماقۇللاپ، تەيۋەننىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا قاتنىشىشىنى قوللىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى شۇ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر جۇڭگو ـ تەيۋەن سۆھبىتىنىڭ باشلانغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بېيجىڭدا تەيۋەن تەرەپنىڭ ۋەكىلى گو جىنفۇ بىلەن جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋەكىلى ۋاڭ داۋ خەن ئوتتۇرىسىدا ئىككى دۆلەتنىڭ سۆھبىتى بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. سۆھبەت جەريانىدا تەيۋەن تەرەپنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى گو جىنفۇ «پوتسدام خىتابنامىسى»نى كۆتۈرۈپ چىقتى. «پوتسدام خىتابنامىسى» قانداق خىتابنامە؟ بىز بۇ توغرىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

تەيۋەن تەرەپنىڭ ۋەكىلى سۆھبەت تېمىسىدىن ھالقىپ چىقىپ 1945 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «پوتسدام خىتابنامىسى»نى كۆتۈرۈپ چىقىپ نەقىل كەلتۈرۈپ: ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، تەيۋەننىڭ «پوتسدام خىتابنامىسى» ئارقىلىق جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. تەيۋەننىڭ ۋەكىلى «پوتسدام خىتابنامىسى»نى كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن «پوتسدام خىتابنامىسى»گە ئاساسلىنىپ تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دېيىدىغان سەپسەتىگە رەددىيە بەردى.

ئاۋۋال جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋەكىلى ۋاڭ داۋ خەن جۇڭگونىڭ مەيدانىنى شەرھلەپ: «دۇنيادا پەقەت بىرلا جۇڭگو بار، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، تېخى ھازىر تەيۋەن بىلەن جۇڭگو بىرلىككە كەلتۈرۈلمىدى، ئىككى تەرەپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر جۇڭگو پرىنسىپى ئاستىدا باراۋەر مەسلىھەتلىشىپ ئورتاق مۇھاكىمە قىلىمىز؛ بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى پارچىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، تەيۋەننىڭ سىياسىي ئورنى بىر جۇڭگو پرىنسىپى ئاستىدا مۇھاكىمە قىلىنىشى كېرەك»، دەپ كۆرسەتتى.

ئاندىن تەيۋەننىڭ ۋەكىلى گۇ ئەپەندى سۆز ئېلىپ: «ئىككى قىرغاق بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇپتۇ، بىر ـ بىرىگە مەنسۇپ بولماي 50 يىل ئۆتتى. بۆلۈنۈپ تۇرغان جۇڭگو ھەم تارىخىي پاكىت ھەم سىياسىي رېئاللىقتۇر، دېگەندىن كېيىن، تەيۋەننىڭ ۋەكىلى گۇ ئەپەندى: ‹‹پوتسدام خىتابنامىسى›گە ئاساسلانغاندا تەيۋەننىڭ تەۋەلىكى، ئىككى قىرغاقنىڭ بۆلۈنۈپ تۇرۇشى بۇ تارىخى پاكىت. ھەرگىز تەيۋەن تەرەپ پەيدا قىلغان پاكىت ئەمەس» دېگەن جۈملىنى قىستۇرۇپ ئۆتتى. گۇ ئەپەندى سۆزىنى تاماملىغاندىن كېيىن، تەيۋەن سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى كاڭ نىڭ شاڭ سۆز ئالدى: «پوتسدام خىتابنامىسى»نىڭ 8 ـ ماددىسىنىڭ مەزمۇنى «پوتسدام خىتابنامىسى»گە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن. «قاھىرە خىتابنامىسى»دە، تەيۋەن، فىڭخۇ تاقىم ئاراللىرى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن، دېدى. تەيۋەننىڭ ۋەكىلى گۇ ئەپەندىنىڭ «پوتسدام خىتابنامىسى»نى نەقىل كەلتۈرۈشى

ـ خەلقئارا خىتابنامە ۋە تارىخى پاكىتلاردىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ بىر جۇڭگو فورمۇلىسىغا رەددىيە بېرىش ئىدى.

سىياسىي سۆھبەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆرسىتىشلىرىگە قارىغاندا: گو جىنفۇ «پوتسدام خىتابنامىسى»نى پەقەت ئېغىزغا ئېلىپلا ئۆتكەن. جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋەكىلى ۋاڭ دا خەننىڭ پوزىتسىيىسى مۇلايىم بولغان.

تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى لى دېڭ خۇي يېقىندىن بېرى چەت ئەللىك زىيارەتچىلەرنى قوبۇل قىلغاندا: «بىرنەچچە قېتىم ‹پوتسدام خىتابنامە›سىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. لى دېڭ خۇي 9 ـ ئايدا ياپونىيە قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ سابىق قوماندانى بۇدى جيەنپونى قوبۇل قىلغاندا ‹قاھىرە خىتابنامىسى›، ‹پوتسدام خىتابنامىسى›نى تىلغا ئېلىپ، تەيۋەننىڭ جۇڭخۇا مىنگوغا قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، قانۇنى جەھەتتە گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ»، دېگەن ئىدى. چۈشەندۈرۈشلەرگە قارىغاندا تەيۋەننىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى يېقىندىن بېرى «پوتسدام خىتابنامىسى»نى تەتقىق قىلىپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ خەلقئارا جەمئىيەتتە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ بىر جۇڭگو فورمۇلىسىغا رەددىيە بەرمەكچى بولۇشقان ئىدى. تەيۋەننىڭ ۋەكىلى گو جىنفۇ بۇ قېتىم بېيجىڭدا سىياسىي سۆھبەتتە «پوتسدام خىتابنامىسى» قاتارلىق تارىخى پاكىتلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىككى قىرغاقنىڭ باراۋەر سىياسىي گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى.

«پوتسدام خىتابنامىسى» زادى قانداق خىتابنامە ئىدى. 1943 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان «قاھىرە خىتابنامىسى»دا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى روزۋېلت، ئەنگلىيىنىڭ ۋەزىرى چېرچىل، جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋەكىلى قاتارلىقلار ئورتاقلىشىپ

ئــــۈچ دۆلەتنـــــىڭ مۇددىئـــــا ـ مەقـــــستى ـــ يـــاپونىيە جۇڭگـــــو تېررىتورىيـــسىدىن كېـــسىۋالغان تېررىتـــورىيىلەر، مەســـىلەن: شـــەرقىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكە، تەيـۋەن، فىڭخـو تـاقىم ئـاراللىرى جۇڭخـۇا مىنگـو ھۆكـۈمىتىگە قـايتۇرۇپ بېرىلىـدۇ، دېگەنـدىن ئىبـارەت، دەپ جاكارلىغـان ئىدى.

1945 ـ يىلــى 7 ـ ئاينــىڭ 26 ـ كــۈنى ئامېرىكىنىــڭ پرېزىــدېنتى، ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى، جۇڭخۇا مىنگـو ھۆكۈمىتىنىـڭ رەئىسى جياڭ جـى جـوڭ؛ ئامېرىكـا، ئەنگلىـيە، رۇسـىيە، فرانـسىيە قاتـارلىق دۆلەتـلەر گېرمـانىيىنى مەغلـۇپ قىلىـپ ئىگىلىـگەن شـەھەر پوتـسىدامدا ئاخبـارات ئېلان قىلىپ:

1 . ئامېرىكـــا پرېزىـــدېنتى، جۇڭخـــۇا مىنگونىـــڭ رەئىـــسى ھەمـــدە ئەنگلىيىنىـــڭ بـــاش ۋەزىـــرى مىليونلىغـــان پۇقرالارغـــا ۋەكىـــل بولـــۇپ، سۆھبەتلەشـكەندىن كېـيىن، يـاپونىيىگە پۇرسـەت بېرىـپ بـۇ ئۇرۇشـنى ئاياغلاشتۇرۇشقا قوشۇلدۇق.

8 . «قائىـــدە خىتابنامـــسىنىڭ» شـــەرتلىرى ئىجـــرا قىلىنىـــشى، ياپونىيىنىـڭ ئىگىلىـك ھوقـۇقى يـاپونىيە تۆپرىقىـدىلا چەكلىنىـشى، تـۆت دۆلەت بەلگىلەپ بەرگەن باشقا ئاراللاردىلا چەكلىنىشى كېرەك.

13 . تۆت دۆلەت يـاپونىيە ھۆكـۈمىتىگە ئاگاھلانـدۇرۇش بېرىـدۇكى، ياپونىيىنىــڭ بــارلىق قوراللىــق قــىسىملىرى دەرھــال شەرتــسىز تەســلىم بولۇشــى كېــرەك، مۇشــۇنداق ھەرىكەتنــى مەقــسەتلىك يولغــا قويىــدىغانلا بولــسا، يــاپونىيىگە مۇۋاپىــق كاپــالەت بېرىمــىز، ئۇنــداق قىلمايــدىكەن ياپونىيە دەرھال تارمار قىلىنىـدۇ. («پوتـسىدام خىتابنامـسى»نىـڭ باشـقا ماددىلىرى قىسقارتىلدى).

ياپونىيە ھوشنى يىغىۋالمىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ فىروشىما ئارىلىغا ئاتوم بومبىسى تاشلىدى. 8 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ يەنە بىر ئۆلكىسى شاگاساغا يەنە بىر قېتىم ئاتوم بومبىسى تاشلىدى. ئىنتايىن زور ئۆلۈم ـ يېتىم ھادىسىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ياپونىيە تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولدى. ئەمەلىيەتتە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ياپونىيىگە خېلى كەڭچىلىك قىلىپ پەقەت ياپونىيە ئارمىيىسىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن.

ياپونىيىنىڭ پادىشاھى 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە «پوتسدام خىتابنامىسى»نىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى توكيو دېڭىز قولتۇقىدا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي پاراخوتىنىڭ ئۈستىدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە رەسمىي تەسلىم بولغان ياپونىيە تەسلىم نامىغا ئىمزا قويدى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئىنگلىزچە، ياپونچە، جۇڭگوچە نۇسخىلىرى تەيۋەن «سودا نەشرىياتى»نىڭ نەشر قىلىشىدا «جۇڭگو خەلقئارا قانۇنلار ۋە ۋەقەلەر يىلنامىسى»نىڭ 7 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن. 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان.

جۇڭگو ـ ياپونىيە دۆلەتلىرى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 1972 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدا بىرلەشمە باياناتىنىڭ 3 ـ ماددىسىدا: جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى ھۆكۈمىتى تەيۋەننىڭ جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ، ياپونىيىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا بىرلەشمە باياناتتىكى مەيدانى: «ياپونىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو

ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىنى تولۇق چۈشىنىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ. ھەمدە «پوتسدام خىتابنامىسى»نىڭ 8 ـ ماددىسىغا ئەمەل قىلىدۇ، دېيىلگەن. «قائىدە خىتابنامىسى» ۋە «پوتسدام خىتابنامىسى»، ئامېرىكا كونگرېسى تۈزگەن ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمەت نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان («1949 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ـــ خەلقئارا شەرتنامىلەر ۋە باشقا كېلىشىملەر»نىڭ 3 ـ تومى «كۆپ تەرەپلىك شەرتنامە ۋە كېلىشىملەر»نىڭ 3 ـ تومى «كۆپ تەرەپلىك شەرتنامە ۋە كېلىشىملەر») قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئىككى پارچە مۇھىم خەلقئارا ھۆججەتتە تەيۋەننىڭ جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئېنىق قەيت قىلغان.

## خەلقئارا...

1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

«خەلقئارا تىبەتنى قوللاش تەشكىلاتى»نىڭ ۋە نيۇـيورك شەھىرىدە قۇرۇلغان «دالاي لاما ئىشخانىسى»نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، دالاي لاما 1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلىدۇ، دېيىلگەن. بۇ خەۋەر شۇ چاغدا خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا غۇلغۇلا پەيدا قىلغان ئىدى. دالاي لاما ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلغان مەزگىللەردە، دالاي لاما جياڭ زېمىن بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىدىغان پۇرسەتكە يول ئىزلەمدۇ، قانداق؟ تىبەت ۋە تەيۋەن جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ بىر قىسمى دەيدىغان قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك باياناتنى ئېلان قىلامدۇ، قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەر خەلقئارا مەتبۇئاتتا غۇلغۇلا پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسلىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

«خەلقئارا تىبەتنى قوللاش ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى جى يالى: دالاي لامانىڭ شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇ تەيشەن تېغىغا بېرىپ بۇتخانىغا تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى، دالاي لامانىڭ ۋۇ تەيشەندە بۇتخانىدا جياڭ زېمىن بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى؛ ۋاقىتنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا دالاي لاما تەرەپنىڭ تەلەپ قويغانلىقىنى ئاشكارىلىغان ئىدى.

پرېزىدېنت كلىنتون 1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا، تىبەت مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۆجىزىلىك كەيپىيات ياراتقانلىقتىن، دالاي لامانىڭ ۋاشىنگتوندا بۆسۈش خاراكتېرلىك بايانات ئېلان قىلىشى ئەلۋەتتە ھەقلىق ئىدى.

شۇ چاغدا يەرشارى مەتبۇئاتچىلىرىغا سۆھبەت بايان قىلغاندا، پرېزىدېنت كىلىنتون: «دالاي لاما سەممىي، ياخشى ئادەم»، دەپ جاكارلاپ دالاي لاما بىلەن جياڭ زېمىننىڭ سۆھبەت قۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا جياڭ زېمىن جاۋابەن: «دالاي لاما تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، دەپ ئېتىراپ قىلسىلا، سۆھبەت قۇرۇشقا يول ئوچۇق»، دېگەن ئىدى. پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن جياڭ زېمىن تارقاتقان ئۇچۇرنى دالاي لاما تەرەپ 1988 ـ يىلىدىن بۇيانقى بۆسۈش خاراكتېرلىك پۇرسەت كەلدى، دەپ قارىغان. دالاي لاما ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلغاندا پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ دالاي لامانى قوبۇل قىلىشىغا، مۇئاۋىن پرېزىدېنت ئال گورنىڭ دالاي لامانى قوبۇل قىلىشىغا، دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبرايىت خانىمنىڭ دالاي لامانى قوبۇل قىلىشىغا دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك.

يېقىندىن بۇيانقى تەرەققىياتلارغا نەزەر تاشلىساق دالاي لامانىڭ مۇشۇ مەزگىلدە بېيجىڭ تەرەپكە يول قويغانلىقى، بېيجىڭ بىلەن دالاي لاما سۆھبىتىنى باشلاشقا يول ئېچىپ بەرگەندەك بولدى، دالاي لاما نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، تىبەت مەسىلىسىنى غەيرىي زوراۋانلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىرادىسى ۋاشىنگتونغا كېلىشتىن بۇرۇنلا بۇددىزملىق «خوڭغا» تەلىماتىنى تەرغىب قىلىشدا ئىسپاتلاندى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن فرانسىيىنىڭ سىتىلاس قورغىنىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە دالاي لاما تىبەتنىڭ ئورنى مەسىلىسىگە ئائىت تەلەپلىرىنىڭ ۋەزنىنى تۆۋەنلەتكەن، پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆزىنى ـ ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىلا تەلەپ

قىلغـان ئىـدى. لـېكىن، بېيجىـڭ تەرەپ: مۇبـادا دالاي لامـا جۇڭگوغـا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشنى خالايـدىغان بولـسا، بېيجىڭـدا تۇرۇشـى كېـرەك، دەپ ئىنكـاس قايتۇرغـان ئىـدى. 10 يىلـدىن بېـرى گەرچە دالاي لامـا بىــلەن بېيجىــڭ تەرەپ ئۇچراشــمىغاندەك كۆرۈنــسىمۇ، خۇسۇســى سۆھبەت، خۇسۇسى سۆزلىششلەر ئىككى ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالمىغان.

ئۇنىڭــدىن باشــقا دالاي لامــا 1959 - يىلــى تىبەتــتىن ئايرىلــىپ هــازىرغىچە 40 يىـل ۋاقىـت ئـۆتتى، قىرىـپ قالغـانلىقىنى هـېس قىلـدى. تىــبەت مەسىلــىسىنى هەل قىلىــشقا تەقەززا بولــدى. بىــراق، تىــبەت ســەرگەردان هۆكۈمىتىنىــڭ ئىچكــى قىــسمىدا بېيجىــڭ بىــلەن سۆھبەتلىشىــشكە قارشــى تۇرىــدىغانلار بىــلەن، ســۆھبەت قۇرۇشــنى تەكىتلەيــدىغان مۆتىــدىللەر ئوتتۇرىــسىدا زىــددىيەت ئۆتكۈرلەشــتى. «تىبەت ياشلار قۇرۇلتىيى» تىبەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشـىدا چىـڭ تـۇردى. ھەتتـا دالاي لامـا تەشـەببۇس قىلغـان تىـبەت مەسىلـىسىنى تىـنچ يـول بىـلەن ھەل قىلىـشقىمۇ قارشـى تـۇردى، بـۇ ئەھـۋاللار ئەگەر يېـشىنىڭ ئۇلغىيىـشىغا ئەگىـشىپ، دالاي لامـا سىياسـىي ئىـشلارغا رىياسـەتچىلىك قىلالمايــدىغان دەۋرگە ســۈرۈلۈپ كەتــسە، ئىنتــايىن ئېغىــر ئــاقىۋەت كەلتــۈرۈپ چىقىرىــشى تۇرغــان گەپ ئىــدى. ئوخــشاشلا ئەگەر دالاي لامانىڭ مەنىۋى كۈچى تىبەتكە دەبدەبىلىك يېتىـپ كىرەلمىسە، ئۇنـداقتا بېيجىــڭ تىبەتــتە يولغــا قويۇۋاتقــان دىنــى ئىــسلاھات، مەدەنىــيەت ئاسسىمىلياتسىيە سىياستىنىڭ زوراۋانلىقى ۋە تەسىرى ئاستىدا، سودا - تىجارەت دولقـۇنى ئاسـتىدا تىـبەت ياشـلىرىنىڭ دالاي لاماغـا تەلپۈنۈشـى سۇسلىشىپ، دالاي لامادىن تېخىمۇ يىـراقلاپ كەتكەنـدىن كېيىن پەيـدا بولىــدىغان ئېتىقـاد كرىزىــسى تىبەتنىــڭ ئىــستىقبالى ئۈچـۈن ئېيتقانــدا

ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا غەرب دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى يەرشارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك مەقسەتلەرنى نەزەرگە ئېلىپ، دالاي لامانىڭ رېئال ئاقىدىغان تەلەپلەر بويىچە بېيجىڭ بىلەن سۆھبەت قۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئامېرىكىنىڭ دىنىي دائىرىلىرى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ سىياسەتچىلىرى جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا ئىلگىرى ـ ئاخىر تىبەتكە بېرىپ بىۋاستە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد سىياسىتىنى تەنقىد قىلىشتى. بىراق، تىبەتنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى مۇقىملاشتۇردى. بۇ ئىش دالاي لامانى زور دەرىجىدە تەسىرلەندۈرگەن.

سۆھبەتلىشىش يەرشارىدا قارشىلىشىشنىڭ ئورنىغا ئۆتكەندە، دالاي لاما ھەقىقەتەن جۇڭگو بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ئويلايدىكەن، بۇ قارشى ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بېيجىڭنىڭ ئۆتمۈشتە دىنىي ئېتىقادقا زىيانكەشلىك قىلغان قىلمىشلىرىنى قايتا ئويلىنىشىغا ۋە تىبەت خەلقىگە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، تۇرمۇشتا ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىشىگىمۇ تۈرتكە بولغان بولاتتى.

جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا دېيىدۇ، چەت ئەللەردىكى خىتاي مىللەتچىلىرى: «دالاي لاما بىلەن بېيجىڭنىڭ ئۆزئارا يول قويۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى چەكلەشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ»، (چۈش كۆرۈپتۇ خىتاي مىللەتچىلىرى) شۇنداقمۇ؟! خىتاي مىللەتچىلىرى يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بېيجىڭ بىلەن دالاي لاما سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلا بولسا، جۇڭگو، تەيۋەن مۇناسىۋىتىگىمۇ ئازراق

تەسىر كۆرسىتىدۇ، لېكىن بىر جۇڭگو پرىنسىپى ئاساسىدا جۇڭگو بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتى، جۇڭگو بىلەن تىبەتنىڭ مۇناسىۋىتى بىر ـ بىرىگە تولۇق ئوخشىمايدىغان مۇناسىۋەتتۇر. شۇڭا دالاي لاما ئۆزى خالىمىغاننى باشقىلارغا تاڭماسلىق روھى بويىچە تەيۋەنگە قارىتىپ ئازراق سۆزلىششى كېرەك، بېيجىڭمۇ تىبەت مەسىلىسى بىلەن تەيۋەن مەسىلىسىنى بىر يەرگە قويماسلىقى كېرەك. ۋەزىيەتكە يارىشا تەھلىل قىلىپ ئۆتتۇق. ۋەزىيەتنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنى قەلەم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

## بۇگۈن...

1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

بۇگـــۈن ئامېرىكىنىـــڭ ســـابىق پرېزىـــدېنتى كـــارتېر فىلىپپىنـــدىن تەيۋەنگە ئۇچۇپ بېرىپ ئۈچ كۈنلۈك زىيارىتىنى باشلىۋەتتى. بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن تەيۋەن بىلەن ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلغان پرېزىدېنت دەل كارتېر ئەپەندى ئىدى. تەيۋەننىڭ شۇ ۋاقىتتىكـــى نـــارازىلىق كەيپىيـــاتلىرى بۈگـــۈن بەلكـــىم تارىخنىـــڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقماسلىقى مۇمكىن. نۆۋەتتە تەيۋەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئامېرىكا مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شىن لۇشۇن: «تارىخى مەسىلىلەر تارىخقا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، بىر ئادەمنى كۆزەتكەندە ئەتراپلىق كۆزىتىش لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قارىغاندا شۇ ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى باش تارتقىلى بولمايدىغان تارىخى ئېقىم ۋە سىياسىي يۈزلىنىش بولۇپ قالغان ئىدى. كارتېرنىڭ بىرقانچە يىل تاشلىۋەتكەن تەيۋەننى بۇ قېتىم زىيارەت قىلىشىدىن پايدىلىنىپ تەيۋەننىڭ سابىق پرېزىدېنتى كارتېرنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋېلىشى لازىم. ئەينى چاغدا تەيۋەن بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى قارار قىلغان سابىق پرېزىدېنت كارتېردىن شۇ ۋاقىتتا سىياسەت بەلگىلەشنىڭ جەريانىنى ئېنىقلاپ بىلىۋېلىشى لازىم. مەسىلەن: جۇڭگو ئامېرىكا بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن بۇرۇن: «ئامېرىكا تەيۋەن بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشى، ئامېرىكا، تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم، توختامنامىلەرنى بىكار قىلىشى، تەيۋەندىن ئەسكەر

چىكىندۇرۇشى كېرەك» دەيدىغان ئۈچ تۈرلۈك تەلەپتە چىڭ تۇرغان.

سابىق پرېزىدېنت كارتېرنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا جۇڭگونىڭ تەلەپلىرىگە قارىتا ئامېرىكا تەرەپ: «تەيۋەنگە مۇداپىئە خاراكتېرلىك قورال ـ ياراغ سېتىپ بېرىش، تەيۋەن مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش، يۇقىرىقى سىياسەتكە قارىتا جۇڭگو قارشى پىكىردە بولماسلىقى كېرەك»دېگەن سىياسەتتە چىڭ تۇرغان. لېكىن يەنە بىر پرېزىدېنت نىكسون ئەينى چاغدا شاڭخەيدە جۇئېنلەي بىلەن ئىمزالىغان «شاڭخەي ئاخباراتى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا، تەيۋەننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئامېرىكىنىڭ 7 ـ ئىسكادىدونى تەيۋەن بوغۇزىدا ئاز قاتنايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. تەيۋەن بىلەن ئامېرىكا بىرلىشىپ، بىرلەشمە مۇداپىئە كۆرۈشى ئاغزاكى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتى ــ سابىق سوۋېتلەرنى چەكلەش ئۈچۈن جۇڭگو كارتىنى ئويناشقا توغرا كەلگەنلىكتىن ئاغزاكى ئاقلانىلىكنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولماي قالغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا سابىق پرېزىدېنت تەكىتلىگەن تەيۋەنگە مۇداپىئە خاراكتېرلىك ھەربىي قورال ـ ياراغ سېتىپ بېرىشمۇ كۆلكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئامېرىكا بىلەن تەيۋەننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ مەمۇرى دائىرىلىرى كونگىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 1979 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كونگىرىسقا «ئۇنىۋېرسال قانۇن لايىھە» يوللىدى. لايىھىنىڭ مەزمۇنىدا «تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكى توغرىسىدا» قانۇن خاراكتېرلىك ماددىلار يوق بولۇپ چىقتى. «ئۇنىۋېرسال قانۇن لايىھىنى كۆرۈپ چىققان نۇرغۇنلىغان كونگىرىس ئەزالىرى «لايىھىنى»، «توغرا لايىھە»

دەپ قارىمىدى. شۇڭا «ئۇنىۋېرسال لايىھە»نىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى. بىراق، سابىق پرېزىدېنت كارتېر ئىككى كۈن بۇرۇن 1979 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مۇخبىرلارغا سۆزلىگەن نۇتقىدا: «مەمۇرلارنىڭ قانۇن لايىھىسى مۇۋاپىق بولدى، كونگرېس قانۇن لايىھىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدىكەن، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ»، دەپ كۆرسىتىپ، تۈزىتىلگەن قانۇن لايىھىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى.

«تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى» كونگرېس بىلەن مەمۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا 1979 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاخىرى ماقۇللاندى. 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاق سارايغا يوللىنىپ سابىق پرېزىدېنت كارتېرنىڭ قول قويۇشىنى كۈتتى. پرېزىدېنت كارتېر كونگرېسنىڭ بۇ «قانۇن لايىھە»نى ئۆزگەرتكەنلىكىدىن بەك نارازى بولسىمۇ، 1979 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى»غا ئىمزا قويدى. بىراق، «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى»نىڭ ماددىلىرىغا ئاساسلانغان، تەيۋەننىڭ ئامېرىكىدا دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا تەئەللۇق مال ـ مۈلكنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆز پىكرىدە قالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇڭا سابىق پرېزىدېنت كارتېر ئەينى چاغدا ئىختىيارسىز ئىدى، دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

# ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى

1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كىشىلىك ھوقۇق يىللىق دوكلاتىنى ئېلان قىلغان ئىدى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى 1996 ـ يىلى ئېلان قىلغان كىشىلىك ھوقۇق يىللىق دوكلاتىدا: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى كىشىلىك ھوقۇقنا ئىسپاتلىنغىلى بولىدىغان دەرىجىدە كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇز قىلدى، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرىگە خىلاپلىق قىلدى»، دېيىلگەن بولسا، 1997 ـ يىلى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىدا: «ئېغىر مەسىلىلەر مەۋجۇد بولسىمۇ كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە جۇڭگو بەزى ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللاندى»، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى 1998 ـ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىدا: «جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يامانلىشىپ كەتتى»، دەپ كۆرسەتتى. ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ بۇ يەردە جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا يىللىق دوكلاتىنىڭ شۇنچە پەرقلىق بولۇشىغا ئەلۋەتتە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك جۇڭگودا ئىسلاھات جەريانىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ غەيرىي سىياسىي قاراشقا ئىگە كىشىلەرگە قاراتقان سىياسىتى بەزىدە بوش، بەزىدە قاتتىق بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى، ئامېرىكىدا جۇڭگو سىياسىتىنىڭ پەرقلىق، ئىزچىل ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاشكارىلاپ قويىدى. 1989 ـ يىلىدىن

كىيىن جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئامېرىكىدا ئامېرىكا خەلقىنىڭ ۋە مەمۇرلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئاق ساراي ۋە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى جۇڭگو بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلاشقا ياردەم بەرمەكچى بولدى. ئەمما، ئامېرىكا كونگرېسى ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسگە ئاساسەن بېيجىڭغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، جۇڭگونى ئۆزگىرىشكە قىستاشنى تەلەپ قىلدى. مۇھاكىمە جەريانىدا تاشقى سىياسەت بەلگىلەيدىغان ئاق ساراي بىلەن ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ھەمدە ئامېرىكا خەلقى قوبۇل قىلغان «بىخەتەرلىك ھەممىدىن ئەلا» دەيدىغان تاشقى سىياسەت پرىنسىپىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئاكتىپ ئۇچرىشىش سىياسىتىنىڭ ئۈنۈمى ئارقىلىق كونگرېس ۋە ئامېرىكا خەلقىنى ئاكتىپ ئۇچرىشىش سىياسىتىنى قوبۇل قىلىشقا قايىل قىلدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا ئېلان قىلىدىغان يىللىق دوكلاتى ئىچكى سىياسەتتە ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلە بولۇپ قالدى. (ئامېرىكا خەلقى كىشىلىك ھوقۇققا كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن.)

1996 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى تەييارلىغاندا: «جۇڭگو بىلەن ئاكتىپ ئۇچرىشىش

سىياسىتى»گە قارشى تۇرغۇچىلار، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك دۆلەت مەھكىمىسىنى كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىگەن. 1996 ـ يىلى تەيۋەن بوغۇزىدا كرىزىس يۈز بەرگەندىن كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ئامېرىكا خەلقىگە: جۇڭگو بىلەن پائال ئۇچرىشىش سىياسىتىنىڭ مۇمكىنلىكىنى، مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرگەن. تەبىئىيكى جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتتىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا ھەرىكەتچان مۇئامىلە قىلىشنى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە ھەمكارلىقىنى تەكىتلىگەن. بىراق، دۆلەت مەھكىمىسى دوكلاتىنىڭ مەزمۇنىغا، ۋەزنىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قەدەر ئىجابىي باھالاش ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئىنتايىن زور تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلىپ، كونگرېس ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەر بۇنداق باھالاشتىن نارازى بولۇپ، ئامېرىكىدا مەمۇرلارغا قاتتىق بېسىم ئىشلەتكەن. شۇڭا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقتا مەسئۇل مۇھىم ئەمەلدارلىرى، دوكلات ئېلان قىلىنغان بۈگۈنكى كۈندە، ئاۋام پالاتاسىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا جۇڭگو مەسىلىسى بويىچە ھەرگىز باش تارتىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ يىلقى يىللىق دوكلات ئانچە چوڭ مۇنازىرە قوزغىمىدى. چۈنكى، دوكلاتتا مەسىلىلەر كەسكىن قويۇلغانلىقتىن ئۇلار ئاساسەن رازى بولۇشتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى بۇ قېتىم ئىنتايىن سەزگۈر بىر ۋاقىتتا ئېلان قىلىندى، دۆلەت مەھكىمىسى بىخەتەرلىك، سودا، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر بويىچە پرېزىدېنت كىلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭ بىلەن ئاكتىپ ئۇچرىشىش سىياسىتىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىغا قاتتىق ئىبارىلەر بىلەن رەددىيە بەردى.

كۆزەتكۈچىلەرگە ئىنتايىن ئېنىقكى ئاسىيادا يۈز بەرگەن ئىقتىسادى كرىزىس، جۇڭگودا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىشنى، بانكىلارنىڭ يامان سۈپەتلىك ھېساباتقا ئالاقىدار قۇرۇلما خاراكتېرلىك مەسىلىلىرىنى، ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىنى، ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ كۆپىيىشنى، قوشۇمچە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ئەھۋاللىرىنى كەسكىنلەشتۈرۈپ جەمئىيەتتە مۇقىمسىز ئامىللارنى پەيدا قىلدى. جۇڭگو رەھبەرلىرى پايدا ـ زىياننى مۆلچەرلىگەندىن كېيىن، يېتىپ كېلىۋاتقان خەتەر ئالدىدا ئەڭ ياخشى چارە ئەكسىيەتچىلەرنى بىخ ھالىتىدە يوقىتىش، 1989 ـ يىلىدىكى ۋەقەلەرنىڭ جۇڭگودا قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك، دەپ قارىدى. شۇڭا قولغا ئېلىش، باستۇرۇشنى يولغا قويدى. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، جۇڭگو، ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى بۇ يىلدىن باشلاپ ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىششى مۇمكىن، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئىستىقبالى ئەگرى ـ توقاي بولۇشى مۇمكىن.

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ يىللىق دوكلاتى ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە ئىدى. ئاۋۋال كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە باش تارتقىلى بولمايدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. گەرچە ئىككى دۆلەت 1996 ـ يىلىدىن كېيىن ئوتتۇرىدا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنىڭ دەرىجىسىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇنداق ئۇرۇنۇشلار ئاقماي قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر دېموكراتىيە بىلەن كىشىلىك ھوقۇقتىن ئىبارەت مۇھىم تاشقى سىياسەت پرىنسىپى؛ ھەرقانداق پرېزىدېنت ۋەزىپە ئۆتىگەندە سەل قارىيالمايدىغان سىياسىي ھاۋا رايى، دەپ قارالدى.

يەنە بىر تەرەپتىن كۈنسايىن ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگودا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرىستاندا كۆپلىگەن كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ سىياسىي ھوقۇقتا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىينى مونوپولىيە قىلىش سىياسىتىگە خىرىس قىلغانلىقتىن، بۇنداق ھەرىكەتلەر ۋە ئاخىرقى نەتىجىلەر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۇنىڭدىن قالسا كىشىلىك ھوقۇق جۇڭگو، ئامېرىكا دۆلەتلىرى مۇناسىۋىتىدە باشقا ئىشلارنى تىزگىنلەيدىغان قۇرۇلما خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىككى دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا تالاش ـ تارتىشلىرى، يەنىلا ئىككى دۆلەتنىڭ ئوخشاشمىغان سىياسىي قۇرۇلمىسىنى مەنبە قىلاتتى، ئەلۋەتتە. دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن سىياسىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ھەممىگە مەلۇم

جۇڭگو، تەيۋەن مەسىلىسى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە يادرولۇق مەسىلە، دەپ قارالغانلىقتىن، جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ تەيۋەننى قوللىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. ئەمما، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ دوكلاتىدا: تەيۋەندە 1996 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمى سايلامدا پرېزىدېنت سايلاپ چىقىلدى، دېموكراتىك ئۆزگىرىش تاماملاندى، كىشىلىك ھوقۇق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى، دەپ خۇلاسە چىقىرىلدى.

## تاك جاشۇەن

1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

بېيجىڭدا ئىككى قۇرۇلتاي ــ قورچاق سىياسىي كېڭەش قۇرۇلتىيى ۋە قورچاق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان كۈنلەردە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ «ئىسلاھات» نەتىجىلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇ يىلمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە بولمىدى. لېكىن جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جاشۇەننىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى بۇ قېتىم ئۆزگىچە يىغىن بولدى. تاڭ جاشۇەن بىرقانچە تەرەپلىك مەسىلىلەرگە، مەسىلەن: كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە ئىنتايىن تۆۋەن مۇقامدا ئىنكاس قايتۇردى.

ئامېرىكىنىڭ سىملىق تېلېۋىزىيىسى CNN نىڭ مۇخبىرى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىققاندا تاڭ جاشۇەن: «ئەگەر بەزىلەر بۇ يىل جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەيدىغان قارار لايىھە ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولسا، ئاۋۋالقى يەتتە قېتىملىق يىغىندا قانداق نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسا، يەنە شۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، قارشىلىشىشتىن چىقىش يولى تاپقىلى بولمايدۇ» دەپ چاقىرىقدى. ئۇ يەنە: «بۇ يىل 1 ـ ئايدا ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە سۆزلىشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەھمىيەتلىك قەدەم تاشلىدى. سۆزلىشىش ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، نەتىجىلىك بولىدۇ، ئىككى دۆلەت سۆزلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك» دېدى.

مىسالغا ئالايلى: «بەزىلەر جۇڭگوغا قارشى قارار لايىھە كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەنلىكى، بۇ ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىقتۇر. بۇرۇن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋە كومىتېتى لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇپ جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش بىلەن جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش بۇ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش ئىدى. شۇ چاغدا جۇڭگوغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن ۋە جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشىنى ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئامېرىكا قارار لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلىگەن. دەرۋەقە جۇڭگو بەزى قەلەندەر دۆلەتلەرگە، ئىسلام دۆلەتلىرىگە خىزمەت ئىشلەپ، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا ئاۋاز بەرگۈچىلەرنى يېنىغا توپلاپ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى ئەيىبلەش لايىھىسىگە قارشى ئاۋاز بەرگەنلىكتىن ئاۋۋالقى يەتتە قېتىملىق جۇڭگونى ئەيىبلەش لايىھىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق جەنۋە كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا ماقۇللاشتىن ئۆتەلمىگەن. ئۆتكەن يىلى جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىككى قانۇنىغا ئىمزا قويۇپ، خەلقئارا ئۆلچەمنى قوبۇل قىلىپ «ياخشى قىياپىتى»نى كۆرسەتكەنلىكتىن، ئامېرىكا ئۆتكەن يىلى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويمىغان. لېكىن جۇڭگو ئۆتكەن يىلنىڭ كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە لەۋزىدىن يېنىۋېلىپ، سىياسىي پىكىرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشىمايدىغان كىشىلەرنى ھەدەپ قولغا ئالدى. شۇ ئارقىلىق خەلقئارا قانۇنلارغا قول

قويۇشنىڭ بىر خىل خىتايچە ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى، قول قويۇش ئارقىلىق خەلقئارا بېسىمنى ئازايتماقچى بولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى بۇ يىل يەنە بىر قېتىم جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەيدىغان لايىھىنى ئۆتتۈرىغا قويىدى. بۇ لايىھە بۇ قېتىم ماقۇللۇقتىن ئۆتەمدۇ، ئۆتمەمدۇ؟ بۇ بىر ئىش. لېكىن، جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنىڭ ئوسال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، بېيجىڭنىڭ ساختا قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلاش لايىھىنىڭ ئۆتتۈرىغا قويۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، جۇڭگو جىددىيلىشىپ كەتتى. تاڭ جاشۋەندىن ئاۋۋال جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا خۇشامەتچىلىك بەشرىسىنى كۆرسىتىپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ قېتىم جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش لايىھىسى ئۆتتۈرىغا قويماسلىقىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. مۇبادا جۇڭگو ھۆكۈمىتى سىياسىي پىكرى ھۆكۈمەتنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە نەزەر بەند قىلمىسىلا ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ئاۋام پالاتا، كېڭەش پالاتا ئەزالىرى پرېزىدېنت كلىنتونغا بېسىم ئىشلىتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا جۇڭگونى ئەيىبلەش لايىھىسى ئۆتتۈرىغا قويۇشى مۇمكىنمىدى؟ بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ بارلىق سىياسىي شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك بولاتتى.

تاڭ جاشۋەن: «قارشىلىشىشتىن چىقىش يولى تاپقىلى بولمايدۇ، ئەگرى ـ توقاي يوللاردا ماڭماسلىقىمىز كېرەك» دېدى. بۇ سۆزلەرنى

بېيجىڭنىڭ ئۆزىگىلا قايتۇرۇپ بەرگۈلۈك. تاڭ جاشىۋەن ئامېرىكا بىلەن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم چاقىرىق قىلدى. بۇنداق چاقىرىقنىڭ دۇنيانى ئالدايدىغان ئالدامچىلىقتىن ئۆزگە يەنە قانداق قىممىتى بارلىقىنى بىلمەيدىغان كىشى بارمۇ؟ بىراق، بۈگۈنكى پاكىتلار سۆزلىشىشنىڭ ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. جۈملىدىن بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش تەلەپلىرىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق دەپ مۇتتەھەملىك قىلدى. ئەمدى جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىش كېرەك بولسا، بېسىم ئىشلىتىش؛ جۇڭگونى ئەيىبلەش كېرەك بولسا، ئەيىبلەشتىن باشقا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ھېچقانداق يول قالمىدى.

# جوڭجىنىڭ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشى

1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى 0 گرادۇسقا چۈشۈپ قالدى. جۇڭگونىڭ ۋەزىرى جورۇڭجى ئەمەلگە ئېرىشىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئامېرىكىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدە دېموكراتىك ھەرىكەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بەرگەنلىكتىن، ئارقىدىن قوشۇلۇپلا خىتاي جاسۇسلىرى ئامېرىكىدا يادرو قوراللىرى تېخنىكىسىنى ئوغرىلاش دېلوسى سادىر قىلدى. ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ سودىسىدا تەتۈر بالانس يۈز بەردى. ئامېرىكىدا خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى روھى كەيپىيات ئومۇملىششقا قاراپ يۈزلەندى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا ۋە شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بارلىق دۆلەتلەر بىرلىشىپ، يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئالبان مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ئېتنىك تازىلاش، مىللىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان سېربىيەلىك مىلوشىۋۋىچنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى تەنقىدلەشكە باشلىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن سابىق سوۋېتلەر بىرلىشىپ: «ئامېرىكا يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى» دېگەندىن كېيىن، ۋاشىنگتون بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاتالمىش «ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك» مۇناسىۋىتى يىمىرىلدى. شۇڭا جورۇڭجىنىڭ بۇ قېتىم ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلىشى خۇددى شىمالى ئامېرىكىنىڭ شىۋىرغانلىق كۈنلىرىگە ئوخشاش سىياسىي شىۋىرغانلىق كۈنلەرگە دۇچ كەلدى.

گەرچە ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا بۇ قېتىمقى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشىنىڭ نەتىجە بېرىشىگە تولا ئۈمىدلىك قارىمىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇرۇڭجى 6 ـ كۈنى لوس ئانجېلىس شەھىرىگە چۈشۈپ زىيارىتىنى باشلىغاندىن باشلاپ ئامېرىكىلىقلارغا خىتاينىڭ ھېلىگەر كۆلكىسى بىلەن تاقابىل تۇردى. خۇنەندە پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، چىن خۇۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ئىشلىرىنى تاماملىغان، ناھايىتى ئۆتكۈر، قىزغىنلىق بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن، ئوقچى ئاتىلىپ ئۇزۇن مۇددەت سۈرگۈن قىلىنغان جۇرۇڭجى، 1978 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قايتا ئىشقا سېلىنغان خىتاي ئىدى. ئادەتتە جۇرۇڭجى دېڭ پاكارنىڭ ئىچىۋېتىش ئىسلاھات سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ۋە ئىجاد قىلغۇچى كىشى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىنى بيۇروكراتلارنىڭ مونوپولىيىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرىدىغان كىشى دەپ قارىلاتتى. يەنە بەزىلەر جۇرۇڭجى جۇڭگو دېموكراتلىرىغا يول بېرىپ جۇڭگونى دېموكراتىك جەمئىيەتكە يېتەكلەپ ماڭغۇچى كىشى، جۇڭگونىڭ گورباچېۋى بولۇپ قالىدىغان كىشى دەپ قارايتتى. جۇرۇڭجى ئامېرىكىغا زىيارەتكە كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا خەلقى جۇرۇڭجىنىڭ ئانچە ـ مۇنچە چاقچاق قىلىشنى بىلىدىغانلىقىنى، خاتالىقنى ئىقرار قىلىشنى بىلىدىغانلىقىنى، كەيپىيات جەھەتتە ئاۋۋالقى جۇڭگو رەھبەرلىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

بۇ قېتىم ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشكەندە، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش مەسىلىسى سۆھبەتنىڭ ئاساسلىق ماۋزۇسى بولۇپ، بۇنداق سۆھبەت ئىككى دۆلەت

ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ، ئۇدا 13 يىل ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، جۇڭگولۇقلار ھەممىشە ئارقىغا داجىۋالاتتى، ئامېرىكىلىقلار بويىنىغا نۇقتا سېلىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى تەرەپكە سۆرەپ، سۆھبەت ئەگرى ــ توقاي، مۇرەككەپ يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن. پرېزىدېنت كلىنتون جۇرۇڭجى بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يېرىم يىل ئىچىدە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان، بەلكى بۇ قەدەم ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتنى پەسەيتىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ قالغان.

ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا 1998 ــ يىلى ئېكسپورت، ئىمپورت بويىچە جۇڭگو ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سودا شېرىكى بولۇش جەھەتتە، كانادا، ياپونىيە، سىنگاپور، گېرمانىيە تۆت دۆلەتتىن قالسىلا 5 ــ ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 540 مىليون دوللارغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تەتۈر بالانس ئالتە يۈز مىليون دوللار بولۇپ (شۇ پۇلنى ئامېرىكا جۇڭگوغا ھەقسىز بېرىۋەتتى دېگەن سۆز) بۇنداق تەڭسىز سودا مۇناسىۋىتى ئەلۋەتتە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا جىددىيلىك، سۈركىلىش پەيدا قىلىدۇ، دە!

پاكىت شۇنداقكى، ئامېرىكا بازارلىرىنىڭ بۇ پەيتتە جۇڭگونىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىغا ئېچىۋېتىلىشىدە ھېچقانداق توسالغۇ يوق، ئەمما، خىتاي ھۆكۈمىتى سودا ـ تىجارەتتە 100 خىلدىن ئوشۇق قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئامېرىكا تاۋارلىرىنىڭ جۇڭگو بازىرىغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى. ئامېرىكىدا دېھقانچىلىق

مەھــسۇلاتلىرى ســودىگەرلىرىنىڭ نــارازىلىقى ئامېرىكــا كونگىرىــسىدە ئىنكاس پەيدا قىلغانـدىن كېيىن، جۇڭگونىـڭ دۇنيـا سـودا تەشـكىلاتىغا ئەزا بولــۇپ كىــرىش غايىلىرىنىــڭ تــېخىچە ئىــشقا ئاشــمىغانلىقى كـونگىرىس ئەزالىرىنىـڭ پوزىتسىيىـسىگە مۇناسـىۋەتلىك بولـۇپ قـالاتتى. ئىككــى دۆلەت ئوتتۇرىــسىدا تــالاش ـ تــارتىش بولۇۋاتقــان كىــشىلىك ھوقـۇق، يـادرو قورالىرىنىـڭ تارقىلىــپ كېـتىش مەسىلىــسى قاتــارلىق مەســىلىلەرنى بىــر تەرەپــكە قايرىــپ قويغانــدىمۇ، ئىككــى دۆلەت ئوتتۇرىـسىدا ئېلىـپ بېرىلىۋاتقـان سـودا ـ تىجـارەت جەھەتتىمـۇ جۇڭگـو ئامېرىكىنىڭ ئىناۋەتلىك شېرىكى بولالمىدى.

شـۇڭا جـۇرۇڭجى ئامېرىكىغـا زىيـارەتكە كېلىـشتىن ئـاۋۋال بـازارنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە يول قويىدىغانلىقى، بۇغداي ئېكسپورت قىلىـشتىن تارتىــپ شـېكەر قومـۇچى ئېكـسپورت قىلىـشقىچە، ئېلېكترونلـۇق ئۈچـۇر ئۈســكۈنىلىرىدىن تارتىــپ ســتىرىخۋانىيىگىچە ئامېرىكــا تاۋارلىرىنىــڭ جۇڭگو بازىرىغا كىرىشىگە، مەبلەغ سېلىش چەكلىمىسىنى قويۇۋېتىشكە ۋەدە بېرىپ ئاندىن ۋاشىنگتونغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا چىققان ئىدى.

ختـاي ھۆكـۈمىتى دۇنيـا سـودا تەشـكىلاتىغا ئەزا بولـۇپ كىرىـشكە تەييــار بولغانــدا يــاكى خاۋاتىرلىنىــپ كەيــنىگە داجىــپ تۇرغانــدا، بىرىنچىــدىن، خەلقئــارادا ئىنــاۋەت تىكــلەش ئۈچــۈن، ئىككىنچىــدىن، ئامېرىكــا تەرەپــتىن كېلىۋاتقــان ئەمەلىــي ســودا مەنپەئىتىنــى قوغــداپ قېلىش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشلىرى كېرەك ئىدى. مەسىلەن: جۇڭگونىـڭ نــۆۋەتتە ئامېرىكــا بازارلىرىغــا زور كۆلەمــدە ئېكــسپورت قىلىۋاتقــان توقۇمىچىلىــق مەھــسۇلاتلىرى ۋە تەييــار كىــيىم ـ كېچەكلەرنىــڭ ئېكسپورت نورمىسى تۆت يىل ياكى بەش يىل ئىچىدە بىكار قىلىنىشى

مۇمكىن ئىدى. ئەمما، جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندە پايدىلىق سۆھبەتلىشىش ئورنىغا ئىگە بولالايتتى.

زور كۆلەمدە ئىچىۋىتىش ۋە ئىسلاھاتنى تەكىتلەيدىغان جۇرۇڭجىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندە، خەلقئارالاشتۇرۇش، دېموكراتىيىلىشىشنىڭ ئاساسلىق نىشانىنى ھۆرمەت قىلىشى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچىدە مىللەتچى خىتايلارنى باشقا بىر شەكىلدە ئۆزلۈكىدىن چەكلىشى، شۇ ئارقىلىق ئىسلاھات تەرەپتارلىرىنىڭ كۈچىنى ئۆلغايتىشلىرى كېرەك ئىدى. بازارنى ئېچىۋېتىش، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش توغرىسىدا باشلانغان سۆھبەت شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش بولۇپ قالدى. لېكىن ئامېرىكا كونگرېسىدە ئوخشاش بولمىغان سادالار ياڭراپ تۇراتتى. كېيىنكى پالاتاسى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى لوتىسبىر بۇ قېتىمقى ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا مۇناسىۋەتلىك سۆھبىتى ھەققىدە ھۆكۈمەتنى كەسكىن تەنقىدلەپ: «بۇ ئەپسىز بىر ۋاقىت ئىچىدە خاتا چىقىرىلغان قارار بولدى» دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەت سۆھبىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغان پىكىرلىرى، بايانلىرى ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشەلەمدۇ، ئېرىشەلمەمدۇ؟ بۇ بىلگىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتتۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتى جۇڭگودا دېموكراتىيىنى، كىشىلىك ھوقۇقنى ئاياق - ئاستى قىلدى. ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بۇ يىل جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەپ لايىھە

قويۇشنى قارار قىلدى. شۇ مەسىلىلەر جۇڭگودا تۈپتىن ھەل قىلىنمايدىكەن، جۇرۇڭجىنىڭ خۇشامەتكە تولغان چاقچاقلىرى، ئىككى دۆلەتنىڭ يېرىكلەشكەن مۇناسىۋىتىنى يۇمشىتالمىسا كېرەك ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتەلمىسە كېرەك!

## مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى تىبەتتە نېمە ئىش قىلدى

1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

ئامېرىكىدا نەشىر قىلىنىدىغان «ھەپتىلىك خەۋەرلەر» ژۇرنىلىدا «تىبەت ئىككىنچى كوسوۋومۇ» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان ئىدى. ماقالىدا ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تىبەتلىكلەرنى تەشكىللەپ، دالاى لامانىڭ خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسى بىلەن بىر مەيدان «رومانتىك مەخپىي ئۇرۇش» قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. تىنچلىقنى ھىمايە قىلىدىغان دالاى لاما مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى تەشكىللىگەن، تىبەتلىكلەر ئىنتايىن ئېغىر بەدەل تۆلىگەن مەخپىي ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ھازىرغىچە ئېسىدە ساقلاپ كەلمەكتە. مەن بۇ ماقالىنى تۆۋەندە قىسقارتىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

بۇ توغرىدا دالاى لاما: «باشلانغان ۋاقىتتا نوقۇل تىبەتلەرنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ھېسابلانغان ھەربىي ھەرىكەت، مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قولغا ئۆتكەندىن كېيىن، قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەتكەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى، تىبەتنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى غەرب جاھانگىرلىرى تەشكىللىگەن، دەپ ئاتىدى. لېكىن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ياردىمى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن. شۇ چاغلاردا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىر ئەمەلدار ئەپسۇسلانغان ھالدا: «تىبەت خەلقى تاشلىنىۋېتىلدى» دېگەن. بۇ خەۋەر ئامېرىكىدا «ھەپتىلىك خەۋەرلەر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئىكەن، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى.

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى 1950 ـ يىلى تىبەتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە دالاي لاما تىبەتتە ھوقۇق ئۈستىدە ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا دالاي لاما ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تىبەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋاتقانلىقىدىن تۇنجى قېتىم خەۋەردار بولغان. دالاي لامانىڭ ياردەمچىلىرى مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تەربىيىلىشىدە يېتىشىپ چىققان ئىككى نەپەر تىبەتلىكنى دالاي لامانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى دالاي لاماغا ھۈنەر كۆرسىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار مىناميوتتىن ئوق ئۈزۈپ ھۈنەر كۆرسەتتى. يەنە 15 مىنۇت ئوقلاپ يەنە ئوق ئۈزدى.

دالاي كۈلۈپ تۇرۇپ شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ: مەن مىناميوتتىن ئوق ئۈزۈپ ھۈنەر كۆرسەتكۈچىلەرگە:

ــ سەن بىر قېتىم ئوقلاش ۋە قارىغا ئېلىشقا 15 مىنۇت سەرپ قىلساڭ، دۈشمەن سېنى 15 مىنۇت ساقلاپ تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ دېگەن ئىدىم دېدى.

لېكىن دالاي لامانىڭ ياردەمچىلىرى بەك قىزغىن ئىدى ھەمدە تىبەتنىڭ ئەركىنلىك جەڭچىلىرى: «خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلالىدى ھەم مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى بىلەن سىمسىز رادىئو ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇراتتى». دالاي لاما بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ «ھەپتىلىك خەۋەرلەر» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرىغا: «ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى شۇ بولدىكى، پەقەت مەن قېچىپ چىقىپ ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن ئاندىن ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىكەنمەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئېچىنىشلىق ھىمايە قىلىش بولۇپ قالدى» دەپ كۆرسەتتى.

نۇرغۇنلىغان تىببەتلىكلەر ئۇچۇن ئىپتىقاندا، ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بىر ئىش بولغان ئىدى. ئۇلارغا دىنى داھىي بولغان دالاي لاما شۇنداق قىلىپ بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇن بىر ئاتقا مىنىپ ھەم كىيسەل ھەم بىر ھارغىن يولۇچى قىياپىتىدە ھىندىستانغا قېچىپ باردى. مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى تىبەتتە باشلىغان مەخپىي ئۇرۇش يېڭىلا باشلانغان، دالاي لامانىڭ مۇرىتلىرى دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدە ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن قانداق قىلىپ مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تەربىيلىشىگە مۇيەسسەر بولالىدى؟ بۇ ئىش غەرب ئاخباراتچىلىرى زوق - شوخ بىلەن تىلغا ئېلىشىدىغان خەۋەر بولۇپ قالدى. بۇ خەۋەرنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى پېنسىيىگە چىققان مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئەسلەش ئارقىلىق يېزىپ چىققان ئەسلىمىلىرىدە ۋە چاچلىرىغا ئاق كىرگەن تىببەت پارتىزانلىرىنىڭ ئاغزاكى بايان قىلىپ بېرىشى ئارقىلىق دۇنياغا ئاشكارىلاندى.

كونا ئەۋلاد تىبەتلىكلەر ئەينى چاغدا ئامىرىكىنىڭ كالورىنا شتاتىدا ئۇلار پەقەت كېين ئەپەندى، مايىك ئەپەندى، دەپ ئاتايدىغان ئىككى كىشىنىڭ قولىدا پارتىزانلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەنلىكىنى ھەۋەس بىلەن تىلغا ئېلىشاتتى. تەربىيلەش تاماملانغاندىن كېيىن، كۆمۈش رەڭلىك 130 ـ C نومۇرلۇق توشۇش ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ھىمالايا تېغىدىكى تىبەتكە پاراشۇت بىلەن چۈشكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىدۇ.

مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى بۇ قېتىمقى مەخپىي ئۇرۇش ئۇستىدە توختالغاندا، تىببەت ھەرىكىتى بۇرۇن پىلانلانغان ھەربىي ھەرىكەتلەر ئىچىدە «ئەڭ رومانتىك ھەربىي ھەرىكەت» ئىدى، دەپ خاتىرىلىگەن.

بىراق، تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دالاي لاما بۇ ھەرىكەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئەسلىگەندە، ھازىرمۇ ئازابلىنىدۇ. قانلىق قىرغىن ئەسلىمىلىرى ئېسىدىن چىقمايدۇ.

دالاي لامانىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىلىرى يېرىم ئەسىر بۇرۇن باشلانغان... تىبەت بۇرۇنقى دەۋرلەردە بىردەم خىتايغا قوشۇلۇپ، بىردەم مۇستەقىل ياشاپ، 1959 ـ يىلى خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ رەسمىنى كۆتۈرۈپ، لخاساغا كىرىپ قوزغىلاڭنى قاتتىق باستۇرغاندا، تىبەتلىكلەر ئەنسىز تۇرمۇشقا پېتىپ قالغان ئىدى.

## پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەندى

1956 ـ يىلـــى دالاي لامـــا بىـــلەن جۇڭنەنخەيىنـــىڭ مۇناســـىۋىتى جىددىيلىشىپ كەتتـى. خىتـاي ھۆكـۈمىتى تىبەتنىـڭ تېررىتورىيىسـىدىن كېـسىۋېلىپ سـىچۈەن، چىڭـخەي قاتـارلىق ئـۆلكىلەرگە قوشـۇپ بەردى. تىبەتـتە بۇتخـانىلارنى چـاقتى. ئـوت قويـۇپ كۆيـدۈردى. يـۇقىرى قـاتلام تىبەتلىكلەرنىـڭ مـال ـ مـۈلكىنى مۇسـادىرە قىلـدى. ئۇنىڭـدىن كېـيىن تىبەتلىكلەرنـى قـورال تاپشـۇرۇشقا زورلـىدى. ئەينـى چاغـدا لامـا بولـۇپ ئولتۇرغـان ئەيتانوبونىـڭ سـۆزىگە قارىغانـدا: «قـوراللار ئـۆزىمىز پـۇل خەجـلەپ سـېتىۋالغان قـورالالار ئـىدى، بىـز ئەلـۋەتتە بـۇ قـورالالارنى تاپشۇرۇپ بېرەلمەيتتـۇق. شـۇنىڭدىن كېيىن شـۇ يىلىنـىڭ 1 ـ ئېيىـدىن باشلاپ خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشنى باشلىۋەتتۇق.

تـىبەتلىكلەر يـاردەمگە موھتـاج ئـىدى. يىگـى دېھلىنىـڭ يـاردەم بېرىـشىنى تەلەپ قىلىـشتى. يېڭـى دېھلـى مۇنـداق تەلەپـلەرگە قـۇلاق سـېلىپمۇ قويمـىدى. تـىبەتلىكلەر تەيۋەنـدىن يـاردەم تەلەپ قىلغانـدا ھە نىمە بولـسا تەيـۋەن ھـاۋادىن قـورال ـ يـاراغ تاشـلاپ بەردى. شـۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار دالاي لامانىڭ ئاكىسى جالى دۇنجۇنى ئىزدەپ تاپتى.

ئەيتـانوپو ئەيەنـدى: «دالاي لامانـىڭ ئاكـىسى ئـامېرىكىلىقلار بىـلەن بىۋاستە ئۇچرىشالايتتى» دەپ كۆرسـەتتى. بىـز، دەپ باشـلىدى ئەيتـانوپو ئەيەنــدى: «بـــۇ ئـــشنىڭ زادى نـــېمە ئـــش ئىكەنلىكىنـــى ئەســـلا چۈشـــەنمەيتتۇق. بىـــز پەقەت خىتايلارنـــىڭ قېرىنداشـــلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتقـــانلىقىنى، دالاي لامـــانى خورلاۋاتقـــانلىقىنى، بۇتخـــانىلارنى ۋەيـران قىلىۋاتقـانلىقىنىلا بىلەتتـۇق»، ئـۇ يەنە مۇنـداق بايـان قىلـدى: «بىز، ئۆلۈمدىن باشقا يـول قالمـىدى، قويغا ئوخشاش پـۈت ـ قـولىمىزنى

باغلاقتا تۇتۇپ بىرىپ ئۆلۈپ كەتكۈچە جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كېتەيلى، دەپ ئويلايتتۇق». دالاي لامانىڭ ئاكىسى ئەيتانوپونى مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خىزمەت خادىملىرىغا تونۇشتۇردى. پىلان بويىچە ۋاشىنگتون ئالتە نەپەر كىشىنى تەربىيىلەپ بېرىشكە قوشۇلدى ۋە تەربىيىلىگەنلەرنى پاراشوت ئارقىلىق تىبەتكە تاشلىدى، ئۇلار تىبەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالى توغرىسىدا ماتېرىيال توپلاپ ئەۋەتكەندە ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى تىبەتكە قىزىقىشقا باشلىدى. نۇرغۇن تىبەتلىكلەر ئۇق تەگمەيدۇ دەپ، دالاي لامانىڭ سۈرىتىنى كۆتۈرۈۋالاتتى. كاناس ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى تىبەتلىكلەرنى «پىدائىيلار» دەپ قارىغان ئىمىش.

## تاجاۋۇزچىلىق ۋە قېچىش دولقۇنى

خىتاينىڭ «ئازادلىق» ئارمىيىسى تىبەتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، تىبەتتە چەتكە قېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 100 مىڭدىن ئارتۇق تىبەتلىك نىپال، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە قېچىپ چىقىپ كەتتى. ھىندىستاننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىرى تىبەت مۇساپىرلار لاگېرىنى «جاسۇسلار ئۇۋىسى» دەپ ئاتىغان ئىدى. دالاي لامانىڭ ئاكىسى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە، ھەق ـ ناھەق ئايرىلىشىپ كەتكەن بۇ لاگېردا قاتراپ يۈرۈپ بىر تۈركۈم تەربىيىلەشكە بولىدىغان تىبەتلىكلەرنى تاللاپ چىققان، لېكىن 20 ياشلىق دالاي لامانىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىدى. كېيىن بۇ توغرىدا توختالغان دالاي لامانىڭ ئاكىسى جالۇرۇنجو: «مەن ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى ۋە ھىندىستان مەخپىي ئىشلار ئىدارىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمنى دالاي لاماغا ئېيتمىغان ئىدىم» دېدى.

1957 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن ئىككى نەپەر تىبەتلىك بېنگالنىڭ پايتەختى داككا ئايرودرومىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار، ھېچقانداق بىر بەلگە چۈشۈرۈلمىگەن 17 ـ 13 نومۇرلۇق ئايروپىلانغا ئولتۇرغان ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بىرى ئەيتالۇپو، يەنە بىرى لوسى دېگەن كىشى ئىدى.

ئۇلار رادىئو گېرامما، قورۇتۇلغان كالا گۆشى كۆتۈرۈۋالغان، مۇرىسىگە بىردىن ئاپتومات ئېسىۋالغان بولۇپ، لخاسادىن 100 كىلومېتىر نېرىدىكى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلاندى. دەرھال يەرلىك پارتىزانلارنىڭ باشلىقى بىلەن ئالاقە ئورناتتى، پارتىزانلارنىڭ باشلىقى گوڭبو (غەلىبە قىلغان تاغ سودىگىرى ئىدى)، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى

تىبەت پارتىزانلىرى خىتاي ئارمىيىسىگە قارشى بىرنەچچە يىل ئۇرۇش قىلغان.

تىبەت پارتىزانلىرى خىتاي ئارمىيىسىگە قارشى هايات - ماماتلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. 1958 - يىلى تىبەت پارتىزانلىرى خىتاي ئارمىيىسىنىڭ زەمبىرەكچى قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. هايات قالغان بىر پارتىزان شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ: «باشلىقلىرىمىز، جۇملىدىن گومبۇ ئەپەندىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق باشلىقلىرىمىز يارىلاندى. ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئاسماندىن قورال - ياراغ، يېمەك - ئىچمەك تاشلاپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق. قورال - ياراغمۇ تاشلاپ بېرىلمىدى، يەيدىغان ئوقەتلىرىمىزمۇ تۈگىدى، پارتىزانلار تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ كەتتى. ئاتىنىڭ تىزىكىنى ئۆزۈقلۇق ئورنىدا يېيىشكە مەجبۇر بولدۇق» دېگەن.

1958 - يىلى 300 نەپەر تىبەتلىك ئامېرىكىنىڭ كالورادو شتاتىدا تەربىيىلەنگەن هەربىر كىشىگە ئىنگلىزچە ئىسىم قويۇلغان. ئاخباراتچىلىق، پارتىلىتىش، مىنا قويۇش، مەخپىي شىپىر، ئاپىراتچىلىق ساھەلىرىدە تەربىيە كۆرگەن بۇ كىشىلەر ئىرادە ۋە باتۇرلۇق تەربىيىسىگىمۇ ئېرىشكەن. ئۇلارنى تەربىيىلەش ئىنتايىن مەخپىي ئېلىپ بېرىلغان. ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى يېزىپ نەشر قىلغان «يادرو قوراللىرى تەتقىقاتى — مۇتلەق مەخپىيەتلىك» دېگەن كىتابتا ئاشكارىلىنىشىچە: «تىبەتلىكلەرنى تەربىيىلەش لاگېرىغا ئۇقۇشماي كىرىپ قالغانلارنى ئېتىپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن ئىكەن. 40 تىن ئارتۇق ئامېرىكا پۇقرالىرى غەيرىي كىيىنگەن ئاسىيالىقلارنىڭ دېرىزىسى

يـوق بـىر ئايروپىلانغـا چىقىۋاتقـانلىقىنى كـۆرۈپ قالغـانلىقى ئۈچـۈن بىـر نەچچە ۋاقىت قوراللىق نازارەت ئاستىغا چۈشۈپ قالغان.

تىبەتلىك گېيساڭنىڭ ئەسلىـشىگە قارىغانـدا: تەربىيىلىنىـشكە يېتىـپ كەلگەن تىبەتلىكلەر بـۇ يەرنىـڭ تـاغ ئارىـسىدىكى بىـر پـارچە دەرەخلىـك يەر ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتـى. لـېكىن بـۇ دۆلەتنىـڭ ئامېرىكـا ئىكەنلىكىنـى بىلمەيتتى. كېيىن ئـۇلار تەربىيىلىگـۈچى ئامېرىكـا ئوفىتسېرلىرى بىـلەن قويۇق ھېسسىيات مۇناسـىۋىتى ئورنـاتتى. بـۇ كىـشىلەر كۈنـدە يۈگـۈرۈپ تاغقا چىقاتتى ۋە تاغدىن يۈگۈرۈپ چۈشەتتى.

1959 ـ يىلـــى تـــىبەتلىكلەر ئەنـــسىرەشكە باشـــلىدى. بېيجىـــڭ ھۆكــۈمىتى دالاي لامــانى لخاســاغا كېلىــپ ھەربىــي كــۆرەكنى تاماشــا قىلىـــشقا تەكلىـــپ قىلـــدى، لـــېكىن قوغـــدىغۇچىلارنى بىلـــلە ئېلىـــپ كەلمەسـلىكنى تاپىلىـدى. تىـبەتلىكلەر دالاي لامـانى قولغـا ئالىـدۇ، دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئەمدىلا تـاڭ يورۇغانـدا 1959 ـ يىلـى 3 ـ ئاينىـڭ 10 ـ كۈنى خىتاي ئارمىيىسى ھەربىـي كـۆرەكنى باشـلىدى. 30 مىڭـدىن ئـارتۇق تىبەتلىـك دالاي لامانىـڭ بۇتخانىـسىنى ۋە دالاي لامـانى قوغـداپ جەڭــگە تەييــار تــۇردى. (ئۇيغــۇرلار دەل شــۇنداق دەقىقــىلەرگە دۇچ كەلگەنــدە باشـلىقلىرىنى بـاغلاپ خىتايغـا تاپـشۇرۇپ بەرگەن بـولاتتى. خوجىنىيــاز ھــاجى ســابىت دامــوللامنى دەل شــۇنداق بــاغلاپ شــىڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئەمەسمۇ) خىتايپەرەسـت بىـر تىبەتلىـك نەق مەيدانـدا ئـۇرۇپ ئۆلتۈرۈلـدى. كېيىـن دالاي لامـا ئەسـلەپ: «مەن ئىككـى چوققۇلـۇق يانـار تاغنىــڭ ئارىــسىدا قالغــان ئىــدىم. ھەر ئىككــى تەرەپ پارتلاشـقا ھەر ۋاقىـت تەييـار تـۇراتتى» دېـگەن ئىـدى. خىتـايلار ئاتقـان زەمبىرەك ئوقى دېگۈدەك دالاي لامانىڭ يېنىغا چۈشۈپ پارتلىـدى. دالاي

لامانىڭ كېچىلەپ قېچىپ كېتىشى مەخپىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ھېكايە توقۇشىغا ماتېرىيال بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى دالاي لامانى مەخپىي يول خەرىتىسى بىلەن تەمىنلىگەن ئىكەن.

## ئامېرىكا تىبەتكە مەخپىي ياردەم بېرىشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى

1959 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاكارتا پونكىتى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارغا دالاي لامانىڭ ساق ـ سالامەت قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى دوكلات قىلدى. ئىككىنچى كۈنى تىبەت ئىشلىرى بويىچە مۇتەخەسسىس گېبلىن ئەپەندى بۇيرۇق بويىچە دالاي لامانىڭ قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى دۆلەت ئىشلار كاتىپى داللىسقا دوكلات قىلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئەيتانوبو، لوسى ئىككى نەپەر پەۋقۇلئاددە كىشلەر يولدا دالاي لاماغا يېتىشىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ۋاشىنگتونغا دوكلات يوللاپ تۇردى. بۇ تېلېگراممىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تېلېگراما، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە تېلېگراما يوللاپ، دالاي لاماغا ئەگىشىپ ماڭغان 37 نەپەر كىشىگە سىياسىي پاناھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلغان تېلېگراما بولۇپ قالدى. مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ يېڭى دېھلى پونكىتى تېلېگراممىنى ۋەزىر نېھروغا يەتكۈزگەندە، نېھرو دەرھال ماقۇل بولدى. دالاي لاما 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ھىندىستانغا يېتىپ كەلگۈچە مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بىر كىشى يول بويى دالاي لاماغا ئەگىشىپ بۇ جاپالىق سەپەرنى كامىراغا ئالدى.

دالاي لامانىڭ سەرگەردان بولۇپ كېتىشى ئىزىنخاۋېر ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەتكە مەخپىي ياردەم بېرىشنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولدى. 1959 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تايلاند پونكىتى، شۇ دۆلەتتە قۇرۇلغان ئامېرىكىنىڭ ھەربىي بازىسىدىن ئۇچۇپ تىبەتكە قورال ـ ياراغ ۋە تەربىيىلەنگەن

تىبەتلىكلەرنى ھاۋادىن تاشلىدى. 1957 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىللارغىچە 40 قېتىملىق ھاۋادىن تاشلاش ۋەزىپىسىدە 40 تونناـ ئەتراپىدا قورال ـ ياراغ ۋە لاۋازىمات بۇيۇملىرى ھاۋادىن تاشلانغاندىن باشقا، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن تىبەتلىكلەرمۇ پاراشوت بىلەن سەكرىدى. بۇ پارتىزانلارنىڭ كۆپ قىسمىنى خىتاي ئارمىيىسى تۇتۇۋالدى. بەزىلىرى سەپەردە تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ خىتاي ئارمىيىسىگە تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ زەھەر يەپ ئۆلۈۋالدى.

كېيىن ھاۋادىن تاشلاش توختاپ قالدى. چۈنكى، ئامېرىكىنىڭ U 2 ـ بەلگىلىك ئايروپىلانى 1960 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سابىق سوۋېتلەر ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئېتىپ چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، پرېزىدېنت ئېيزېنخاۋېر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنىڭ كوممۇنىست دۆلەتلەرنىڭ ھاۋا تەۋەسىگە ئۇچۇپ كىرىشىنى، جۈملىدىن تىبەتنىڭ ھاۋا تەۋەسىگىمۇ ئۇچۇپ كىرىشنى توختاتتى.

مەخپىي ھەرىكەت بۇتانغا يۆتكەلدى. ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ياردىمىنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكى يامان ئىش بولدى. قىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە يەيدىغان تاماق، كىيىدىغان كىيىم ـ كېچەك يوق نۇرغۇن تىبەت پارتىزانلىرى ئۆلۈپ كەتتى. ئەينى چاغدا پارتىزانلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان بابا يى شۇ 82 ياشقا كىرگەندە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ: «بىز ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى قايناتىپ ئىچتۇق» دېدى. لېكىن ئۇلار تىبەت پارتىزانلىرى بىرقانچە قېتىم بۇتاندىن باتۇرلۇق بىلەن تىبەتكە ــ مۇستەملىكىچى خىتاي ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى.

ئامېرىكىلىقلار تىبەتلىك پارتىزانلارغا خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىپلا قالماي، قوشۇمچە ئاخبارات توپلاشنىمۇ ۋەزىپە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. 60 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا 30 نەپەر پارتىزان تىبەتكە كىرىپ، يول ياقىسىدا مۆكۈنۈپ يېتىپ خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ماشىنىلىرى يولدىن ئۆتكەندە ئوت ئېچىپ ماشىنىدىكى بارلىق خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەندىن باشقا يەنە بىر نەپەر خىتاي ئوفىتسېرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. پارتىزانلار ھەربىي ماشىنىلارنىڭ كېپىنكىلىرىنى ئاختۇرۇپ نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى، جۈملىدىن 70 كىلو گىرام ئېغىرلىقىدا قان بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەرنى ۋە باشقا ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى.

ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. كېيىن مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە ئۆلتۈرۈلگەن خىتاي ئوفىتسېر غەربىي تىبەت ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى بولۇپ چىقتى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئاپىتى توغرىسىدا يېزىلغان دوكلات ئىكەن، بىر قىسمى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ روھى چۈشكۈنلۈكى توغرىسىدا يېزىلغان دوكلات ئىكەن، يەنە بىر قىسمى تىبەتكە ئەسكەر كۆپەيتىپ ئەۋەتىش پىلانى ئىكەن. يەنە بىر قىسىم ھۆججەتلەردە موسكۋا ـ بېيجىڭ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىرىكلىشىشىنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرى ئاشكارىلانغان ئىكەن.

## تىبەتلىك ئاخباراتچىلارنىڭ خىتاينىڭ ئاتوم ـ يادرو پىلانىنى پاش قىلىشى

1962 ـ يىلى جۇڭگو مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئاق ساي چۆل رايونىدا ھىندىستان بىلەن ئۇرۇش قىلدى. يېڭى دېھلى ۋە ۋاشىنگتون شۇ ھامان تىبەت پارتىزانلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. تىبەت ئاخباراتچىلىرى جۇڭگونىڭ ھەربىي بازىلىرىنى سۈرەتكە تارتتى. خەرىتىلەرنى سىزىپ چىقتى، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكەتلىنىش تەرتىپلىرىنى كۆزەتتى ۋە تىبەتكە ھاۋادىن بۇيۇم تاشلايدىغان ئورۇنلارنى بەلگىلەپ بېكىتتى. پېنسىيىگە چىققان ئامېرىكىنىڭ بىر نەپەر مەخپىي ئىشلار خىزمەتچىسىنىڭ «ھەپتىلىك خەۋەرلەر» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرىغا ئاشكارىلاپ بېرىشىچە: «تىبەتلىكلەر جۇڭگونىڭ راكېتا ياساش پىلانىنى ۋە ئەينى يىللاردىكى خىتاينىڭ ھەربىي قورال ـ ياراغ ئىقتىدارى توغرىسىدا مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ئىكەن. ھازىرقى كۈندە سۈنئىي ھەمراھ ۋە رازۋېدكا ئايروپىلانلىرى ئاخبارات توپلاش ۋاستىلىرىنىڭ ئورنىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن تىبەتلىكلەر ئەينى چاغدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاننىڭ لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا يادرو ـ ئاتوم قوراللىرىنى پارتلىتىش سىناقلىرى ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچلىك خەۋەرلەرنى ئىشتىن ئاۋۋال ئامېرىكا تەرەپكە خەۋەر قىلغان ئىكەن.

دەۋر ئۆزگەردى. ئەينى چاغدا ئامېرىكىلىقلار تىبەتنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ھەر يىلى 1 مىليون 700 مىڭ دوللار، جۇملىدىن 2100 نەپەر نېپالدا تۇرۇۋاتقان تىبەت پارتىزانلىرىغا 500 مىڭ دوللار (بۇنىڭ

ئىچىدە 8 يۈز نەپەر قوراللىق كىشى بار) ۋە لازىمەتلىك ئۈچۈن دالاي لاماغا 180 مىڭ دوللار خەجلىگەن ئىكەن.

دەۋر ئۆزگەردى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تىبەتنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالدى. پارتىزانلارنى بىر - بىرلەپ ئاستىلاپ يوقاتتى. كالورىدا شتاتىدا تىبەت پارتىزانلىرى تەربىيىلەش لاگىرىمۇ تاقىۋېتىلدى. مەيلى قانداق بولسۇن ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ نەزىرى ئەمدى جەنۇبىي يېرىم شارغا يۆتكەلدى. سابىق پرېزىدېنت نىكسون بېيجىڭ بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا قۇتراپ كەتتى. 69 ياشلىق ئەپىنانوبو: «دەسلەپتە ئامېرىكىلىقلار كوممۇنىزمغا قارشى تۇرىدىغان چاغدا بىز تىبەتلىكلەر ئامېرىكىلىقلارغا كېرەك بولۇپ قالدۇق، كېيىن ئامېرىكا بېيجىڭ بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان چاغدا بىز تىبەتلىكلەر تاشلىۋېتىلدۇق» دەپ كۆرسەتتى.

تىبەت ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، بېيجىڭ نېپال ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ تىبەتلىكلەرنىڭ بۇتاندىكى پارتىزانلار لاگېرىمۇ تاقىۋېتىلدى. 1974 - يىلى 7 - ئايدا دالاي لاما 20 مىنۇتلۇق پلاستىنكىغا سۆزلەشكە مەجبۇر بولغاندا، پارتىزانلارغا تەسلىم بولۇش توغرىسىدا چاقىرىق قىلغان (بىر مىللەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدا نېمىدېگەن ئېغىر كۈنلەر ھە!) كاسىت لاگېرىغا ئەۋەتىلگەندە پارتىزانلار ھەددىدىن زىيادە خاپا بولۇشتى، ئۈمىدسىزلەندى، بەزىلىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتى. نېپال ئارمىيىسى تىبەتنىڭ بۇتاندا قۇرۇلغان پارتىزانلار لاگېرىنى قورشاۋغا ئالدى، قورال تاپشۇرۇشقا، تەسلىم بولۇشقا زورلىدى. بىر نەپەر تىبەتلىك پارتىزان

قولىدىكى قورالنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزىنى بوغۇزلاپ ئۆلۈۋالدى. پارتىزانلار لاگېرىنىڭ باشلىقى دوجدى ئەڭ ئاخىرىدا قورال تاپشۇرۇپ، 36 نەپەر پىدائىيىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتقا مىنىپ قاچتى ۋە ھىندىستاندا سىياسىي پاناھلىققا ئېرىشتى. كېيىن نېپال ئارمىيىسى بىلەن خىتاي ئارمىيىسى بىرلىشىپ پارتىزانلار لاگېرىنى قورشىغاندا تىبەت پارتىزانلىرى قەھرىمانلارچە ئېلىشقان بولسىمۇ، ھەممىسى قۇربان بولدى. بۇ قېتىمقى ھىندىستانغا قېچىش، تىبەتتە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش، پارتىزانلىق لاگېرىدا قوراللىق ئىسيان قىلىش ھەرىكەتلىرىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقرارىغا ئاساسلانغاندا 87 مىڭ تىبەتلىك ئۆلتۈرۈلدى. تىبەتنىڭ قوراللىق ئىنقىلابى مەغلۇپ بولدى. دالاي لاما تىنچ يول بىلەن دەۋا قىلىش يولىنى تاللىۋالدى.

## بۈگۈن ئاجايىپ قۇتلۇق بىر كۈن بولدى

1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

بۈگۈن ئاجايىپ بىر قۇتلۇق كۈن بولدى... «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»نىڭ ئامېرىكا شۆبىسى، ئامېرىكا شۆبىسىنىڭ باشلىقى ت. كۇمار، (T. Kumar) ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا 100 بەتلىك دوكلات تەييارلاپ ئامېرىكا كونگرىسىدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا دوكلات بەردى. بۇ يىغىن مەخسۇس ئۇيغۇرلار توغرىسىدا دوكلات ئاڭلاش ئۈچۈن كونگرىس تەرىپىدىن چاقىرىلغان يىغىن ئىدى. «خائىن» ئۇيغۇرلارمۇ، «ئىنقىلابچى» ئۇيغۇرلارمۇ بۇ يىغىنغا چاقىرىلمىدى.

ئىش شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىدىمۇ؟ ئىش شۇنداق تۇيۇقسىز باشلاندىمۇ؟

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى»نىڭ 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەنقەرەدىن بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قول ئەمەلدارى، قورچاق جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى، قورچاق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى لى پېڭ بۈگۈن جۇڭگو مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: قورچاق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، جۇڭگو رەھبەرلىرى تۇنجى قېتىم ئاشكارا سورۇندا قورچاق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى.

شەرقىي تۈركىستان خىتاي كوممۇنىستلىرى جۇڭگودا سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن بۇرۇن، خىتاينىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇر مىللىي

بۆلگۈنچىلىرى مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتى قۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا قويۇلغان، قوللىنىلغان ئىسىم ئىدى. بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايچە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئوخشاشلا ئىزچىل 40 ـ يىللاردا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 50 ـ يىللاردىن كېيىن يەنىلا خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچراپ كەلگەن. شۇنداقلا خىتاينىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى ئاتالمىش شىنجاڭنى ياكى شەرقىي تۈركىستان ياكى ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتاشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن.

«مىللىي بۆلگۈنچىلىك» نېمىگە، قانداق ئوبيېكتقا قارىتىلغان «مىللىي بۆلگۈنچىلىك» ئىدى؟ ئۇيغۇر، خىتاي ئىككى مىللەت ھەرگىز بىر مىللەت ئەمەس ئىدىغۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئارىلىقتا «مىللىي بۆلگۈنچىلىك» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىش تازا مۇۋاپىق بولمايدىغۇ؟ ئۇيغۇرلار ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىي پائالىيەت ـــ تارىختا قۇرۇلغان، خىتايلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پائالىيىتىدۇر. «دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ۋە «مىللىي بۆلگۈنچىلىك» ئوخشاشمىغان ئۇقۇم شەكلىگە ئاساسلىنىپ ئوخشاشمىغان تەبىر تەلەپ قىلىدىغان ئۇقۇملاردۇر. (كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئۇقۇملار توغرىسىدا ئەتراپلىق توختىلىمىز.)

«شىنخۇا ئاگېنتلىقى»نىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، ياۋروپا ـ ئاسىيادا ئالتە دۆلەت زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان جۇڭگو خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى لى پېڭ بۇگۈن ئاخىرقى بېكەت تايلاندنىڭ مەنگو شەھىرىدە خىتاي مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، «جۇڭگو رىباۋ گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى سوئال قويۇپ: «جۇڭگو خەلق

ۋەكىللىــرى تــۈركىيىنى زىيــارەت قىلغانــدا، تۈركىيىنىــڭ ئالاقــدار رەھبەرلىــرى بىــلەن كۆرۈشــۈپ «شــەرقىي تۈركىــستان» مەسىلىــسىنى مۇھاكىمە قىلىــپ قانــداق ئورتــاق تونۇشقا كەلگەنلىكىنــى چۈشــەندۈرۈپ قويۇشــنى تەلەپ قىلــدى، مــۇخبىر بــۇ يەردە تــۇنجى قېــتىم «شــەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسمنى تىلغا ئالدى.

«شىنخۇا ئــاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىــڭ خەۋىــرىگە قارىغانــدا، لــى پېــڭ: «شــەرقىي تۈركىــستان مەسىلىــسى شــىنجاڭ ئۇيغــۇر ئــاپتونوم رايونىــدا، ئۇيغــۇر مىللىــي بۆلگۈنچىلىرىنىــڭ ئۆزۈنــدىن بىــرى ھەرىــكەت قىلىــپ ۋەتەننى پارچىلاپ ‹شەرقىي تۈركىستان› دۆلىتــى قۇرمــاقچى بولغــانلىقىنى مەنـــبە قىلىـــدۇ، تۈركىيىنىـــڭ ئالاقـــدار ئەمەلـــدارلىرى تۈركىيىـــدە بەزىلەرنىــڭ بۆلگۈنچىلىــك ھەرىكەتــلەر بىــلەن شۇغۇللىنىــشىغا قارشــى تۇرىــدىغانلىقىنى، بەلكــى ئۇنۇملــۇك تەدبىــر قوللىنىــپ بىيجىڭغــا قارشــى مىللىــي بۆلگــۈنچىلەرگە زەربە بېرىــدىغانلىقىنى بىلــدۈردى» دەپ جــاۋاب بەرگەن.

لــى پېــڭ: «تــۈركىيە رەھبەرلىــرى شــىنجاڭ ئۇيغــۇر ئــاپتونوم رايونىــدا ياشــايدىغان ئۇيغـــۇرلار بىـــلەن قانداشـــلىق مۇناســـۋەتنى بـــارلىقىنى بىلــدۈرۈپ ئــۆتتى، شــۇنداقلا شــىنجاڭ جۇڭگونىــڭ تېررىتورىيىــسى، شــەرقىي تۈركىــستان مەسىلىــسىنىڭ جۇڭگــو ـ تــۈركىيە دۆلەتلىــرى ئوتتۇرىــسىدا بىــر مەســىلىگە ئايلىنىــپ ئىككــى دۆلەتنىــڭ مۇناســۋىتىگە تەســقۇنلۇق قىلماســلىقى كېــرەك» دەپ بىلــدۈردى، دەپ كۆرســەتتى.

كۆرستىـــشلەرگە قارىغانـــدا، شـــىنجاڭدا ئۇيغـــۇر مىللەتچىلىرىنىـــڭ پائالىيىتى 50 يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن، ئۇيغــۇر مىللەتچىلىــرى خىتايچە شىنجاڭ دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئىزچىل ئۇيغۇرىستان يــاكى

شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتاپ كەلگەن. بىراق، خىتاي دائىرىلىرى بۇ ئىسىملارنى ئىزچىل تۈردە رەت قىلىپ كەلگەن. نۆۋەتتە جۇڭگو خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى لى پېڭ ئاشكارا سورۇندا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا بېيجىڭ دائىرىلىرى «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ۋە «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئېتىراپ قىلدى، دېگەن سۆز.

خوش ئەپەندىلەر! تۇنجى قېتىم، ئاشكارا سورۇندا، جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قول رەھبىرى لى پېڭ «ئۇيغۇرىستان، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى»، «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى»نى، «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى»نى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. مۇدىر لى پېڭنىڭ شۇنداق تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولغان، بېسىم پەيدا قىلىپ، شۇنداق جاكارلاشقا زورلىغان خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ خاراكتېرى نېمە؟

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى كلىنتون بېيجىڭدا ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى جياڭ زېمىننىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۆتكەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ قېتىم 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قول رەھبىرى لى پېڭ مۇخبىرلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئۇيغۇرىستان (شەرقىي تۈركىستان) مەسىلىسىنى خەلقئارا سەھنىگە كۆتۈرۈپ چىقتى. 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ باشلىقى ت. كۇمار ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا 100 بەتلىك ماتېرىيال تەييارلاپ، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا

ئامېرىكا كونگرېسىدە دوكلات بەردى. بۇ تىپلىق خەلقئارا ۋەقەلەر زادى قانداق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە؟ 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇرىستان مەسلىسى دۇنياۋى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قالغان ئىدى؟ بۇ قېتىم ئۇيغۇرىستان مەسلىسى يەنە شۇنداق مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىگە كىرىپ قالدىمۇ؟ ئاۋۋالقى مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلىتىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۈگۈن خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىگە كىرىپ قالغان ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرلار ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ تارىختا قۇرۇلغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىشى مۇمكىنمۇ؟

## بازارنى ئېچىۋېتىش ۋە كېلىشىمنامە كاپالىتى

1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى كلىنتون بىلەن جۇڭگونىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا سودا ۋەكىللەر باشقارمىسى دەرھال 70 بەتلىك «بازارنى ئېچىۋېتىش ۋە كېلىشىمنامە كاپالىتى»نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن ۋە بازارنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەدىلىرىنى ئاشكارىلىدى.

ئامېرىكىنىڭ سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى: «جۇڭگونىڭ بازارنى ئېچىۋېتىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر بويىچە نۆۋەتتە ئىككى دۆلەت ئىمزالىغان كېلىشىملەردە ھەقىقەتەن نۇرغۇن نەتىجىلەرگە، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى، ستراخوۋانىيە، ئېلېكترونلۇق ئۈچۈر ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. لېكىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بانكا، پاي چېكى، زايوم، ئاڭلىغۇچى ئەسۋابلار ۋە توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ساھەسىدە ئىنتايىن ئېغىر ئىختىلاپلار ساقلاندى» دېدى. ئامېرىكىنىڭ سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى: «بىز ماڭىدىغان يول ئۇزۇن بولسىمۇ، رەسمىي كېلىشىمگە ئولتۇرۇپ ئېرىشلگەن نەتىجىلەردىن قارىغاندا بىز ئىنتايىن خۇشالمىز» دەپ كۆرسەتتى.

ئېلان قىلىنغان 70 بەتلىك دوكلاتنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە: يېزا ئىگىلىك جەھەتتە جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىپ، 2004 ـ يىلىغا بارغاندا ئومۇميۈزلۈك باج ئېلىشنى

تەرتىپكە سېلىپ 17% گە چۈشۈرۈشكە؛ ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان باجنى تەرتىپكە سېلىپ % 14.5گە چۈشۈرۈشنى ۋەدە قىلدى.

بېيجىڭ ئىمپورت قىلىنىدىغان كالا گۆشىدىن ئېلىنىدىغان باجنى 2004 ـ يىلىغا يېتىپ بارغاندا ھازىرقى 45% تىن 12% گە چۈشۈرۈشنى، ئىمپورت قىلىنىدىغان چوشقا گۆشىدىن ئېلىنىدىغان باجنى ھازىرقى 20% تىن % 12 گە چۈشۈرۈشنى، ئائىلە ھايۋانلىرىنىڭ جۈگگوغا ئىمپورت قىلىنغان گۆشىدىن ئېلىنىدىغان باجنى ھازىرقى 20% تىن 12% گە چۈشۈرۈشنى، زەيتۇن يېغىدىن ئېلىنىدىغان باجنى 40% تىن 13% گە چۈشۈرۈشنى، ھاراق مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان باجنى ھازىرقى 65% تىن 20% گە چۈشۈرۈشنى، سۈت مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان باجنى ھازىرقى 50% تىن 12% گە چۈشۈرۈشنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلدى.

بازارنى ئېچىۋېتىش كېلىشىمگە ماسلىشىش ئۈچۈن بېيجىڭ ئىككى تەرەپلىك، ئۈچ تۈرلۈك كېلىشىم ئىمزالىغاندىن كېيىن، بېيجىڭ كارانتىن ئىشلىرىنى باھانە قىلىپ بۇغداي، زەيتۇن يېغى، گۆش مەھسۇلاتلىرىغا قارىتىلغان نامۇۋاپىق چەكلەشنى دەرھال بىكار قىلىشقا قوشۇلدى. پوچتا تېلېگراف ساھەلىرى بويىچە جۇڭگو سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ئالتە يىل ئىچىدە چاقىرغۇچى، قول تېلېفون، دۆلەت ئىچىدە پوچتا ـ تېلېگراف مۇلازىمەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك، جۇغراپىيىلىك ئىمپورت چەكلىمىسىنى بىكار قىلىشقا قوشۇلدى. جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، تۆت يىل ئىچىدە چەت ئەللەرنىڭ ھەرخىل مۇلازىمەت

كەسـپلىرى بـويىچە ئالاھـدە پـاي چېكىنـى 49% گە ئاشۇرۇشـقا؛ چـاقىرغۇچى ئەسـۋابلار ساھەسـدە چەت ئەللىكلەرنـڭ پـاي چېكىنـى 50% گە ئاشۇرۇشقا قوشۇلدى.

پـۇل ـ مۇئـامىلە ساھەسـدە: ئىككـى تەرەپ بـۇ سـاھەگە مۇناسىۋەتلىك داۋاملىق سۆھبەت قىلىپ تۇرىدۇ؛ لېكىن جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ئامېرىكا بانكىسىنىڭ چەت ئەللىك خېرىدارى سۇپىتىدە، بارلىق تاشقى پېرېۋوت سودىسىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا دەرھال قوشۇلىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ھەرقايسى بانكىلار چەت ئەللىك خېرىدارلار سۇپىتىدە تاشقى پېرېۋوت سودىسىنى بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ. جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن بىرلەشمە كارخانىلارنى قۇرسا بولىدۇ. بەش يىلدىن كېيىن چەت ئەل مەبلىغى سالغۇچى تەرەپ پۈتۈن پاي چېكىگە ئىگە بولسا بولىدۇ؛ ئىككى يىل ئىچىدە چەت ئەل بانكىلىرى يەرلىك پۇل بىرلىكى بىلەن ھەمكارلىشىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويسا بولىدۇ.

سىتراخۇۋانىيە جەھەتتە: جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ سىتراخۇۋانىيە شىركەتلىرىدىكى ئالاھىدە پاي چېكى 50% ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن 51% گە كۆپەيتىلىدۇ.

فونتلۇق ئالماشتۇرۇش جەھەتتە: بۇ ساھە بويىچە مەسىلىھەت كېڭىشىۋاتىدۇ. چەت ئەل مەبلىغىنىڭ جۇڭگونىڭ كاپىتالىغا سىڭىپ كىرىشى، قەرز بازىرى ھوقۇقى مەسىلىسىدە جۇڭگو ئۆز ھوقۇقىدا قالدىغان بولدى.

يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە: 2005 ـ يىلىغا يېتىپ كەلگەندە جۇڭگو رادىئو، ئېلېكترونلۇق مېڭە، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر، پوچتا ـ تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى ۋە باشقا پەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىدىن باج ئېلىشنى بىكار قىلماقچى بولدى.

ماشىنىسازلىق جەھەتتە: 2005 ـ يىلىغا بارغاندا ئىمپورت ماشىنىلىرىدىن باج ئېلىشنى نۆۋەتتىكى 80% تىن تەرتىپكە سېلىپ، 25% گە چۈشۈرۈشكە قوشۇلدى. ماشىنا زاپچاسلىرىدىن ئېلىنىدىغان باجنى تەخمىنەن 10% گە چۈشۈرۈشكە، ماشىنا ئىمپورت قىلىشقا نورما بەلگىلەپ بېرىشنى 2005 ـ يىلىغا بارغاندا پۈتۈنلەي بىكار قىلىشقا قوشۇلدى.

ئاگىلىغۇچى ئۈسكۈنىلەر جەھەتتە: ئىككى تەرەپ بۇ ساھە ھەققىدە داۋاملىق سۆزلەشمەكچى بولدى. لېكىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كىنوخانىلاردا چوڭ پاي چېكى خوجايىنى بولۇشىغا قوشۇلدى. جۇڭگو سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، 40 يۈرۈش چەت ئەل كىنولىرىنى ئىمپورت قىلىشقا قوشۇلدى.

جۇڭگو نېمىشقا ئەمدى شۇ دەرىجىدە يول قويىدىغان بولۇپ قالدى؟

## قەيەردە زۇلۇم بولسا...

1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

قەيەردە زۇلۇم بولسا، شۇ يەردە ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق، دېگەن ئىدى جۇڭگونىڭ دېھقان داھىيسى ماۋ زېدۇڭ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن تيەنئەنمىندە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇشى دۇنياۋى نارازىلىق پەيدا قىلغان بولسا، ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ خەلقئارالىق بېسىم ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇشى ئاستىدا تېخى بىخلىنىش ھالىتىدە تۇرغان جۇڭگودا پارتىيە قۇرۇش ھەرىكىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ يەنە ئومۇميۈزلۈك باستۇرۇشى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ھەرخىل نارازىلىق پەيدا قىلدى. 90 ـ يىللار كىرگەندىن باشلاپ جۇڭگودا ئىقتىسادنىڭ ئېگىز ـ پەس تەرەققىي قىلىشى، ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ كۆپىيىشى، ئىش ئىزدەپ شەھەرگە كىرگەن دېھقانلارنىڭ كەمسىتىشكە، ھاقارەتكە، ئېزىشكە ئۇچرىشى، كۆزقارىشى ھۆكۈمەتنىڭ كۆزقارىشىغا ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلۇشى... ئۆتكەندە ھۆكۈمەتنىڭ بوسۇغىسىدا يىغلاپ ھال ئېيتقان، خەت ـ چەك ئارقىلىق دەردىنى سۆزلەيدىغان ئادەملەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىپ ئىش تاشلاش، ئوقۇش تاشلاش، نامايىش قىلىش، جىم ئولتۇرۇپ نامايىش قىلىش شەكىللىرىگە مۇراجىئەت قىلىشى، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

قسقــسى، جۇڭگــودا ختتــاي كوممۇنــستلىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغــا قارشــىلىق كۆرســىتىش جۇڭگـــودا زامانىۋىلىشـــىشنىڭ تەرەققىياتىغــا ئەگــىشىپ پەيــدا بولــدى ۋە تەرەققــي قىلــدى. بۇنــداق قارشــىلىق كۆرســىتىش ھەرىكەتلىــرى گەرچە ئەخلاقــي جەھەتــتە كەڭ خەلقنىــڭ ھېسداشلىق قىلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇستەبىت ختتايلار ھاكىمىيىتىنىــڭ قــاتتىق نــازارەت قىلىــشى ئاســتىدا بــارلىق قارشــىلىق كۆرســىتىش ھەرىكەتلىــرى بىــر - بىرىــدىن ئايرىۋېتىلــدى. كىــشىلىك ھوقـۇق پائـالىيەتچىلىرى، ئىـشچىلار ئىتتىپـاق پائـالىيەتچىلىرى، پـارتىيە قۇرغــۇچى، تەشــكىلات قۇرغــۇچىلار دېگــۈدەك ختتــاي ھۆكۈمىتىنىــڭ زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئۇنىۈملىۈك سىياسىي پائـالىيەت قىلغــۇچى تەشــكىلاتلارنىڭ يوقىتىلىــشى، ئــاۋۋالقىلار قولغــا ئېلىنىــسا، داۋاملاشـــــتۇرىدىغان كىـــــشىلەرنىڭ چېقىماســـــلىقى، ختتـــــاي كوممۇنــستلىرنىڭ مەتبۇئــاتنى كــونترول قىلىــشى ئۆزگەرمەيــدىغان ختتــايچە جەمئىــيەت ھــالىتىنى قېلىپلاشــتۇردى. ســىچۇەن قاتــارلىق جايلاردا ئىشچىلار ئىش تاشلىغان ھەتتا ھەربىيلەر ئىسيان كۆتـۈرگەن بولسىمۇ داۋاملاشتۇرالمىدى.

يېقىنــدا پــالونگۇڭ تەشــكىلاتىنىڭ 10 مىڭــدىن ئــارتۇق ئەزالــرى جۇڭنەنخەينىڭ ئەتراپىدا جىم ئولتـۇرۇپ نامـايىش ئۆتكـۈزۈپ، جۇڭگـودا دېموكراتىك ھەرىكەتنىــڭ تەسىر پەيــدا قىلغـۇچ قەدىمىنــى تاشــلىغاندەك بولدى. پالونگۇڭچىلار ھەرىكىتى 1989 - يىلىدىن كېيىن بېيجىڭدا يـۈز بەرگەن كــۆلىمى زور ئـــاممىۋى قارشـــىلىق كۆرســـىتىش ھەرىكىتـــى ھېــسابلاندى. ختتايــدا پۈتــۈن مەملىكەتنىــڭ ھەرقايىــسى جايلىرىــدىن كەلـــگەن پالونگۇڭچىلارنىـــڭ مەركىـــزى ھۆكـــۈمەت جايلاشـــقان

جۇڭنەنخەينىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلاردا پەيدا بولۇشى، جىم ئولتۇرۇپ نامايىش قىلىشىدىن، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىدىن، كېيىنچە بۇ نامايىشنى خەۋەر قىلىشقا مەجبۇر بولۇشىدىن قارىغاندا، تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ نامايىشنى تەرتىپلىك، دائىرىلەر باستۇرۇشقا باھانە تاپالمايدىغان دەرىجىدە پاراسەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا پالۇنگۇڭچىلارنىڭ نامايىشىدىن جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى چۆچۈپ كەتكەن. ساقچىلار، جاسۇسلۇق تەشكىلاتلىرى گاڭگىراپ قالغان. يېقىندىن بېرى ھۆكۈمەت ئىشىسىزلارنىڭ ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغاندا، پالۇنگۇڭ دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز جۇڭنەنخەي ئەتراپىدا پەيدا بولۇشى كوممۇنىست پارتىيە خىتايلارنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

مۇقىملىق ھەممە خىزمەتنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەيدىغان سىياسەت بويىچە جياڭ زېمىن: «مۇقىمسىز ئامىللارنى بىخ ھالىتىدە يوقىتىش» توغرىسىدا قەسەم بەردى. پالۇنگۇڭچىلارنىڭ جۇڭنەنخەينى قورشىۋېلىشى «بىخ ھالەت» ئەمەس، بەلكى پىشىپ يېتىلگەن «ھالەت» ئەمەسمىدى؟ جياڭ زېمىن بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟

جياڭ زېمىننىڭ ئەپسانىلىرى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئەمدى خىتاي ھۆكۈمىتى، بازار ئىگىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئويلىشى كېرەك ئىدى؛ خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى بەدەل قىلىپ تۇرۇپ

مۇقىملىققا ئېرىشىشنى ئويلاش ئەكسىچە ئۇنۇم بېرىدىغانلىقىنى ئويلىشى كېرەك ئىدى؛ ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، مەخپىي ھەرىكەتلەرنىڭ چۆچۈگۈدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئەقىلدىن يىراق ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئەھۋال جۇڭگو تارىخىدا ئاز كۆرۈلگەن ئەمەس، بەلكى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تارىخىمۇ دەل مۇشۇنداق تارىخ ئىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى «تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت»نىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرەمدۇ ياكى رۇسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئوخشاش دەۋرنىڭ، تارىخنىڭ، دۇنيانىڭ ھازىرقى ئېقىمىغا ماسلىشىپ، پۇقرالارنىڭ مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە يول بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تاللاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، جۇڭگونى تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىشكە يېتەكلىشى كېرەكمۇ؟

ئەپسۇسكى جىياڭ زېمىن يېڭى يىلنى باستۇرۇش بىلەن باشلىدى.

# تايلاند گېزىتلىرى

1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

تايلانـد ئاخبـارات ساھەسـىدىكىلەرنىڭ خەۋەر قىلىـشىغا قارىغانـدا، ئامېرىكـا ئارمىيىـسى پـارس قولتۇقـدا ئىراقنـى بومباردىمـان قىلغانـدىن كېيىن، بۇ قېتىم ئامېرىكا ئارمىيىـسىنى ئـۆز ئىچـگە ئالغـان نـاتو ھەربـي قىـسىملىرىنىڭ ھـازىرقى زامـان تېخنىكىـسى ۋە زامـانىۋى قـوراللاردىن پايـدىلىنىپ يۇگوسـلاۋىيىنى بومباردىمـان قىلىـشى جۇڭگـودا ھەربـي تەرەپنىـڭ دىققىتىنـى قوزغىـدى. كەلگۈسـىدە بېيجىڭنىـڭ تاكتىكىـسى ۋە ھەربـي تەييارلىقنىـڭ نىـشانىنى ئۆزگەرتىـشى مـۇمكىن. شـۇڭا جۇڭگـو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويماقچى بولدى.

ئىنگلىز تىلىـدا نەشىر قىلىنىـدىغان تايلانـد «مىللـەت گېزىتـى»نىـڭ مۇخبىرى بېيجىڭدىن خەۋەر قىلىپ: «بېيجىـڭ ناتونىـڭ يۇگوسلاۋىيىنى بومباردىمان قىلىشىغا، باشقا دۆلەتلەرنىـڭ ئىچكـى ئىـشلىرىغا ئارىلاشـتى، دەپ قارشـــى تۇرغانـــدىن باشـــقا، بېيجىـــڭ كەلگۈســـىدە «شـــىنجاڭ مۇسـتەقىللىقى»، «تىـبەت مۇسـتەقىللىقى»غـا دۇچ كەلگەنـدە، غەرب دۆلەتلىرىنىـڭ شـۇ مىللەتلەرنىـڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىـرىگە ئارىلىـشىپ جۇڭگونىـڭ يۇگوسـلاۋىيىگە ئوخـشاش تەقـدىرگە ئـۇچراپ قېلىـشىدىن ئەنسىرەپ قالدى» دەپ كۆرسەتتى.

# ناتو

1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

ناتو 7 ـ چېسلا كېچىدە يۇگوسلاۋىيىنىڭ بېلگراد شەھىرىنى بومباردىمان قىلغاندا، ئۈچ دانە راكېتا بېيجىڭنىڭ بېلگرادتىا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا تېگىپ، باش ئەلچىخانا ئوت ئىچىدە قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئامېرىكا «بوزەكلەرنى بوزەك قىلىدۇ»، «ئاجىزلارنى ئانى تاپىدۇ» ۋە «چوڭ دۆلەتلەرگە چېقىلالمايدۇ» دەيدىغان ئامىۋى ساۋاتسىزلىق بىلەن توقۇپ چىقىرىلغان پەتىۋالار، ئەپسانىلەر يىمىرىپ تاشلاندى. ئېنىق ئېيتقاندا، بېيجىڭنىڭ بېلگرادتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ بومباردىمان قىلىنىشى، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان جۇڭگولۇق بېدىكلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى.

«يۇگوسلاۋىيە ئاگېنتلىقى»نىڭ مۇخبىرى، تا س س مۇخبىرىنى زىيارەت قىلغاندا رۇسىيىلىك بۇ مۇخبىر: «باش ئەلچىنىڭ ئەتراپىدا بومباردىمان قىلىشقا تېگىشلىك ھەربىي نىشان يوق ئىدى. ناتونىڭ ئايروپىلانلىرى ختايىنىڭ باش ئەلچىخانىسىنى مەقسەتلىك بومباردىمان قىلدى. بۇ ۋەقەنى ھەرگىز ئۇچقۇچىلارنىڭ سەۋەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس» دېدى.

باش ئەلچى پەن جىن لىننىڭ ئۆلمەي تۇرۇپلا يۈرىكى چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرۈپ قارىغۇ بولۇپ قالغان ئىتتەك غىڭشىدى. جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتى ئېلان قىلىپ: «بۇ ھەرىكەت ناتونىڭ ياۋۇزلۇقىنى ئاشكارىلىدى، باش ئەلچىخانىنى بومبىلاش ھەرىكىتىگە ناتو مەسئۇل بولۇشى كېرەك، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەدرىجىي ھەرىكەت قوللىنىش ھوقۇقىنى ساقلاپ

قالدۇ» دېدى. جۇڭنەنخەي كېچىلەپ يىغىن ئېچىپ: «ناتونىڭ باش ئەلچىخانىمىزنى بومباردىمان قىلىشى سەۋەنلىك بولماستىن، بەلكى ئامېرىكىنىڭ پىتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان، جۇڭگودا مۇقىمسىزلىق ۋە كەڭ كۆلەمدە سىياسىي داۋالغۇش پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەت» دەپ قارار قىلىشتى. خەۋەرلەرگە قارىتا جۇڭنەنخەي: «دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ مىللىي ھېسسىياتىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ناتوغا قاتتىق مۇئامىلە قوللىنىپ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش»نى قارار قىلغان ئىمىش.

نۆۋەتتە مەسىلە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ئاۋارە قىلىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى، جۇڭگودا ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات ئۆرلەپ تۇرغان ئەھۋالدا، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان زىددىيەتلەرنى قانداق ئۇسۇل بىلەن پەسەيتىش نۆۋەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۇچ كەلگەن دىپلوماتىك خىرىس بولۇپ قالدى. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئىككى تۈرلۈك — بىرىنچى، ناتونىڭ بېلگرادتا خىتاينىڭ باش ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلىشى، ئىككىنچى، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «بىخەتەرلىك، ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نىڭ يېڭى كۆرسەتكۈچ پەيدا قىلغان زىددىيەتلەر نۆۋەتتە جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم زىددىيەت بولۇپ قالدى.

ناتو يۇگوسلاۋىيىگە ھەربىي ھەرىكەت قوللانغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ ۋەزىرى بىلايېر ھەربىي ھەرىكەتكە باھا بېرىپ: «سوغۇق

مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلۈشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيادا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنىڭ ئۈلگىسى تىكلەندى» دېيىشتى. قىسقىسى، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، ئەنئەنىۋى خەلقئارا ئادەتلەرنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئىنسانىيەتچىلىككە مۇخالىپ، ئىرقى ۋە ئېتنىك تازىلاش ئېلىپ بارغان. ئەمما ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت يۇگوسلاۋىيىگە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۈزۈش كرىزىسى پەيدا قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئىچكى ئۈزۈش ئېھتىماللىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ دۇنياۋى ئادالەتنى ۋە رايون خاراكتېرلىك ئادالەتنى قوغداپ قالدى. ئەگەر ناتونىڭ ھۇجۇمى ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلسا، كوسوۋولۇق مۇسۇلمانلار ئالىي ئاپتونومىيىگە ياكى مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا ئىككىنچى بىر خىل يۇگوسلاۋىيە ۋە ئىككىنچى بىر خىل كوسوۋو ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۈزۈشتىن كېيىنكى دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپى ئاستا ـ ئاستا شەكىللەنگەن بولاتتى. بۇ دېمەك، جۇڭگونىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى ئامېرىكىنى زىيارەت قىلغاندا، مۇخبىرلار تېببەت مەسىلىسى بىلەن كوسوۋو مەسىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ سوئال قويغاندا، جۇرۇڭجىنىڭ نېمە ئۈچۈن چىچاڭشىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ياپونىيىنىڭ ۋەزىرى كوزۇمى ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن ياپونىيە پارلامېنتى، ياپونىيە ـ ئامېرىكا ھەربىي ئىشلار شەرتنامىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۈچ تۈرلۈك قانۇن لايىھە ماقۇللىدى.

1 . ياپونىيە دېڭىز ئەتراپىدا ئۈزۈش يۈز بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك قانۇن لايىھە؛ 2 . ياپونىيە قوغدىنىش ئارمىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇننى ئۆزگەرتىش قانۇن لايىھىسى؛ 3 . ئۈزۈش دەۋرىدە ياپونىيە ـ

ئامېرىكا ئۇرۇشقا كىرەكلىك ماددىي لازىمەتلىكلەرنى ئۆزئارا يەتكۈزۈپ بېرىش قانۇن لايىھىسى قاتارلىق قانۇنلارنى ماقۇللىدى. جۇڭگو: «ياپون دېڭىزى ئەتراپىدا ۋەقە يۈز بەرگەندە» دەپ بەلگىلەنگەن ماددىلارغا قەتئىي قارشى تۇردى. چۈنكى، بۇ ماددىغا ئاساسلانغاندا، تەيۋەن ياپون دېڭىزى ئەتراپىغا تەئەللۇق ئىدى. بۇ توغرىدا جەنۇبىي كورىيە گېزىتلىرى: «قانۇن لايىھە ياپونىيىنىڭ ھەربىي كۈچ دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى» دەپ كۆرسەتتى. تەيۋەن، فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەر: «ئامېرىكا ـ ياپونىيە ھەربىي ھەمكارلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا پايدىلىق» دەپ كۆرسەتتى.

ناتونىڭ يۇگوسلاۋىيىگە ئۇرۇش قوزغىشى، ئامېرىكا ـ ياپونىيە مۇناسىۋەتلىرى، كوسوۋو بىلەن تىبەتنىڭ بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇشى پەيدا قىلغان خەلقئارا ۋەزىيەت خىتاي ھۆكۈمىتىدە ئويلىنىش، چۆچۈش، بىئاراملىق پەيدا قىلدى.

## تەيۋەن ـــ لى دىڭ خۇي

1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى لى دىڭخۇي يېزىپ پۈتتۈرگەن «تەيۋەننىڭ تەشەببۇسى» ماۋزۇلۇق كىتاب 16 ـ كۈنى تەيۋەندە نەشىردىن چىقتى. بۇ كىتابنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئامېرىكا، تەيۋەن، ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە سىياسىي نۇقتىدىن قاراش كېرەك.

ئامېرىكا، ياپونىيە، تەيۋەن ئۈچ تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇرلىششى ئاسىيا ئۈچۈن ئېيتقاندا كۆپ تەرەپلىملىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىقتىساد ساھەسىدىلا ئەمەس، سىياسەت ساھەسىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان مۇناسىۋەتتۇر. مەن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كەلگۈسىنىڭ، تەيۋەننىڭ مەۋجۇدلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق تەكىتلىدىم. شۇنداقلا ئەمەس، تەيۋەننىڭ مەۋجۇدلۇقى ئاسىيانىڭ كەلگۈسىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تەيۋەننىڭ مەۋجۇدلۇقى ئاسىيانىڭ كەلگۈسىنى بەرپا قىلىشتا ھۇل تاش بولۇپ قالدى، دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

كىتابتا يەنە مۇنداق شەرھلەر ئورۇن ئالدى:

بۈگۈنكى تەيۋەننىڭ ئورنى ياكى ھازىرقىچە تەيۋەننىڭ ئورنى جۇڭخۇا مىنگو دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. تەيۋەندە جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقلۇق خاراكتېرگە ئىگە ھەم مۇستەقىل ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

تەيۋەننىڭ ئىچكى قىسمىدا بەزىلەر جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. مەن ئۇنداق قىلىش كېرەك ئەمەس دەپ

قارايمەن. چۈنكى، تەيۋەن جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنى جاكارلاش تەيۋەننىڭ سوبيېكتىلىق ئورنىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ، تەيۋەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق مۇستەقىل تەيۋەن بولۇپ تۇرۇشىغا بوھران پەيدا قىلىدۇ. تەيۋەننىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىز مەۋجۇدلۇق مەسىلىسىنى بۇ خىلدا ئاددىيلاشتۇرىدىغان، مۇستەقىللىق مەسىلىسىنىمۇ بۇ خىلدا ئاددىيلاشتۇرىدىغان ئۇسۇللارنى رەت قىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا قانۇنى جەھەتتە بەلكى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان ئاساسلارنى تۇرغۇزۇشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. پرېزىدېنت ئەمىلىمەدىن خالاس بولۇش ئالدىدا، خەلقئارا قانۇنشۇناسلارنى توپلاپ، تەيۋەننىڭ دۆلەتلىك ئورنى مەسىلىسى بويىچە ئىنتايىن مۇكەممەل شەرھى بېرىشنى ئويلايمەن.

كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلىدى:

ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان پوزىتسىيىسى، ھەرقايسى دۆلەتلەر تەيۋەن بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا ئاۋۋال ئويلىشىدىغان مەسىلىدۇر. لېكىن بىز، جۇڭگونىڭ زوراۋانلىقى ئۆزگەرمەي داۋاملىشىدىكەن، تەيۋەن ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماي، ئاسىيا رايونىنىڭ تىنچلىقى ھەم تەۋرىنىشكە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىشىمىز كېرەك. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇ يەردىكى جۇڭگونىڭ ئالدىدا مەيدانى ئىنتايىن ئاجىز بولۇۋاتقان دۆلەت ياپونىيە، ياپونىيە ھەرقانداق ئىشتا جۇڭگو دائىرىلىرىدىن مەسلىھەت سوراپ كەلمەكتە. تارىخنى چۈشەندۈرگۈچە شۇنداق بولۇپلا قالماي، ھەتتا سىياسىي مەسىلىلەردە ھەم شۇنداق قىلىپ كەلمەكتە.

زوراۋانلىقتا قوشۇمچە قىلىنغان مىللەتچىلىك ــ بۈيۈك خىتايچىلىق باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا يەنىلا تەھدىت خاراكتېرلىك خىتايچىلىقتۇر. بەلكى رۇسىيە جۇڭگونىڭ ھەرخىل بېسىملىرىنى تېخى ھېس قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ھىندىستان قاتتىق بېسىم ھېس قىلغانلىقتىن جۇڭگو بىلەن تىركەشمەكتە. بۇنداق ئەھۋال داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىكەن، ئاسىيادا ئەبەدىي ئاسايىشلىق بولمايدۇ.

ئەڭ غايىلىك ھالەت شۇكى، جۇڭگو بۈيۈك خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ چۈشەكلىرىدىن قۇتۇلۇپ، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئېگىلىك ھوقۇقتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا يول قويۇشى كېرەك. مەسىلەن: تەيۋەن، تىبەت، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇلىيە، شەرقىي ـ شىمال (مانجۇرىيە) قاتارلىق رايونلارنى يەتتە بۆلەككە ئايرىپ ئۆزئارا رىقابەتلىشەلەيدىغان، تەرەققىيات قوغلىشىدىغان بۈيۈك ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە قىلىشى كېرەك. ئاسىيا شۇ ۋاقىتتىلا ئاسايىشلىق كۈنلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.

كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى:

تەيۋەننىڭ تەرەققىياتىنى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر قول تۇتۇشۇپ يەكدىللىق بىلەن ياراتتى. بۇنداق يارىتىشقا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ھېچقانداق تۆھپە قوشقان ئەمەس. شۇڭا تەيۋەن توغرىسىدا ھەرقانداق تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى يوق. بىز تەيۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى ئاللىقاچان ئىچكى مەسىلە بولۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى، بەلكى ئوخشاش دەرىجىلىك سىياسىي گەۋدە سۈپىتىدە بار ـ يوقنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ كەتتى، دەپ

قـارايمىز. شـۇنىڭ ئۈچـۈن بىـز، گومىنـداڭ بىـلەن كوممۇنىـستلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئـۆتكەن ئىچكى ئۇرۇشنى تەكتلەيدىغان تەپەككـۇر ئەندىزىسىدىن قۇتۇلـۇپ، جۇڭگـو كوممۇنىـستلىرى تەيـۋەن مەسلىـسىنى قورال كـۈچى ئـارقىلىق ھەل قىلىـدىغان شـوئاردىن ۋاز كېچىشى كېرەك، دەپ قـارايمىز. خىتـاي كوممۇنىـستلىرى تەيۋەنىنـڭ دېموكراتىـك تەرەققىياتىغا ئەمەلىـي مۇئـامىلە قىلمـاي، قـورال ئىـشلىتىمىز دەۋاتىـدۇ، ۋاز كەچمەيۋاتىـدۇ. شـۇڭا ئىككـى قىرغـاق مۇناسـىۋىتىدە يېڭـى ئـۆزگىرىش بولمىغانلىقىدىن كىشىلەر بىئارام بولۇۋاتىدۇ.

كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى:

مەن ئامېرىكىنىـڭ تەدرىجىـي چۈشىنىۋېلىـشى ئۈچـۈن نۇرغـۇن ئۈچـۇرلارنى تـوپلاپ رەتلىـدىم. تەيۋەنىنـڭ خىيـاللىرىنى ئامېرىكىغـا مۇكەممەل يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ خىل تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. مەن يېقىندا ئامېرىكىنىڭ بىر نەپەر سىياسىي ئەربابىغا: سىلەر جۇڭگـو بىـلەن ئالاقىلىـشىش سىياسـىتىنى تەشـەببۇس قىلىۋاتىـسىلەر، «ئالاقىلىـشىش» دېگەن ئىبارە سىياسىي ساھەدە تولىمۇ مۇۋاپىـق ئىـشلىتىلمىگەن ئىپادە، دېدىم. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگـو بىـلەن ئالاقىلىشىشىنىڭ زۆرۈرىيىتـى يـوق. بۇنىـڭ ئورنىغـا ئامېرىكـا بېـسىم ئـارقىلىق جۇڭگـونى مەدەنىيەتلىـك دۇنياغا سۆرەپ كىرىشى كېرەك. شۇڭلاشقا ئاسىيادا، ھەتتـا پۈتـۈن دۇنيـادا جۇڭگـونى ئـۆزگەرتىش ــ جۇڭگونىـڭ زوراۋانلىقىنـى، مۇسـتەبىت سىياسـىي تـۈزۈمىنى ھەمـدە مـۇۋازىنەتتىن خـالاس بولغـان ئىقتىـساد قۇرۇلمىـسىنى مەرىپەتلىـك تەرەققىيـات يۈزلىنىـشىگە، زامانىۋىلاشـقان تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش مۇھىم تېمىغا ئايلىنىپ قالدى.

2 ـ جۇڭگونى ئۆزگەرتىشكە قىستىغان سىياسىي ۋەزىيەت.

نـۆۋەتتە ئامېرىكـا بـىلەن جۇڭگونىـڭ ئـىستراتېگىيىلىك ھەمكـارلىق مۇناسىۋىتى مۇنداق ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ قالدى:

1 . ئـىستراتېگىيىلىك ئالاقىلىـشىش، سۆزلىشـىشنى داۋاملاشـتۇرۇپ، يـۇقىرى دەرىجىلىـك ئەمەلـدارلارنىڭ، ھەربىـي مۇتەخەسسـىسلەرنىڭ، يـۇقىرى دەرىجىلىـك ئوفىتـسېرلارنىڭ قارشـى تەرەپنـى ئۆزئـارا زىيـارەت قىلىشى ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛

2 . جۇڭگـونى دۈشــمەن، دەپ قارىماســلىق، ئامېرىكىنىــڭ ئـاقىلانىلىكىنى جۇڭگـو تەرەپـكە كۆرسـىتىپ تـۇرۇش، ئىككـى تەرەپنىـڭ سىياسـىي مەيدانـىدا ئىختىلاپ بولىسمۇ، ئىمكانىيەتنىـڭ بـارىچە ئورتـاق مەنپەئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

لـېكىن ئامېرىكىنىــڭ جۇڭگـو بىـلەن ئالاقىلىـشىش سىياسـىتىدە بىــرنەچچە تۈرلــۈك ئـىستراتېگىيىلىك يېتەرسـىزلىكلەر سـاقلىنىپ كەلمەكتە.

جۇڭنەنخەيىنىڭ بەگلىرى ھـازىر ئامېرىكىنىـڭ دۆلەت مەنپەئىتىنىـڭ قەيەردىلىكىنى چوڭقۇر پەملەپ يەتتـى. ھـازىر خەلقئـارا جەمئىـيەت ئەمەل قىلىۋاتقـان سىياسـىي ئەنـدىزىلەرگە قەتئىـي قارشـى تـۇرۇپ، جۇڭگـو ئۆزىنى چوڭ دۆلەت قاتارىغا قويۇپ ئـاۋۋال ۋە ھـازىرقى كۈنـدىمۇ مەۋجـۇد بولـۇپ تۇرۇۋاتقــان خەلقئارالاشــقان قىمــمەت قــاراش ئــۆلچەملىرىنى، قائىــدىلەرنى ئۆزگەرتىـشنى ئامېرىكـا ۋە يـاپونىيە قاتـارلىق دۆلەتلەردىــن تەلەپ قىلماقتا، جۇڭگو كوممۇنىـستلىرى سابىق سـوۋېتلەرنىڭ رەھبىـرى گورباچېۋنىــڭ تەجــرىبە ـ سـاۋاقلىرىنى ئـاچچىق تەجــرىبە ـ سـاۋاقلار قاتارىـدا قوبـۇل قىلـدى. چـۈنكى جۇڭگـودا جەمئىـيەت قۇرۇلمىـسىنىڭ زىـددىيەتلەرگە توشـۇپ كەتكەنلىكىنـى ھـېس قىلىـپ يەتـكەن ئىـدى.

بىراق، كوممۇنىستلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، جۇڭگو ھەرگىز سىياسىي ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئىسلاھاتى ئېلىپ بارمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن ئالاقىلىشىش سىياسىتى ئېقىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا تەھدىت پەيدا بولدى، دەپ قارايدىكەن، جۇڭگو شۇ ھامان ئالاقىلىشىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن. شۇڭا جۇڭگو ئىنتايىن زور خەلقئارا بېسىمغا دۇچ كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە تىز پۈكۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە دۆلەت ئىچى ۋە دۆلەت سىرتىدا خىتاي مىللەتچىلىكى ھەدەپ كۆز - كۆز قىلىپ خەلقئارا بېسىمغا قايتۇرما زەربە بەرمەكتە. تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە ئامېرىكىنىڭ يول قويۇشىنى تەلەپ قىلماقتا. بىز تەيۋەننىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ تەيۋەنگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپلا قالماي، جۇڭگونىڭ، ئاسىيانىڭ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم مەۋجۇدلۇق ئىكەنلىكىنى ئامېرىكا ۋە ياپونىيە دۆلەتلىرىنىڭ چۈشىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى

1999 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

ناتو جۇڭگونىڭ بېلگرادتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگودا مەملىكەت خاراكتېرلىك ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1966 - يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ھوشىنى يوقاتقان «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ئەنگلىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋاكالەت خانىسىنى كۆيدۈرگەندەك جۇڭگولۇقلار بۈگۈن يەنە شۇنداق غەزەپ بىلەن ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىخانىسىنى قورشىۋالدى.

جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ ۋە پۇقرالار ئىچىدە مۇشۇنداق تېز ئىنكاس قايتۇرۇشقا سەۋەب بولغان ئامىللار مۇرەككەپ، ئىنتايىن چوڭقۇر قاتلاملىق ئامىللار بولۇپ، باش ئەلچىخانىنى بومباردىمان قىلىش ۋەقەسىنىڭ نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ سىياسىي ئېكولوگىيىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايتتى. خىتاي پۇقرالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا نۆۋەتتىكى ئەھۋالنىڭ تەرەققىي قىلىپ شۇ دەرىجىگە يېتىپ كېلىشى ئىلگىرى - كېيىن ھامان بىر كۈنى يۈز بېرىدىغان ئىش ئىدى. 10 يىلدىن بېرى جۇڭگو دائىرىلىرى بىردەم يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت بىلەن جەمئىيەتكە بېسىم ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي بىپەرۋالىققا يول قويۇپ، جۇڭگودا ئاڭلىق كىشلەرنىڭ نامايىشمۇ ھەتتا ئىستىخىيىلىك نامايىشمۇ يۈز بەرمىگەن ئىدى. بۇ قېتىم باش ئەلچىخانىنىڭ بومباردىمان قىلىنىشى جۇڭگو پۇقرالىرىغا ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

بۇگــۈن جۇڭگــودا غەزەپىنىــڭ جۇغلىنىــشى، جەمئىيەتنىــڭ ھەرخىــل زىــددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىنماي جۇغلىنىــشىغا بــاغلىق بولــۇپ، ئۇنىڭــدىن باشــقا جۇڭگونىــڭ خەلقئــارا ســەھنىدە ئوڭۇشــسىزلىققا ئۇچرىــشى، بولۇپمــۇ يېقىندا ئامېرىكىــدا قوزغالغــان جۇڭگوغــا قارشــى تــۇرۇش دولقــۇنى قاتــارلىق زىـــــددىيەتلەرگە مۇناســـــۋەتلىك جـــــۇغلىنىش ئىـــــدى. دائىرىلەرنىـــــڭ دىپلومـــــاتىيە ساھەســـــىدە «زوراۋان سىياســـــىيغا تۇتقـــــان پاســـــسىپ مۇئامىلىسى»دىن نارازى بولغــان جۇڭگــو پۇقرالىرىنىــڭ جۇغلانغــان غەزىپــى خىتاي مىللىتىنىڭ «مىللىي غۇرۇرى»نــى تېراگىــدىك خۇسۇســىيەتكە ئىــگە قىلغانلىقتىن جۇغلانغان غەزەپ ئىدى. ئۇزۇنــدىن بېــرى بېــسىلىپ تۇرغــان غەزەپ ئــۆزىنى ئاشــكارىلاش پۇرســىتىگە ئېرىــشكەندە، ئامېرىكىغــا قارشــى كەيپىياتنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەندىن باشقا مۇبــادا تىزگىنلەنمىــسە، جۇڭگــودا سىياسىي بوھران پەيدا قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى.

جۇڭگــو دائىرىلىرى پۇقرالارنىــڭ نامــايىش قىزغىنلىقىنــى تولــۇق بىلىــپ تــۇراتتى. ھــازىرغىچە خەلــق رايىــدىن تولــۇق پايــدىلىنىپ، تاشــقى جەھەتــتە ئامېرىكىغــا خەلــق رايىنــى كــۆزىر كۆرســىتىپ، يەنە بىــر تەرەپــتىن ئــۆرلەپ تۇرغــان خەلــق رايىــدىن پايــدىلىنىپ «4 ـ ئىيــۇن» يېتىــپ كېلىشۋاتقــان پەيتــتە جۇڭگــو پۇقرالىرىنىــڭ ۋاقىــت قارشــىنى ئۇســتىلىق بىــلەن چەتــكە بۇرىۋەتتى. مۇبــادا جۇڭگــو دائىرىلــىرى نامايىــشنى قانــداق يىغىــشتۇرۇشنىڭ خەتىــرىگە دۇچ كەلگەنــدە، بىــر تەرەپ قىلىــش مۇۋاپىــق بولمايــدىكەن، جۇڭگــو كوممۇنىــستلىرىنىڭ ئــۆزىگە ئــوت تۇتۇشــۇپ كېتىــشى مــۇمكىن ئىدى.

خىتــاي كوممۇنىــستلىرى ئىنتــايىن خەۋپلىــك سىياســىي ئۆزگىرىــشنىڭ ئاچىلىــدا تــۇراتتى. ئەلچىخانىنىــڭ بومبارىدىمــان قىلىنىــشى مەقــسەتلىك

بولسۇن ياكى مەقسەتسىز بولسۇن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دىپلوماتىك تىرىشچانلىقىنى، بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيانقى چوڭ دۆلەت دىپلوماتىييسىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۇتۇقلۇق ئۇچراتتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق قوللار، مۆتىدىللەر دېيدىغان مەزھەپچىلىك بولمىسىمۇ، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىگە قارىتىلغان دىپلوماتىيە مەسىلىسىدە ئوخشاشمىغان پىكىر ـ ئىختىلاپلار مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن. لېكىن ئامېرىكىغا قارشى جۇڭگوچە دولقۇننى بىر تەرەپ قىلىشتا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش جەھەتتە يەنىلا ئامېرىكىغا زور دەرىجىدە يول قويۇشقا توغرا كېلەتتى. جياڭ زېمىننىڭ ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشكە كۈچ چىقىرىشى، جۇرۇڭجىنىڭ ئامېرىكىغا يول قويۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈچلۈك ئىختىلاپلىق پىكىرلەرنى پەيدا قىلسىمۇ يەنىلا خىتايچە بىردەك مىللەتچىلىك ئامېرىكىنىڭ ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالمايتتى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىچكى جەھەتتە قايىل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان دەل شۇنداق پەيتتە، ئەلچىخانىنىڭ بومباردىمان قىلىنىشى ئىچكى نىزانى كۈچەيتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: كوسوۋو بوھرانى پارتلىغاندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئامېرىكىغا قارشى رادىكال پىكىر قىلغۇچىلار: «شىمال ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى كوسوۋودا غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن مەيلى ئامېرىكا مەيلى ناتو بولسۇن تىبەت مەسىلىسى، شىنجاڭ مەسىلىسى، تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە جۇڭگونى يارنىڭ لېۋىگە قىستاپ قويىدۇ... يەنە بەزىلەر: جۇڭگونى پارچىلىشى مۇمكىن» دېيىشكەن ئىمىش.

جۇڭگو ھەربىي تەرەپ: «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ھەرقانداق پايدىلىق ئىش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، رۇسىيە بىلەن چەكلىك ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئامېرىكىنى تىزگىنلەش، ناتونى چەكلەش ھەمدە قاتتىق ئىپادىلىك بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىغا قارىتا خام خىيالدا بولۇۋاتقان بەزى كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش مەسىلىسى بىلەن ناتونىڭ باش ئەلچىخانىنى ئوققا تۇتقانلىقىنى بىرلەشتۈرۈشنى» تەشەببۇس قىلغان ئىمىش.

دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقىتسىز قوزغىلىپ قالماس، لېكىن دۆلەتلەرئارا مەنپەئەت توقۇنۇشى، غەيرىي ئىدېئولوگىيىلىك ھالەتلەر توقۇنۇشىنى ئاساس قىلغان يېڭى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسىم ھالەتلىرى ئاللىقاچان شەكلى ھالەتكە كېلىپ قالدى. بۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كەلگەن، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئالدىدا ئېچىۋېتىلگەن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئاز ـ تولا ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى تەييارلاۋاتقان جۇڭگونىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاچا يولغا كېلىپ قالدى. ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىنى ئەمدى تاقىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتى، ئىچكى سىياسىتى، ماڭماقچى بولغان يولى ۋە تەرتىپكە سالغان پوزىتسىيىلىرىدە زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى تۇرغان گەپ.

نامايىش ئاخىرلاشتى، نامايىشچى خىتايلار ئەمدى بېيجىڭدا ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ۋىزا ئېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتكە تۇرۇشى مۇمكىن.

## تەيۋەندە...

1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

تەيۋەندە پرېزىدېنت لى دېڭخۇي يېڭى نەشردىن چىققان ئەسىرى «تەيۋەننىڭ تەشەببۇسى» ماۋزۇلۇق كىتابىدا، جۇڭگو ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە يەنى مۇستەملىكە قىلىنۋالغان تىبەت، ئۇيغۇردەك مىللەتلەرگە تەھدىت پەيدا قىلىۋاتقان زومىگەرلىكىدىن، چوڭ خىتاي مىللەتچىلىكىدىن ۋاز كېچىپ، قۇتۇلۇپ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان رايونلار ــ مەسىلەن: تەيۋەن، شىنجاڭ، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە قاتارلىق رايونلارغا تولۇق ئىگىلىك هوقۇق بېرىپ جۇڭگونى يەتتە بۆلەككە پارچىلاپ، ئۆزئارا رىقابەتلىشىدىغان، تەرەققىياتنى قوغلىشىدىغان، ئەڭ غايىلىك يولنى تاللىۋېلىشقا يول قويىدىغانلا بولسا، ئاسىيا تېخىمۇ ئاسايىش بىر دەۋرگە كىرگەن بولاتتى، دەپ كۆرسەتتى.

بۇ سىياسىي ماقالىنىڭ پۈتۈن بايان خاراكتېرلىك تېمىسىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئەتراپتىكى رايونلار ۋە دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىن قورقۇشنى تۈگىتىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ هازىرقى خەرىتىسىگە ئاساسلىنىپ پارچىلايدىغان بولسا، شەرقىي ــ شىمال (مانجۇرىيە) شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە، تەيۋەن ئويۇپ چىقىرىۋېتىلگەندە جۇڭگونىڭ پەقەت دېڭىزغا تۇتىشىدىغان جەنۇبىي ۋە شىمالىي بۆلىكىلا خىتايلارنىڭ ياشاش ماكانى بولۇپ قالاتتى. ئۇنداقتا جۇڭگونى شۇنداق پارچىلاش، بۆلۈپ باشقۇرۇش (باشقۇرۇش خەلقئارا جەمئىيەتكە قارىتىلغان) مۆتىدىل بەلۋاغ پەيدا قىلىپ پەرەز قىلىنغان دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشنى

تەكىتلەيـــدىغان گېئوپولىتىكىلىــق تەكىتلەشـــكە تـــازا مۇۋاپىقلاشـــقان بولاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا لى دىڭخۇيىنىڭ بـۇ خىـل تەپەككـۇرى قـۇرۇقتىن ـ قـۇرۇق ئويـدۇرۇپ چىقىرىلغـان تەپەككۇرمـۇ ئەمەس، بەلكـى رېئـال ئاساسـلارنى نەزەرىيـۋى سىياسـي تەپەككۇرغـا ئاسـاس قىلغـان. جۇڭگونـىڭ ئەتراپىـدىكى مۇسـتەملىكىلىرى ئۇيغۇرىسـتان، تىـبەتلەر ئـۇزۇن يىللاردىـن بېـرى خىتـاي ھـاكىمىيىتىگە قارشـىلىق كۆرسـىتىپ، مۇسـتەقىللىق ھەرىكىتىنـى بىـر كۈنمـۇ توختاتمىـدى. ئەكسىچە جۇڭگـو مۇسـتەملىكىچىلىرى ئىچكـى موڭغـۇلىيە بىـلەن ئۇرۇشـتىن كېيىـن مۇسـتەقىللىق جاكارلىغـان تاشـقى موڭغـۇلىيىنى بىرلەشـتۈرۈپ، جۇڭگـو تېررىتورىيىـسىگە قوشۇۋېلىـشنىڭ كويىـدا بولـۇپ كەلـگەن. ئەسـلى ياپونىيىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى زېمىنى ھېسابلانغان شەرقىي ـ شىمال ئـۈچ ئۆلكىدە ياپونىيە، مانجۇلار ھـاكىمىيىتىنى قۇرغـان تـارىخ، جۇڭگولۇقنىـڭ نەزىرىدە ۋەتەننـى مـۇنقەرز قىلىـش تـارىخى، دەپ قارالسا، بىـر ئەسـىردىن بېـرى تاجـاۋۇزچىلار پەيـدا قىلغـان جاراھەتلىـك بەدىنىمىزنىـڭ كـۆرگەن چۈشـى، دەپ قـارايتتى، يـۈز يىلـدىن بېـرى دۆلەت قۇرۇشـنى، قـۇدرەت تېپىـشنى، ئاسـايىش كـۈنلەرگە ئېرىشـشنى ئـويلاپ يـۈرگەن خىتـاي ياپونىيىنىـڭ تاجاۋۇزىغـا ئۇچرىغـان. بـۇ، جۇڭگولـۇق بەزگەكلەرنىـڭ ئـاجىزلىقى ۋە تەبىـئەت جۇڭگولۇقلارغـا ئاتـا قىلغـان تەقـدىر دەپ قارىلاتتى. بىراق، بۇ تەقدىر ـ قىسمەتنى يەنە ياپونىيە ئـۆز قـولى بىـلەن ئۆزگەرتىـۋەتتى. ئامېرىكىنىـڭ فىرىـل ـ فـاربىر پورتىغـا ھۇجـۇم قىلىـپ، زور دەرىجىـدە ھەربىـي ـ سىياسـىي خاتالىققـا يـول قويـۇپ، ئـامېرىكىنى ئۆزىنىـڭ دۈشـمىنىگە ئايلاندۇرغانـدىن باشـقا يـاپونىيە، ئـامېرىكىنى

خىتاي بەزگەكلىرىنىڭ دوستىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە، خىتايلارنىڭ قۇل بولۇش تارىخىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئامىرىكىلىقلار، ئاسىيانىڭ تارىخىنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ، خەرىتىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇرىستان، مانجۇرىيە قاتارلىق مۇستەقىللىق جاكارلىغان دۆلەتلەرنىمۇ خىتاينىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇپ بەرگەن.

لى دىڭخۇيىنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش ۋە جۇڭگونىڭ يىمىرىلىشىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ تۇرۇش نىيىتىمىز يوق، دېگەندىن كېيىن چەت ئەللەردە خىتاي مىللەتچىلىرى: «لېكىن لى دىڭخۇيىنىڭ يەتتە دۆلەت نەزەرىيىسى ھەرخىل پەرەزلەر ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى مۇمكىن، دەيدۇ. شاڭگاڭدا نەشىر قىلىنىدىغان كوممۇنىست خىتايلارغا مايىل گېزىتلەر: لى دىڭخۇيىنىڭ تەشەببۇسى بىر تەيۋەن بىر جۇڭگو ياكى ئىككى جۇڭگو تەشەببۇسىدىن تەرەققي قىلىپ، جۇڭگونى يەتتە دۆلەتكە پارچىلايدىغان چەت ئەل كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭگونى ئۈزۈل ـ كېسىل پارچىلايدىغان دەرىجىگە يەتتى، دېيىشتى. جۇڭگونىڭ بۇ خىل پەرەزلىرى نىشانىسىز ئوق ئېتىشمۇ قانداق؟ سوراپ باقايلى، ھازىر تەيۋەن، جۇڭگو ئىككىگە پارچىلىنىپ تۇرامدۇ ياكى بىرلىككە كەلگەن دۆلەتمۇ؟

لى دىڭخۇي جۇڭگونى يەتتە بۆلەككە پارچىلاشنى تەشەببۇس قىلدى، تەيۋەن مۇشۇ بۆلەكلەر ئىچىدىكى بىرى ھېسابلاندى. ئەلۋەتتە تەيۋەن ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت، ئەلۋەتتە مۇستەقىل دۆلەت، ھېچبولمىغاندا بىر مۇستەقىل سىياسىي گەۋدە، ئۇنداقتا ئۇيغۇرىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە، شەرقىي ـ شىمالى (مانجۇرىيە) نى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك، دېگەندىن كېيىن ژۇندە يالاپ يۈرگەن خىتاي

مىللەتچىلىرى: بۇ رايونلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلىرىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرىمىز؟ تەيۋەنگە سىلىشتۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟ ئىگىلىك ھوقۇق بېرىپ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمىزمۇ؟ ياكى مۇستەقىل سىياسىي گەۋدە سۈپىتىدە تونۇپ، دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىمىزمۇ؟ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرىشىنى تەن ئالىمىزمۇ؟ دەپ رىتورىك سوئاللار قويۇشتى خىتاي مىللەتچىلىرى.

بېيجىڭ لى دىڭخۇينىڭ يەتتە دۆلەت نەزەرىيىسىگە ھۇجۇم قىلغاندىن باشقا، يەنە لى دىڭخۇي تەكىتلىگەن: «سىياسەت تۈز سىزىق، تۈز لىنىيە بويىچە ماڭمايدۇ؛ ئايلانما يوللارنى بېسىپ ئۆتكەندە مەقسەتكە ئاسانلا يەتكىلى بولىدۇ» دېگەن سۆزىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ «سەپسەتە» دېدى. بۇ سۆز ئەسلى لېنىننىڭ سۆزى بولۇپ، خىتايلارغا ناتونۇش ئەمەس ئىدىغۇ؟!

## ئۆتكەن ھەپتىنىڭ...

ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرى يېرىكلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەندە، جۇڭگو ئامېرىكا بىلەن بىر قەپەس ئېلىشىدىغان مەيداندىن جىددىي سىگنال بەردى. ئەمەلىيەتتە قورقۇنچاق خىتايلارنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى توغرا چۈشىنىمىز. بۇنداق جىددىيلىشىپ كېتىش باش ئەلچىنىڭ بومباردىمان قىلىنىشىغىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئامېرىكىدا قوزغالغان جۇڭگوغا قارشى دولقۇنغا، ئامېرىكا، ياپونىيە بىخەتەرلىك شەرتنامىسى قاتارلىق سەزگۈر مەسىلىلەرگىمۇ باغلىق بولۇپ قالغان ئىدى. كۆرەڭ خىتايلار دۈشمەنلىك بولۇپ قالدۇق، دۈشمەن ئورنىغا چۈشۈپ قالدۇق، قورشاۋدا قالدۇق دەپ، ئويلايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قوراللىق كۈچ ئارقىلىق «ۋەتەننى قوغدايدىغان» مىللەتچىلىك جۇڭگودا ئەۋجىگە چىقتى. لېكىن ئاقىۋەتتە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئەگەر جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتى بوھران دەۋرىگە كىرىپ قالىدىغان بولسا، جۇڭگو قورال كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋېرىدىغان بولسا، جۇڭگودا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىر كېچىدە سۇغا چىلاشقان بولاتتى.

خەلقئارا ۋەزىيەتتىن سۆز ئېچىپ جۇڭگو: «غەربلىكلەر جۇڭگوغا زېمىن تەلىپى قويماقچى» دېيىشتى. بۇ گەپ يۇقىرى دەرىجىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكمۇ ياكى تۆۋەن دەرىجىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكمۇ، بۇ جۇڭگوچە تۆھمەتچىلىكمۇ ياكى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغانلىقمۇ؟ غەرب دۇنياسى «تىبەت مۇستەقىللىقى»، «ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى»نى قوللىغان ئەھۋالدا بۇ زېمىنلارنى

قايسى غەرب دۆلىتى ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشىۋالاتتى؟ تىبەت تىبەتلەرنىڭ بولاتتى، ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرلارنىڭ بولاتتىغۇ؟ شۇڭا جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ يەردە «بۆرە كەلدى» دەپ توۋلىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. چەت ئەللەردە ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر ۋە سىياسىيونلارنىڭ نەزىرىدە جۇڭگو ئۆزى قارانىيەت دۆلەت دەپ ئاتالدى. جۇڭگونىڭ قارانىيەت دۆلەت ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالغان فىلىپپىن ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ فىلىپپىندا ھەربىي بازا قۇرۇشىنى قايتا تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ جۇڭگولۇقلار 10 يىل ئىچىدە يېتىلدۈرگەن ئىناق، قوشنىدارچىلىق سىياسىتى شەرقىي ئاسىيادا گۇمران بولدى.

ئۇنىڭدىن قالسا قورال كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىش جۇڭگودا ھەربىي تەرەپنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشىنى كۈچەيتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ قېتىمقى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش دولقۇنىدا جۇرۇڭجى ۋە ۋۇيى قاتارلىق ئىسلاھاتچىلار قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىغانلىقتىن ھەرخىل سورۇندا ھەرخىل پىكىر قىلىشقا مەجبۇر بولدىغۇ؟ (گەرچە بۇلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتى شۇنداق بولسىمۇ) ئۇلار كۆڭلىدە ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى يىمىرىلىدىغان بولدى، دەپ ئەندىشە قىلاتتى. بېلگرادتا باش ئەلچىخانا ئوق تېگىپ گۇمران بولغاندا ئۆلگەن خىتاي ئەلچىلەرنى ياغاچ ساندۇقتا سالغاندا، بۇ باش ئەلچىلەرگە ئىچ ئاغرىتقان جۇرۇڭجى كۆپ قېتىم يىغلىدى. بەلكىم ئۇ ئەلچىخانىدا ئۆلگەنلەرگە يىغلىغان بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم ئۇ ئاران

قولغــا كەلــگەن جۇڭگــو، ئامېرىكــا مۇناســىۋىتىنىڭ بىــر كېچىـــدە تۈگەشكىنىگە يىغىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھەددىــدىن زىيــادە قىزىــپ كەتمەڭــلار، كــۈرەڭ خىتــايلار، قىزىــپ كەتــسەڭلار يەنە ئوڭــايلا ســوۋۇپ قالىــسىلەر، ســوۋۇپ قالغانــدىن كېيىن يەنە قىزىــپ كېتىــشكە بەك ئــۇزاق ۋاقــت كېتىــدۇ. قىزىــق بىــر تەرەپ قىلىش، سوغۇق بىـر تەرەپ قىلىـش دېگەنـى ئـۆزۈڭلار كەشىپ قىلغان ئەمەسمۇ، بۈگـۈن ئـامېرىكىلىقلار ئۆزىنىـڭ يـولى بىـلەن ئـۆزىنى بـابلاش دېـگەن تەمـسىلنى ئۆگىنىــپ ئالغــانمۇ، ـ قانــداق؟ جۇڭگولــۇقلار قىزىــپ كەتــسە قىزىــق بىــر تەرەپ قىلمـاقچى بولۇۋاتىــدۇ؛ جۇڭگولــۇقلار ســوۋۇپ كەتــسە، ســوغۇق بىــر تەرەپ قىلمـاقچى بولۇۋاتىــدۇ. ئىــشقىلىپ ســەندەلگە قويۇلدۇڭلار جۇڭگولۇقلار، ئۇستام بولقا ـ بازغانىنىمۇ قولىغا ئالدى...

## كۆپ قۇتۇپلۇق

1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

كۆپ قۇتۇپلۇق خەلقئارا سىياسىي ئەندىزە تەسەۋۋۇرىغا غەرق بولۇپ ئۆزىنى چوڭ دۆلەتلەر قاتارىغا قويۇشقا ئالدىراپ كەتكەن ۋە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۈن تەرتىپىگە قويغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە تەپەككۇرى، بۈگۈن خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يېڭى تەرەققىياتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ قۇتۇپلۇق خەلقئارا جەمئىيەت تەسەۋۋۇرىنى يوققا چىقاردى.

پرېزىدېنت كلىنتون بېيجىڭ زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆتكەن يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شاڭگاڭدا «جۇڭگو تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىردى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە، جۇڭگو رەھبەرلىرىگە قارىتىپ «تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە» تۇرۇشقا چاقىرىق قىلغانىدى. ئەمما، ۋەدە بېرىپ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالىدىغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى جياڭ زېمىن 1998 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياپونىيىنى زىيارەت قىلىپ قايتقاندىن كېيىن ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان ئىدى. بۇ دۆلەت جۇڭگو دىپلوماتىيە ساھەسىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنلا خەلقئارا سىياسەتنىڭ ۋە دىپلوماتىيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا چۈشىنىپ يەتتى. ياپونىيە ۋە ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرالمىغان جياڭ زېمىن ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنى تېبەت، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان ئەللىرىگە قارىتىپ، قولغا ئېلىش، نەزەربەند قىلىش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق بىگۇناھ خەلقنى باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈردى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ گۇناھسىز پۇقرالارنى بوزەك قىلىش سىياسىتىگە قاراپ تۇردىمۇ؟

ناتونىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئارىلىشىش سىياسىتىنى ئىشقا سېلىپ، يۇگوسلاۋىيىگە قوللانغان ھەربىي ھەرىكىتى تاماملانغاندىن كېيىن، ناتوغا ئەزا 19 دۆلەتكە، ناتونى قوللايدىغان 23 دۆلەت قوشۇلۇپ، جەمئىي 42 دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى ۋاشىنگتونغا جەم بولۇپ يەرشارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتنى تەرتىپكە سالدى. يىغىنغا قاتناشقان دۆلەت باشلىقلىرى: «بۈگۈن شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى خەلقئارا دائىرىدە ئىرقىي كەمسىتىشكە، مىللىي ئېتنىك قىرغىنچىلىققا، ملوشۋىچقا ئوخشاش رايون دائىرىلىك مۇستەبىتلەرنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى» دەپ بىردەك خۇلاسە چىقاردى.

42 دۆلەت باشلىقلىرى شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قانداق ئەھۋالدا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ۋە سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشسا بولىدۇ؟ دېگەن سەزگۈر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغاندا: «ئىگىلىك ھوقۇقتىن كىشىلىك ھوقۇق ئەلا. كوسوۋو مەسىلىسى ئاشكارىلىغاندەك، ھەرقايسى ئەللەردە مۇستەبىتلەر پۇقرالارنى قىرغىن قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئارىلاشسا بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

كوسوۋو ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ۋە 42 دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ۋاشىنگتون يىغىنىدىن چۆچۈپ كەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى يېقىندا نەشر قىلىنغان «ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ: «تىبەت جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا، ئوتتۇرا شەرققە ۋە ھىندى

ئوكيانغا چىقىش ئېغىزى ئىدى، سابىق سوۋېتلەر يىمرىلگەندىن كېيىن ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان بەش دۆلەت رۇسىيىنى نېفىتكە باي ئوتتۇرا شەرقتىن ئايرىپ تاشلىدى. شۇڭا كېلەر ئەسىردە جۇڭگونىڭ غەرب تەرىپىنى ئايرىپ چىقىپ كېتىش بولۇپمۇ شىنجاڭ ۋە تىبەتنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ كېتىش، شۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرققە كېڭىيىشىنى چەكلەشتىن ئىبارەت بۇ نىشان، ھازىر ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك سىياسىي نىشانىدۇر» دەپ كۆرسەتتى.

# ئامېرىكا

1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

بېلگرادتا جۇڭگونىڭ باش ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى: «ئامېرىكا جۇڭگونى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوينىغا تارتىپ ئۆزگەرتىش ئىستراتېگىيىسىنى، جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىپ ئۆزگىرىشكە قىستاش ئىستراتېگىيىسىگە ئۆزگەرتتى» دەپ ھۆكۈم قىلدى ۋە «ئەمدى جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى قايتا ئويلىشىشىمىز كېرەك» دەپ قارار ئالدى.

شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىدىغان جۇڭگوغا مايىل «ئەينەك» گېزىتى: «شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ختاينىڭ بېلگرادتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن، جياڭ زېمىن، خۇجىنتاۋ ئىچكى مەخپىي يىغىندا سۆزلىگەندە: «ناتو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق بىر دۆلەت يۇگوسلاۋىيىگە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ ئىنتايىن يامان ئۈلگە ياراتتى. بۇ ئىش ئامېرىكىنىڭ مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن جۇڭگونىڭ مەنپەئىتىگە چىقىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. قايسى ۋاقىتتا قول سالىدۇ؟ بىز بىلمەيمىز، بىز پالچى ئەمەس. بىزنىڭ ھازىر قىلىدىغان ئىشىمىز ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە ئىنتىپاقلىقىمىزنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى تېزلىتىپ ئىقتىسادنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت» دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. جياڭ زېمىن يەنە: «ئامېرىكا سوتسيالىستىك دۆلەتلەرنى غەربلەشتۈرۈش، پارچىلاش ئىستراتېگىيىسىنى ھەرگىز بوشاشتۇرمايدۇ؛ ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە

ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ، خالىغان چاغدا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان نىشانىغا يېتىشتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ» دېگەن ئىمىش.

گېزىت ماقالىسىدە ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق كۆرسەتتى: «بېيجىڭ، ئامېرىكا ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا ۋە بۇ يىلنىڭ بېشىدا جۇڭگودا مۇقىمسىز ۋەزىيەت پەيدا قىلىشنى پىلانلىدى، ئەلچىخانىنى پارتلىتىپ جۇڭگولۇقنىڭ رايىنى سىناپ بېقىش ئارقىلىق كېلەر قەدەمدە جۇڭگونى قورشاش ئۈچۈن يېڭى تاكتىكا تۈزۈپ چىقتى» دەپ قارىغان. گېزىت مۇنداق كۆرسەتتى: «ئامېرىكا جۇڭگونى ئۆزگەرتىشنىڭ كونا تاكتىكىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ ئەمدى بېسىم ئارقىلىق جۇڭگونى ئۆزگەرتىش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزدى.»

## بۇ يىل

1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

بـۇ يىـل «تەيـۋەن ئىـشلىرى مۇناسـىۋەت قـانۇنى» تۈزۈلگەنلىكىنىـڭ 20 يىللىقىنـى خاتىرىلەيـدىغان بىـر يىـل ئىـدى. 80 ـ يىلـلاردا ئامېرىكـا، تەيـۋەن، جۇڭگـو مۇناسـىۋەتلىرىنى مـۇۋازىنەت دەۋرىـگە ئېلىـپ كىـرگەن. بىــراق يەنە شــۇ 80 ـ يىللاردىـــن باشــلاپ ئامېرىكــا جۇڭگــو بىــلەن تەيۋەننىــڭ مۇناســىۋەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇشــتا جۇڭگـو تەرەپـكە ئېغىــپ كەتتىمۇ قانداق؟ هازىر كىلىنتـون هۆكـۈمىتى يۇقىرىـدىن تـۆۋەنگىچە بىـر جۇڭگو، ئامېرىكىنىڭ «بىر جۇڭگـو» سىياسـىتى دېگەننـى تەكىتلىمەكـتە. 1987 ـ يىلـى ئامېرىكـا، جۇڭگـو ئىككـى دۆلەت بىرلەشـمە باياناـت ئېـلان قىلغانــدا، ئامېرىكـا تەيـۋەن توغرىـسىدا ئـالتە تۈرلـۈك كاپـالەت بەرگەن، تەيۋەنگە سەل قـاراپ ئامېرىكـا جۇڭگـو سىياسـىتى ئۈسـتىدە توختالمـايمىز، دەپ كۆرسـەتكەن. لېكىن 1997 ـ يىللاردىـن باشلاپ ئامېرىكـا، جۇڭگـو ـ ئامېرىكـــا ئىككـــى دۆلەتنىـــڭ تەيـــۋەن توغرىـــسىدا ســـۆھبەت باشــلىغانلىقىنى تەكىتلىگەنـــدىن باشــقا، يېقىنـــدىن بېــرى ئامېرىكــا هۆكـۈمەت تەرەپ تەيـۋەن، جۇڭگـو مۇناسـىۋەتلىرىگە ئالاقـدار، تەيـۋەن، جۇڭگو ئوتتۇرىـسىدا «ئوتتـۇرا مۇساپىلىك كېلىـشىم» تـۈزۈش توغرىـسىدا تەكلىپ بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «تەيـۋەن ئىـشلىرى مۇناسـىۋەت قـانۇنى» تـۈزۈلگەن ۋاقتىنــى خــاتىرىلەش كــۈنلىرى يېتىــپ كەلگەنــدە ئامېرىكىـدىكى ئاساسـلىق مەتبۇئـاتلار بـۇ مەسـىلىگە هېچقانـداق دىققەت ئاغدۇرمىـدى. پەقەت ئوگچىللىققا مايىـل «ۋاشـىنگتون ۋاقىـت گېزىتـى» «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قـانۇنى» تـۈزۈلگەن كـۈنلەرنى خـاتىرىلەش

كېرەكمۇ ياكى ئەسلەش كېرەكمۇ دېگەن بىر جۈملە سۆزنى ئاق بەتكە يېزىپ قويىدى، خالاس.

80 ـ يىللار ھەقىقەتەن ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇۋازىنەت دەۋرى بولۇپ قالغان. چۈنكى، ئامېرىكا بۇ چاغدا ئورتاق دۈشمەن رۇسىيىگە قارشى تۇرۇشتا جۇڭگو بىلەن بىرلەشكەن. دىڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «جۇڭگوچە ئىسلاھات» ئامېرىكىلىق سودىگەرلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەيۋەندە جاڭ جىڭگو «بىر جۇڭگو» سىياسىتىنى تەكىتلەپ، ئامېرىكىلىقلارنى ۋە جۇڭگولۇقلارنى خاتىرجەم قىلىپ كەلگەن. 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۈچ دۆلەتنىڭ ئۈچ تەرەپلىك مۇناسىۋەتتى تەۋرىنىش، خاتىرجەمسىزلىك ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. ئۈچ تەرەپنىڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋەتلىرىدە سەلبىي ھادىسىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇنداق بولۇپ قىلىشىغا ئەڭ مۇھىمى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن سەۋەب ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

1 . رۇسىيە قىزىل كىرىمىل ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا شېرىكلىك مۇناسىۋەتتى ئورنىتىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى قالمىدى. جۇڭگونىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئۆسۈشكە باشلىغاندا، ئامېرىكىدا سەزگۈرلۈك ئېشىپ كەتتى، چۆچۈش كەيپىياتى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.

2 . بېيجىڭدا يۈز بەرگەن «4 ـ ئىيۇن» قانلىق قىرغىنچىلىق، كىشىلىك ھوقۇقنى تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئامېرىكىنى دەۋرىتىپ، جۇڭگو توغرىسىدا ئويلاپ تۇرىدىغان ئامېرىكىلىقلاردا ئېغىر تەسىرات پەيدا قىلدى. كوممۇنىزمغا قارشى ئىدېئولوگىيىلىك كۈرەش

ئامېرىكىلىقلار ئۈنتۈپ قالمايدىغان كۆرەش بولغاچقا، شۇڭا جۇڭگو، تەيۋەن، ئامېرىكا، تەيۋەن مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. تەيۋەندە دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقئارادا ئەمەلىيەتچان دىپلوماتىيىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى، نىگىزلىك «بىر جۇڭگو سىياسىتى» قۇرۇلمىسىنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىشقا باشلىدى. 1996 - يىلى تەيۋەن بوغۇزىدا كرىزىس يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو، تەيۋەن، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى چۆچۈپ، ئۈچ دۆلەت ئەمدى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ياساپ تاراشقا تەرەددۇت قىلدى، نەتىجىدە پرېزىدېنت كىلىنتون جۇڭگو بىلەن ئۆزئارا زىيارەت قىلىشنى يولغا قويدى. لېكىن ئۈچ دۆلەتنىڭ ئۈچ تەرەپلىك مۇناسىۋىتى 1990 - يىللاردىكى تەۋرىنىشتىن مۇقىم مۇناسىۋەتلەر دەۋرىگە كىرىش بۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا، 1980 - يىللاردىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئۈچ تەرەپ مۇناسىۋىتىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

## بىخەتەرلىك شەرتنامىسى

1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

ئامېرىكا، ياپونىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «بىخەتەرلىك شەرتنامىسى»دا بەلگىلەنگەن، «ياپون دېڭىزى ئەتراپىدا ۋەقە يۈز بەرگەندە»، ئىنقىلىمىسى ۋە «ئۇرۇش مەيدانىدا راكېتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسى»نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جۇڭگو تەرەپكە يېتىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلىكتىن سىگنال بەردى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى جۇڭگولۇقنىڭ نەزىرىدە، جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئىناۋىتىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان، باشقىلارنىڭ قولىدىكى كوزىرغا ئايلىنىپ قالدى.

جۇڭگو غەرب دۆلەتلىرىنىڭ نەزىرىدە ياۋۇز دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئەخلاق، ھېسسىيات جەھەتلەردە كەلگۈسى ئىستراتېگىيىلىك ئېھتىياجغا باغلىق زەربە بېرىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا، تەيۋەن مەسىلىسى ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ قولىدا جۇڭگونى چەكلەيدىغان دەستەككە ئايلىنىپ، جۇڭگودا ئامېرىكىغا قارشى نامايىش بولۇپ ئۆتكەندە، «تەيۋەننى ئازاد قىلىمىز» دەپ توۋلىغان شوئارلار غەربنىڭ قورشاش سىياسىتىدىن گۇمانلىنىپ تۇرغان جۇڭگولۇقنىڭ كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ جۇڭگونى خەلقئارا تاۋىكىغا «سۆرەپ كىلىپ ئەدەپلەش» سىياسىتى بىر تەرەپتىن قارىغاندا خېلى توغرىدەك كۆرۈنەتتى. لېكىن تازا ئەپلىشىپ كېتەلمىدى. ئامېرىكا ناتونىڭ ئىچىدە رەھبەرلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەم باشقىلارغا ئېيتقىلى

بولمايدىغان مەقسەتلەرگە مۇۋاپىق يۇگوسلاۋىيىگە ھەربىي ھەرىكەت قوللانغاندا، ئامېرىكىنىڭ مۆتىدىل دۆلەت رەھبەرلىرى بىر كېچىدە قاتتىق قول رەھبەرلەرگە ئايلىنىپ، جۇڭگولۇقلار ئاران تىكلىگەن ئاجىز ئىشەنچىنى بۇ ھەرىكەت بىراقلا يوققا چىقىرىۋەتتى. جۇڭگولۇقلار كۆپ دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىگە ئارىلىشىشى خەلقئارا ئارىلىشىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالامدۇ، قانداق؟ دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىمۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششنىڭ بىر باھانىسى بولۇپ قالامدۇ، قانداق؟ دەپ ئەنسىرىگەن جۇڭگولۇقنىڭ قەلبى جاراھەتلىنىپ يېتىپ كېلىۋاتقان بوھراننى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە توغرا كەلگەندە ماقۇللانغان قارار ـ قانۇنلارنى «ئادالەت» دەپ قارايدىغان، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە توغرا كەلمىگەندە ماقۇللانغان قانۇن ـ لايىھىلەرنى «ئادالەتسىزلىك» دەپ قارايدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا «ئادالەت»نى بىر تەرەپكە قايرىپ قويىدىغان سورۇن بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا جۇڭگولۇقلار كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان توقۇنۇشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. راستىنىلا ختاينىڭ كۆزقارىشىنى ئىسپاتلىغاندەك، ئىراققا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش، يۇگوسلاۋىيىگە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش جەھەتلەردە قۇدرەتلىك دۆلەتلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىك كومىتېتىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپلا قالماستىن، ختاينىڭ باش ئەلچىخانىسى بېلگرادتا بومباردىمان قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ، بۇ

توغرىسىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىك كومىتېتى ھەتتا ئەيىبلەش باياناتىمۇ ئېلان قىلمىدى. پەقەت «ھېسداشلىق» قىلدى، پەقەت «ھال سوراپ» قويدى، خالاس.

كەلگۈسىدە نەزەر تاشلىساق، ئامېرىكا، جەنۇبىي كورىيە، ياپونىيە، تەيۋەن، فىلىپپىن دېڭىز ساھىللىرىدا ئاراللارنى بويلاپ جۇڭگونى قورشاش ۋەزىيىتىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال جۇڭگو شىمالدا رۇسىيە، جەنۇبتا پاكىستان، ھىندىستان بىلەن يارىشىپ ۋە بىرلىشىپ خۇددى تاشپاقا قېپىدا تېرىلغاندەك ئامېرىكا بىلەن قارشىلىششقا ئۇرۇنۇپ بېقىشى مۇمكىنمۇ؟

جۇڭگودا «غەربنىڭ سۇيىقەستى» نەزەرىيىسىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. «ئامېرىكا جۇڭگوغا زەربە بېرىدۇ، جۇڭگونى سىناپ باقماقچى» دېيىشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ چەت ئەللەردە سىياسىي كۆزەتكۈچىلەر: «جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن» دېيىشتى. ئامېرىكىدا «تىنچ ئوكيان كومىتېتى»نىڭ باشلىقى ماقالە يېزىپ: «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەنئەنىسىگە ئاساسلىنىپ ئىگىلىك ھوقۇق مۇقەددەس تەلىماتىغا ئېتىبار بېرىدۇ؟ ئامېرىكا يېڭى زامان ئەنئەنىسىگە ئاساسلىنىپ كىشىلىك ھوقۇق ھەممىدىن ئەۋزەل تەلىماتىغا ئېتىبار بېرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ نەزەرىيە ئەمەلىيەتتە كوسوۋو مەسىلىسىدە ئەمەلىيلەشتى. جۇڭگو: «غەرب دۆلەتلىرى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق بىر دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلدى» دەيدىغان سەپسەتىسىدە چىڭ تۇردى. بېلگراد ۋەقەسىدىن كېيىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلەر پارتلاش بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە

ئايلىنىشىدىن ھۆركۆشكە باشلىدى. جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى «زومگەرلىك» ئورنىدىن ھودۇقۇشقا باشلىدى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلەر شەكلى ھالەتكە كېلىپ قالدى. جۇڭگودا ياش بىر ئەۋلاد خىتايلار ھازىرقى ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوللىسىمۇ ئامېرىكىغا ئىشىنىش تۇيغۇسى كەم ھەم بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كەم بولغانلىقتىن ئەندىشە ئىچىگە چۆشۈپ قالدى. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىسىدە (ئەگەر دۆلەت قۇرۇش ئەنئەنىسى بار، دېيىلسە) چىن شى خۇاڭ دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە: «جۇڭگودا دۇنيا بار بولسا بولىدۇكى بىراق، بۇ دۆلەتتە مەدەنىيەت بىردەكلىكى بولمايدۇ» دەيدىغان كۆز قاراش داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

«غەربلىكلەر جۇڭگوغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلمەستىن بۇرۇن جۇڭگودا دۆلەت، ئىگىلىك ھوقۇق كۆزقاراشلىرى مەۋجۇد ئەمەس ئىدى». (مىڭ شۈەن) بىر ئەسىر داۋامىدا جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرى ئېيتقاندەك نۇرغۇن مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ جۇڭگولۇقلار ئاندىن ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان «دۆلەت ھەممىدىن ئەلا، مىللەت ھەممىدىن ئەلا» دەيدىغان نەزەرىيىلەرنى ۋە 19 - ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان غەربنىڭ دۆلەت تەلىماتىنى ئۆگىنىشكە، كۆچۈرۈپ كېلىشكە مۇيەسسەر بولدى. غەرب دۇنياسى بىر ئەسىر ئىچىدە ئىككى قېتىم پارتلىغان دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلەپ ئىرقى، مىللىي ئۆچمەنلىكنىڭ كاتتىكىدىن چىققىپ «پۈتۈن ئالەم بىر ئائىلە»، «دۆلەتتىن ھالقىش» غايىلىرى ئىچىدە پىكىر قىلىشقا ئادەتلەندى. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دەيدىغان نەزەرىيىلەرگە ئاساسلىنىپ

كەلگۈسى مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلىساق جۇڭگو دۇنيادىن ۋاز كېچىپ دۆلەت تەلىماتىغا ئەقىدە باغلاشقا باشلىدى. غەرب دۇنياسى دۆلەتتىن هالقىپ  دۇنياغا يۈزلىنىشكە باشلىدى. ئەمدى جۇڭگو «كىشلىك هوقۇق ئىگىلىك هوقۇقتىن ئەلا» دەيدىغان دۇنياۋى پرىنسىپقا دۇچ كەلگەندە ياكى قىياس بولۇپ ياكى توغرىدىن توغرا يۈزلەنگەندە ئۇيغۇرىستان مەسلىسى ۋە تىبەت مەسلىسى بويىچە دۇنياغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەركىن؟

# دالاي لاما

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

«ھىندىستان ئاگېنتلىقى» مۇنداق خەۋەر تارقاتتى: 64 ياشقا كىرىپ قالغان دالاي لاما: «تىبەتتە ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرمايدىغانلىقىنى، لېكىن تىبەتتە خىتاينىڭ تىزگىنلىشىدىن خالاس بولغان ئەركىن دۆلەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى» بىلدۈرۈپ ئۆتتى.

ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش مەسلىسىدە دالاي لاما ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. بۇددا دىنى ئەنئەنىسىگە كۆرە، ئەجدادلار تامامليالمىغان ئىشلارنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ داۋاملاشتۇرۇشى ئەنئەنە ھېسابلىناتتى. مەنتىقىغا ئۇيغۇن بولىدىغان ئىش شۇكى، دېدى دالاي لاما: «كېيىنكىلەرگە ئەجداد بولغۇچى كەلگۈسى ئەۋلادنىڭ ھازىرقى ئەجدادى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئالىقىنىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشى كېرەك، كېيىنكى ئەۋلادلار ھەم خىتاينىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك.»

دالاي لامانىڭ باياناتى ئاخىرلاشقان ھامان ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى 9 ـ كۈنى، 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈننى «خەلقئارا تىبەت كۈنى» قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلغاندا خىتاي ھۆكۈمىتى كەسكىن ئىنكاس قايتۇرۇپ نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى جاڭ چى يۈ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «تىبەت جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، تىبەت مەسلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى مەسلىسى، ھەرقانداق چەت دۆلەتنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق، ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ئازسانلىق

ئەزالىرى پاكىتقا قارىماي «خەلقئارا تىبەت كۈنى»نى بېكىتىش توغرىسىدا قارار لايىھە ماقۇللىدى، تىبەت توغرىسىدا پەلىپەتىش سۆزلەرنى سۆزلەپ، تىبەت مەسلىسى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماقچى بولدى. بېيجىڭ بۇنىڭغا قارىتا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ ۋە كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، دېدى.

دەل شۇ كۈنى تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى لى دېڭخۇي گېرمانىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «جۇڭگو بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتى، دۆلەت بىلەن دۆلەت مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك، ياكى ئالاھىدە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك»، دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن «ئالاھىدە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى» دېگەن سىياسىي ئىبارە مەتبۇئات ساھەسىدە لى دېڭخۇينىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» دەپ ئومۇملاشتى. ئاۋۋال «يەتتە دۆلەت نەزەرىيىسى» ئەمدىلىكتە «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. جۇڭگولۇق ئەپەندىلەر شۇ كۈنى ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ قارار لايىھە ماقۇللاپ 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىنى «خەلقئارا تىبەت كۈنى» قىلىپ بېكىتىش بىلەن پرېزىدېنت لى دېڭخۇينىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نىڭ ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۆزئارا قانداق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە؟

## جۇڭگو ـ تەيۋەن سۆھبىتى

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

جۇڭگونىڭ سىياسىي سۆھبەت ۋەكىلى ۋاڭ داۋ خەن 10 ـ ئايدا تەيۋەننى زىيارەت قىلىپ، تەيۋەن ـ جۇڭگو سۆھبىتىگە ئائىت ئەتراپلىق سۆھبەتلىشىشنى ئويلاپ تۇرغاندا، تەيۋەن تەرەپتىن ۋاڭ داۋ خەننىڭ تەيۋەننى زىيارەت قىلىشىغا ئائىت ئۈچ ـ ئۆچۈرلار ــ ۋاڭ داۋ خەنگە بېرىلگەن ھوقۇق يېتىشمەيدۇ: سۆھبەتنى ھەرقايسى ماۋزۇلار بويىچە قانات يايدۇرغىلى بولمايدۇ، دېيىلگەن ئۆچۈرلار چىقىشقا باشلىدى. سۆھبەتلىشىدىغان تېمىلار بويىچە تەيۋەن بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بىر نەچچە قېتىم ئۆزگىرىپ، مۇھاكىمە تېمىسىنى مۇقىملاشتۇرالمىدى. ئاۋۋال ئەمەلىي مەسىلىلەر بويىچە سۆھبەت قۇرماقچى بولدى، كېيىن ۋاڭ داۋ خەننىڭ تەيۋەننى بىلىشى، تەيۋەننى چۈشىنىشى، تەيۋەن تەسىراتىغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن تەيۋەنلىك سىياسىيونلار بىلەن ۋاڭ داۋ خەننىڭ ئەتراپلىق ئۇچرىشىشنى ئورۇنلاشتۇرمىدى. بىراق، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىلگەن تېمىلار بويىچە سۆزلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۆھبەتلىشىدىغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنىڭ، سۆھبەتكە تۇسقۇنلۇق قىلىدىغان سىياسىيلىشىدىن باشقا، پىرىنسىپنىڭ دىڭخۇي ئىككى قىرغاق ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش مەسىلىسى بويىچە ۋاڭ داۋ خەننى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولدى.

دەل شۇنداق ۋاقىتتا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى تەيۋەن، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇقىم بولۇشىغا جىددىي كۆڭۈل بۆلدى. ئامېرىكا تەرەپ، «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم» تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە تەيۋەن

بىلەن جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك كېلىشىم ھاسىل قىلماستىن بۇرۇن، ۋاڭ داۋ خەن تەيۋەننى زىيارەت قىلىدىغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئامېرىكا ئىجادى ھالدا ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئېزدەندى.

ئامېرىكا تەرەپ: «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم» ئامېرىكا، تەيۋەن، جۇڭگو ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان «تەسەۋۋۇر» ئەلۋەتتە بۇ، تەيۋەن تەشەببۇس قىلىۋاتقان «ئەمەلىي سۆھبەت»، «ئەمەلىي مەسىلىھەت» باسقۇچىدا توختاپ قالماسلىقى، بەلكى تېخىمۇ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

بۇ قەدەمنى قانداق تاشلاش كېرەك؟ مەخپىي سۆھبەت جەريانىدا ۋاشىنگتون بىلەن تەيشېڭ كۆزقاراشلىرىدا ئارىلىق پەيدا بولمىغانلا بولسا، تەيۋەنگە ئاشكارا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋاشىنگتون تەيبېيني «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم» ئىمزالاشقا قىستىمىغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا تەيبېينىڭ ئامېرىكا كونگرېسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولغانلىقتىن، ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى تەيۋەن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئېھتىيات قىلمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم»نى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئىنتايىن چوڭقۇر ئويلىنىشقا ۋە ئىنتايىن زور ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇپ قالدى.

ئىككى دۆلەت ــ تەيۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئىلگىرىلىمىدى، ئۇزۇن مۇددەت بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم

سەۋەب بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەيۋەن بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ قاتمۇقات ئۆزگىرىشى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، ئامېرىكا پارلامېنتى ئەزالىرىنىڭ جۇڭگو، تەيۋەن مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختىماي سۆزلەپ تۇرغانلىقى جامائەت پىكرى ھاسىل قىلىپ تەيۋەنگە بېسىم پەيدا قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تەيۋەن، ئامېرىكا كونگرېسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان تەرەپ شۇكى، ئامېرىكىنىڭ «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم» مەسىلىسىدە نېمە ئۈچۈن چىڭ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا تەيۋەن تەرەپنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى. كېلىشىم مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ، باش ـ ئايغىنى پەملەپ يېتەلمىگەن تەيۋەنلىكلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. «كېلىشىم» مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، تەيۋەننىڭ جۇڭگو سىياسىتىگە ئىنتايىن زور بېسىم پەيدا قىلدى.

ئامېرىكا تەيۋەنگە بېسىم ئىشلەتكەنمۇ؟ تاشقىرىدا بۇ سىرنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن تەيۋەن ئامېرىكىدىن كېلىۋاتقان بېسىمنى ھېس قىلغان ئىكەن، ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: تەيۋەننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خۇجى چاڭ: «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم» ئۈچ تەرەپكە پايدىلىق بولمايدىكەن، ئىككى تەرەپكە پايدىلىق بولۇپ، بىر تەرەپ زىيان تارتىدىكەن. تەيۋەن ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ.

«ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم»گە بىر نۇقتا — تەيۋەن تەرەپ ئەسلا قوبۇل قىلالمايدىغان سىياسىي سۆھبەت ماۋزۇسى قوشۇلۇپتۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن تەيۋەن تەرەپنىڭ ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقى «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم» تۈزۈشكە مۇرەسسە قىلغاندىمۇ ئۇنىمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، بۇ يەردە ۋاڭ داۋخەننىڭ تەيۋەننى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىياللىرىنىڭ قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قېلىشى ياكى لى دېڭخۇيدىن كېيىنكى بىر دەۋردىمۇ «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم» تۈزۈش مۇمكىنلىكىنىڭ ئەمەلىيەتتىن يىراق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

تەيۋەن تەرەپنىڭ نەزىرىدە «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم»نىڭ «ئىجادىيلىقى» ياكى «ھالقىپ كېتىشى» جۇڭگو بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بولۇپ، يەككە ھالدا تەيۋەنگىلا خىزمەت ئىشلەشكە بولمايتتى. بېيجىڭ يول قويمايدىكەن، تەيۋەنمۇ جۇڭگونىڭ خىياللىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيتتى، ئەلۋەتتە. جۇڭگو «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» سەپسەتەسىدىن ۋاز كېچىدىغانلا بولسا، تەيۋەن مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلاتتى.

رېئال ھالەتتىن قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا يول قويۇشىغا كۆپ تەرەپلىك، خىلمۇ خىل نارازىلىقلار ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا «بىر جۇڭگو چېگىشى»نى تېخى يەشمىگەن. ئامېرىكىنىڭ «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم» تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، ئاخىرقى ھېسابتا تەيۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ قاتماللىقنى بۆسۈپ تاشلاپ، كرىزىس

پەيـدا بولۇشـنىڭ ئالـدىنى ئېلىـشنى كـۆزدە تۇتقـان، دەپ چۈشـىنىش كېـرەك. گەرچە ئامېرىكـا جۇڭگونـىڭ بىـرلىككە كەلتـۈرۈش سىياسـىتىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا تەيـۋەنگە بېسىم ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تەيۋەننىـڭ ئاشـكارا مۇسـتەقىللىق جاكارلىـشىنى چەتـكە قاقـاتتى. جۈملىـدىن «ئوتتـۇرا مۇسـاپىلىك كېلىـشىم» شـۇنداق فۇنكسىيىـسىنى، شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئـالاتتى. قىسقىـسى، ئىككـى تەرەپ مۇناسىۋىتىگە تەيۋەن ئـاللىبۇرۇن كۆمـۈپ قويغـان بـومبىنى ئېلىۋېتىـشنى مەقـسەت قىلاتتـى. ئەگەر ئامېرىكـا جۇڭگـو بىـلەن تەيۋەننىـڭ «ئوتتـۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم» تۈزۈشنى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلـسا، بىـر مەزگىـل تەيۋەنگە چۈشكەن بېسىم، جۇڭگوغا چۈشكەن بېسىمدىن ئېغىـر بولۇشـى مـۇمكىن ئىـدى. ئەممـا، ئامېرىكـا «بىـر دۆلەتـتە ئىككـى خىـل تـۈزۈم» سەپسەتىسىنى ئەزەلدىن قوللىغان ئەمەس. مۇبادا تەيـۋەن بىـلەن جۇڭگـو ئىككـى دۆلەت ئوتتۇرىـسىدا «ئوتتـۇرا مۇسـاپىلىك كېلىـشىم» تۈزۈشـنى مەسلىھەتلىـشىدىغانلا بولـسا، بـۇ هـال جۇڭگونـىڭ «بىـر دۆلەتـتە ئىككـى خىل تۈزۈم» سەپسەتىسىنى چەكـلەپ، ۋەزىيەتنىـڭ تەرەققىيـاتى تەيـۋەنگە پايدىلىق بولاتتى ۋە شەرقىي جەنـۇبىي ئاسـىيانىڭ تىنچلىقىمـۇ كاپـالەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئىدى، دېيىشتى خىتاي مىللەتچىلىرى.

## مەن

1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

مەن ئۈرۈمچىــدە غەيۋەتخــور ئۇيغۇرلارنىــڭ بىزگىمــۇ تــاڭ ئاتــارمۇ، خىتايىنىــڭ ھۆكــۈمرانلىقى ئاســتىدىن قۇتۇلــۇپ چىقــالارمىزمۇ، دېــگەن ســوئاللىرى بــويىچە غەيــۋەت خاراكتېرلىــك مۇھــاكىمىلىرىنى ئــاڭلاپ تۇراتتىم. بـۇ غەيۋەتخورلارنىـڭ مىللەتنىـڭ ئـازادلىقى ئۈچـۈن نـېمە ئـىش قىلىمىــز، دەيــدىغان بىــر جــۈملە ســۆزىنىمۇ ئــاڭلاپ باقمىغــان ئىــدىم. ئويلايتتىم، بىـر مىللەتنىـڭ سىياسـىي ھاياتىنى يەنـى توختىمـاي كـۈرەش قىلىدىغان كۈرەشچان ھاياتىنى بەرپـا قىلمـاي تـۇرۇپ، كىشلەر كـۆرۈپ تۇرىــدىغان، ئــاڭلاپ تۇرىــدىغان رېئــاللىقنى بەرپــا قىلمــاي تــۇرۇپ، مىللەتنىـڭ سىياسـىي دەۋالىرىنــى خەلقئارالاشتۇرۇشــتىن ئېغىــز ئــاچقىلى بولمايتتى. بۇنداق يۈرەكلىك مىللەت قەيەردە ئىدى؟ بۇنىـڭ ئۈچـۈن شـۇ مىلــلەت ئــۆزىنى چۈشــەنگەن بولۇشــى، ئۆزىنىــڭ مۇســتەملىكە بولــۇپ قالغــانلىقىنى چۈشــەنگەن بولۇشــى، ئانــدىن سىياســىي ئازادلىقىنىــڭ نېمىـدىن دېـرەك بېرىـدىغانلىقىنى چۈشـەنگەن مىلـلەت بولۇشـى كېـرەك ئىــدى. توختىمــاي كــۈرەش قىلىــش ئــارقىلىق ئۆزىنىــڭ سىياســىي ئارزۇلىرىنى باشقىلارغا يـاكى خەلقئـارا جەمئىـيەتكە چۈشـەندۈرەلەيدىغان، ئۆزلىرىنىــڭ ھــازىرقى ئېچىنىــشلىق ئەھــۋالىنى خەلقئــارا جەمئىــيەتكە داتلاپ بېرىپ ۋە ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان مىللەت بولۇشـى كېـرەك ئىـدى، بۇنــداق مىللەتنىــڭ سىياســىي دەۋالــرى ئانــدىن دەســلەپكى قەدەمــدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇيغــۇرلار شــۇنداق جۈرئەتلىــك خەلقمــۇ؟ ئۇيغــۇرلار شــۇنداق غەيرەتلىــك، شــۇنداق شــىجائەتلىك پــارچە - پــۇرات ئىــستىخىيىلىك

ھەرىكەتلەرنــى ئــاڭلىق، مەقــسەتلىك، تەشــكىللىك ھەرىكەتــكە ئايلاندۇرالايدىغان خەلقمۇ؟

ئۇيغــۇرلار سياســي ھايــاتى يــوق مىلــلەت، يىرىــك سياســي تۈرمۇشتىن بۇ يەردە سۆز ئېچىشنىڭمۇ ئورنى يوق. ئۇيغۇرلار ئـادەم ياكى مىلـلەت يـاكى ئـۇرۇق جەمەت بولـسۇن خىتايىنـڭ مۇسـتەملىكە قىلىـشىغا ئوبيېكت بولۇپ بەرگەندە، ئوبيېكت بولـۇپ بېـرىش بىـلەن خىتـاي يولغـا قويۇۋاتقــان مۇســتەملىكە سياســتىنىڭ زادى قانــداق سياســەت ئىكەنلىكىنــى چۈشــەنگەن بىــر ئۇيغــۇر بولــسا ئىــدى، ۋەھــمە، پۈتــۈن مىللەتــكە يوپۇرۇلـۇپ كېلىۋاتقـان ۋەھــمە ئالدىــدا ئــۇ ئۇيغــۇر ئۆزىنىــڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ـ دە، سـەكرەپ ئورنىدىن ئورنىغا چىققـان بـولاتتى. ئاندىن خىتاينىڭ بەرىبىر خىتاي ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولاتتى.

ئۇيغــۇر مىللىتــى ئــۆزىنى ئــاجىز، مەزلــۇم، مەھكــۇم دەپ بىلىــپ يېرگەندە، نېمە ئۈچۈن ئـاجىز بولـۇپ قالغـانلىقىنى، نـېمە ئۈچـۈن مەزلـۇم بولـۇپ قالغـانلىقىنى، يەنە نېمـشقا مەھكـۇم بولـۇپ قالغـانلىقىنى ئـويلاپ يېتەلمىگەنلىكتىن، ئۇيغـۇر مىللىتىنىـڭ شـۇ مىللەتـكە خـاس يوشـۇرۇن كۈچىنىمۇ ئويلاپ يېتەلمىگەن. بايقـاپ كېتەلمىگەن مىللەتتۇر. چۈنكى، ئىنسان ئـاجىزدۇر. ئىنساننىڭ ئـاجىزلىقى توغرىـسىدا پەيلاسوپ پاسكال: «ئـادەم تەبىـئەت دۇنياســدا ئىنتـايىن ئـاجىز بىـر مەخلـۇق؛ بىـر تـوپ قومۇشقا ئوخشايدۇ، بىراق ئۇ (ئـادەم) تەپەككـۇر قىلالايـدىغان قومـۇش ـــ پۈتـۈن ئالەمنىـڭ قولىغـا قـورال ئېلىـپ ئـۇنى يوقىتىـشىنىڭ زۆرۈرىيىتـى يوق. بىر تىنىق، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئۇنى ئۆلـۈمگە يولليالايـدۇ، لـېكىن ئـالەم ئـۇنى يوقاتقانـدىمۇ ئـادەم يەنىـلا ئـۆزىنى ئۆلـۈمگە ھەيـدىگەن نەرسىـدىن تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ قىممەتلىـك، تېخىمـۇ بىباھـادۇر. چۈنكى ئـادەم

ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھەمدە ئالەمنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ئالەم بۇ توغرىدا پۈتۈنلەي خەۋەرسىزدۇر... بىراق ئادەم تەپەككۇر قىلالايدىغان قومۇش» دېگەن ئىدى.

مەن شۇنداق تەپەككۇر قىلالايدىغان «قومۇش» ئىدىم. 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئوكلاخوما شتاتىدىن ۋاشىنگتونغا يېتىپ كېلىپ ئامېرىكا كونگرىسى چاقىرغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنىغا قاتناشتىم. بۇ يىغىنغا ئالاھەزەل 50 كە يېقىن ئۇيغۇر قاتناشتى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن غۇلامىددىن پاختا، تۇردى خوجا، رىشات ئابباس، ئالىم سېيىتوف ۋە ئەدھەمجان قاتارلىق كىشىلەرمۇ قاتناشقان ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بىرا تەپسىلى سۆزلەشكە ۋاقىت يار بەرمىدى. مەن ۋاشىنگتونغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا بۇنچىۋالا كۆپ ئۇيغۇر يوق ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەكتەپ يۈزى كۆرگەن، ئوقۇغان ئۇيغۇرلار بولسا، بەزىلىرى جەمئىيەتتە چېنىقىپ چىققان، ھەتتا بەزىلىرى ئۇياق ـ بۇياقتىن كېلىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇلار قەيەردىن كەلدى، كىم چاقىرىپ كەلدى، بۇ كىشىلەرگە كىم سىياسىي پاناھلىق ئېلىپ بەردى؟ ئۇلار سىياسىي پاناھلىق ئالغۇدەك ۋەتەنىنىڭ ئىچىدە نېمە سىياسىي پائالىيەت قىلغان ئىدى؟ بۇلار زادى كىملەر، قىسقىسى، كۆلكىلىك بىر ئىش ئىدى، نېمە چارە بار؟ بۇ كىشىلەر بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا بۇ يەردە گۇۋاھلىقتىن ئۆتمەكچى بولۇشتى.

گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى باشلاندى، تام لەنتوسنىڭ كاتىپى خانىس ئەپەندى يىغىن باشقۇردى، يۇقىرىقى كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا ئامېرىكا كونگرېسىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولسا، ھەي جاھان، ھەي! بۇگۈن دۇنيا تەتۈر چۆرگىلەمدۇ، نېمە؟

بىرسى بىزنىڭ ئىش ئورنىمىز يوق، دەيدۇ.

بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ئون يىل ياتتىم، دەيدۇ.

بىرسى، مەن ئوتتۇرا ئاسىياغا تۇغقان يوقلاپ چىققان ئىدىم، خىتاي مېنى چېگرىدىن كىرگۈزمىدى، ئوتتۇرا ئاسىيادا سەرگەردان بولۇپ كەتتىم، دەيدۇ، ۋەھاكازا.

شۇلارنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئامېرىكىلىق كونگرېس ئەزالىرىغا رەھمەت ئېيتىپ مەن ئاخىرىدا:

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شاڭگاڭ، تىبەت، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكىلەر — خىتاينىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقى ۋە ۋاسىتىلىك تەسىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئۆلكىلەرگە سىياسىي جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قاچان ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ سوئال قويدۇم.

يىغىن باشقۇرغۇچى خانىس ئەپەندى:

— شاڭگاڭ، تىبەت، تەيۋەنلەرنىڭ ئىشى ئايرىم ئىش. سىلەر — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشى ئايرىم ئىش. بۇ، ۋاقىت مەسىلىسى دەپ، جاۋاب بەردى.

مەن ئارقىــدىنلا ئايــالىم رابىــيە قادىرنىــڭ پاســپورتىنى خىتــاي ھۆكۈمىتىنىــڭ قانــداق تارتىۋالغــانلىقىنى قىــسقىچە ســۆزلەپ بەردىــم. ئاڭغىچە R ... ئەپەندىم:

ــ مەيەرگە چىــق ئاكــا، دېــدى. مەن ســومكامنى ئېلىــپ R... ئەپەندىنىڭ كەينىدىن چىقتىم.

كــونگرېس ئەزاســى جۇسىــپ ئەپەنــدى زالنىــڭ ئىــشىكى ئالدىــدا كۈتۈپ تۇرغـان ئىـكەن. سالاملاشـتۇق. ئـۇ كـىشى مەنـدىن ئايـالىم رابىـيە قادىرنىــڭ ھــازىرقى ئەھــۋالىنى تەپــسىلىي سوراشــقا باشــلىدى. مەن تەپـسىلىي سـۆزلەپ بەردىـم. مەن بـۇ چاغـدا سـومكامغا سـېلىپ كەلـگەن ماتېرىيالىمدىن بىر پارچە ئېلىپ كونگرېس ئەزاسـى جۇسىـپ ئەپەنـدىگە بەرمەكچى بولۇۋاتاتتىم.

مەن ھەيران قالدىم. 14 پارچە ماتېرىيالنى سـومكامغا سـېلىپ بارغـان ئىــدىم. لــېكىن ســومكامنىڭ ئىچىــدە بــۇ ماتېرىيالنىــڭ بىــر پارچىــسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تەلىيىمگە يارىشا سومكامنىڭ كەينـى يانچۇقىـدا بىـر پـارچە ســاقلىنىپ قــاپتۇ. چىقىــاردىم ــ دە، كــونگرېس ئەزاســى جۇسىــپ ئەپەندىمگە سۇندۇم ۋە:

ــ رەھمەت، دېدىم.

14 پارچە ماتېرىيالـدىن 13 پارچىـسىنىڭ يوقىلىـپ كەتكىنـى قانـداق گەپ؟ يىغىنغا 14 نەپەر كونگرېس ئەزاسـى كـىرمىگەن ئىـدىغۇ، مەن بـۇ ماتېرىيـاللارنى ئۇيغۇرلارغا تارقىتىـپ بېـرىش ئۈچـۈن ئېلىـپ كەلمىـگەن ئىــدىمغۇ؟ ســومكامنى كىــم ئــاختۇردى، ماتېرىيــاللارنى كىــم ئېلىــپ كەتتى...؟

مەن ماتېرىيالىمىزدا يەتتە نۇقتىلىق سىياسىي تەلەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. بۇ تەلەپلەرنىڭ يەتتىنچى ماددىسى مۇنداق ئىدى:

ــ ئۇيغۇرلار 1944 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرغاندا، بۇ جۇمھۇرىيەت «يالتا يىغىنى»، «موسكۋا يىغىنى» قاتارلىق خەلقئارا يىغىنلار ئارقىلىق شۇ ۋاقىتتا خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بېرىلگەن. يۇقىرىقى خەلقئارا يىغىنلارنىڭ خاتىرىسى ۋە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مۇنەققەررىز بولۇش تارىخى ئاشكارىلىنىدىغان ۋاقىت قاچان يېتىپ كېلىدۇ، ئامېرىكا خەلقى؟

ئامېرىكىلىقلار شۇ كۈنكى يىغىندا ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمىدى. ئېھتىمال بۇ قانداق مىللەت دەپ ئويلىدى بولغاي. شۇنداق، بۇ قانداق مىللەت؟ مەن ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم. ئىشنىڭ باشلىنىشى مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئاخىرى قانداق بولار؟ ئۇيغۇرنىڭ دەۋاسىنى قىلىش ئۈچۈن ئاڭلىق بىر قوشۇن، قوشۇمچە بىلىملىك بىر قوشۇن بولۇشى لازىم ئىدى. ئامېرىكا كونگرېسىغا سىياسىي دەۋا قىلىش «ماخودا» ئولتۇرۇپ شاۋدۇيجاڭغا دەۋا قىلىش ئەمەس ئىدىغۇ؟ دەۋا شۇنداق باشلاندى، يول يىراق، بىر ئاللاھ سەندىن ياردەم تەلەپ قىلماقتىن باشقا چارىمىز يوق.

## يېقىندىن بېرى...

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

يېقىندىن بېرى كوسوۋودا تىنچلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولدى. لېكىن ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرى «0» دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. ناتونىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرى كوسوۋوغا كىرىشتىن ئىلگىرى پۇرسەتتىن پايدىلانغان رۇسىيىنىڭ ئارمىيىسى كوسوۋوغا كىرىپ، پايتەخت ئايرودرومىنى كونترول قىلىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە جىددىي ۋەزىيەت پەيدا قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن كوسوۋو چېگرىسى ئىچىدە ئالبان مۇسۇلمانلىرى بىلەن سىربلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېتىنىك توقۇنۇش ئاخىرلاشمىدى. سىرپلار ئارمىيىسى چېكىنگەندىن كېيىنمۇ كوسوۋو ئالبانلىرىنىڭ قېچىش دولقۇنى پەسكويغا چۈشمىدى. بۇ مەسىلىلەر شۈبھىسىزكى تارىختىن قېلىپ قالغان، مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىششتىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر ئىدى.

باشلىنىشتا زېمىن كېڭەيتىش غەرىزىدە سىربىيەلىكلەر كوسوۋولۇقلارنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، دۆلەت ئىچىدە ئالبانلارنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. ئاۋۋال (كىرودىيە، سىلوۋۋنىيەدە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلدى. كىرودىيە 1992 ـ يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ئارقىدىنلا 1995 ـ يىلى بوسنىيە، ماكېدونىيە مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ئاۋۋالقىسى، مەسىلەن: بوسنىيە سىرپلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇرغان بولسا، كىرودىيىلىكلەرمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇردى. كىرودىيە دۆلىتى سىرپلار بىلەن چېگرىداش بولۇپ، كىرودىيەنىڭ زېمىنى ھە دېگەندە سىرپلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش

ئېھتىماللىقى بار ئىدى. سېربىيە كۆچىيىپ كەتسە باشقا رايونلارغا تەھدىت پەيدا قىلىدىغان ئېھتىماللىقمۇ بار ئىدى.

ئۈنىڭدىن باشقا ئالبان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھاياتلىق ماكانى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. كوسوۋودا ئالبانلار ئاساسلىق مىللەت بولۇپ، چېگرىداش ئالبانىيە مۇسۇلمانلىرى بىلەن قانداشلىقتا ئىگە ئىدى. ئۈنىڭدىن باشقا ئىككى ھەسسە كۆپ ئالبانلار ماكېدونىيىدە ياشايتتى. بۇلارنىڭ ماكېدونىيىلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتتى. ئالبانىيىنىڭ سىرتىدىكى ئالبانلارنىڭ يەنە ئالبانىيىگە قايتىش نىيىتى يوق دېگىلى بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا يەنە بىر مەيدان مىللىي ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

مەسىلىنىڭ قىزىق نۇقتىسى ماكېدونىيە ئىدى. ماكېدونىيە، ئىستراتېگىيە جەھەتتە بالقان يېرىم ئارىلىدا غەرب ۋە شەرق، شىمال ۋە جەنۇبنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ئۆزئارا تالاشقىلى بولىدىغان زېمىن ئىدى. ماكېدونىيە بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن تەيۋەن بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولغاندا، بېيجىڭ چۆچۈپ كەتكەن. شۇنداق سەۋەبلەرگە كۆرە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاللىبۇرۇن ماكېدونىيىدە تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرى تۇرغۇزۇپ، تىنچلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. بۇ رايون تارىختا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشنىڭ ئوتىنى ياققان رايون ئىدى. بۇ قېتىم ناتونىڭ كوسوۋودا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشى ئالبان مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇساپىر بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، ماكېدونىيىدىكى ئالبانلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ ماكېدونىيىدە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ماكېدونىيىنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، بۇ رايوندا ئىرقىي

توقۇنۇشىنى توختىتىپ تارىختا تۇغرا مۇئامىلە قىلىش بۇ ناتونىڭ كوسوۋودا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئىدى.

رۇسىيە ۋە جۇڭگو ئۇچۇن ئېيتقاندا، مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۇچۇن ئەستايىدىللىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ رايونلار بىر مەزگىل رۇسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە تۇرۇپ كەلگەن رايونلار ئىدى. رۇسلار بىلەن سىرپلار قانداشلىقتا ئىگە بولۇپ، رۇسىيە ۋە جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش بولغان 1960 ـ يىللاردا تىتو، ماۋ زېدۇڭ بىلەن سەپداش بولغان. كېيىن ماۋ زېدۇڭ تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن. «يۇگوسلاۋىيە سوتسىيالىستىك دۆلەتمۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالىلەر جۇڭگو گېزىتلىرىدە ئارقىمۇ ئارقا ئېلان قىلىنغان ئىدى.

ناتو ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ رايونلار ناتونۇش رايونلار ئەمەس ئىدى. لېكىن سىرپلارنىڭ بۇ رايوندا تەسىرى كۈچىيىپ كەتسە ناتونىڭ تاشقى جەھەتتە قورشاش تەدبىرىگە تەسىر كۆرسىتەتتى. بۈگۈن ناتو ئامېرىكا باشچىلىقىدا بوسنىيە، ماكېدونىيىدە ئەسكەر تۇرغۇزدى. بۇنىڭدىن خاۋاتىرلەنگەن رۇسىيە ئازغىنا ئەسكىرى قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ كوسوۋودا ئايرودرومنى ئىگىلىۋالدى. يىراق ئاسىيادا خىتاي ھۆكۈمىتى باش ئەلچىخانىسىنىڭ بومباردىمان قىلىنىشىدىن پايدىلىنىپ رۇسىيىگە تايىنىپ، ئامېرىكا ۋە ناتوغا قارشى تۇرۇپ، تويلاشتىن توقاچ ئۇغرىلاپ ياۋروپا ۋە بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماقچى بولدى. رۇسىيىنىڭ ئايرودرومنى ئىگىلىۋېلىشى رايونغا قانداق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن؟ خىتاي ھۆكۈمىتى بالقان يېرىم ئارىلىدا ئوت قۇيرۇقلۇق قىلالىشى مۇمكىنمۇ؟ نېمە چارە بار؟ ئەخمىقانە ھەرىكەتلەر تارىختا ئاز يۈز بەرگەنمىدى؟

# پرېزىدېنت لى دېڭخۇي

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

پرېزىدېنت لى دېڭخۇي «گېرمانىيە ئـاۋازى رادىئوسـى» مۇخبىرىنىـڭ زىيـارىتىنى قوبـۇل قىلغانــدا، ئىككــى قىرغــاق (جۇڭگــو ـ تەيــۋەن) مۇناســۋەتلىرىنىڭ ئـورنىنى «دۆلەت بىـلەن دۆلەت مۇناسـۋىتى» يـاكى ھېچبولمىغانــدا «ئالاھىــدە دۆلەتــلەر مۇناســۋىتى» دەپ بېكىتكەنــدىن كېــيىن، تەيــۋەن، جۇڭگــو، ئامېرىكـا ئـۈچ تەرەپــتە چوڭقــۇر ئەندىــشە قوزغالــدى. بۇنــىڭ ئىچىــدە ئامېرىكىنىــڭ يــۈزلىنىش خاراكتېرلىــك ئەندىشىــسى تېخىمـۇ ئېغىـر بولـدى. ئەگەر پرېزىـدېنت لـى دېڭخۇيىنىـڭ غەرىــزى ـــ پرېزىــدېنت مەھكىمىــسىنىڭ باياناتچىــسى لىــن بىــى جــاۋ ئېيتقاندەك: كـېلەر باسقۇچلۇق ئىككـى قىرغـاق مۇناسـۋىتىنىڭ ئـورنىنى شـۇنداق بېكىتمەكچـى بولغـان بولـسا، ئۇنـداقتا ئەھـۋال تېخىمـۇ ئېغىـر بولىدۇ. چۈنكى، بـۇ سـۆز مۇستەبىت بولمىغانـدىمۇ، ئەمما پرېزىـدېنتنىڭ «مەسئۇلىيەتسىز»لىكىگە ۋەكىللىـك قىلىـدۇ، دېيىـشتى، مۆتىـدىل خىتـاي مىللەتچىلىرى.

يەنە ئەگەر، ئامېرىكــــا، جۇڭگــــو مۇناســــۋىتىنىڭ نــــۆۋەتتىكى يۆنىلىشىگە تارىخى ئەسلىمىلەردىن ئاز ـ تولا قوشـۇپ قويـساق، ناھـايىتى ئېنىـق كـۆرۈۋالالايمىزكى، 1997 ـ يىلىـدىن باشـلاپ، مىكرولـۇق ئومـۇمى رامكىغا نـسبەتەن ئېيتقانـدا، ئامېرىكـا بىـلەن جۇڭگونىـڭ مۇناسـۋىتى تەيۋەنگە پايدىسىز يۆنىلىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى.

يىراقنــى قويــۇپ، 1997 ـ يىلىــدىن ھېــسابلىغاندا، 6 ـ ئايــدىن باشــلاپ شــاڭگاڭ خىتــاي كوممۇنىــستلىرىنىڭ ئەپكىــشىگە قايتىــپ كېلىــشىنىڭ ئالــدى ـ كەينىــدە تەيۋەنــدە ئاساســى قـانۇننى ئـۆزگەرتىش

ھەرىكىتى قوزغالغان. تەيۋەننىڭ غەربىنى ئامېرىكا ناھايىتى يۇقىرى سەزگۈرلۈك بىلەن قىياس قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن ئەنسىرەشكە باشلىغان. بۇ دېگەنلىك، تەيۋەندە ئېلىپ بېرىلغان ئاساسى قانۇننى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ۋە ئاساسى قانۇننى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئامېرىكا تەرەپتە پەيدا بولغان تەسىراتلار، ئامېرىكا تەرەپنى ئاساسى قانۇننى ئۆزگەرتىش تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ۋەزىيىتىگە پايدىسىز، دېگەن كۆزقاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدى، دېگەنلىكتۇر.

1997 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن بۇرۇن ئامېرىكا، تەيۋەن توغرىسىدا، جۇڭگو بىلەن تەيۋەننىڭ ئىستراتېگىيىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىگە باغلىق ئېنىق بىر نەرسە دېمىگەن. 5 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت پارلامېنتى ئېلان قىلغان: «يېڭى ئەسىردە دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيىسى» ماۋزۇلۇق دوكلاتتا: «جۇڭگو بىلەن تەيۋەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ» دەپ كۆرسەتكەندىن باشقا، بۇ دوكلاتنىڭ 3 ـ بابىدا: «بىرلەشتۈرۈلگەن رايون خاراكتېرلىك ھەل قىلىش لايىھىسى» ماۋزۇسى ئاستىدا «جۇڭگو بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا دېڭىز بوغۇزىدىن ھالقىغان سۆھبەتنى قانات يايدۇرۇش» نى ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانى قاتارىغا كىرگۈزگەن.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبرايىت خانىم 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سانفرانسىسكودا نۇتۇق سۆزلىگەندە: ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو، تەيۋەن ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغانلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدى. ئوخشاشلا 1972 ـ يىلى جۇڭگو، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان «شاڭخەي

ئاخباراتى» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمزالانغان ئىككى پارچە ئاخباراتتا قەيت ئېتىلگەندەك، جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمۇ، بىزنىڭ پرىنسىپلىق مەيدانىمىز، دەپ كۆرسەتكەندىن باشقا، 1979 - يىلى تۈزۈلگەن «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى»غا ئاالاقىدار تەيۋەن بىلەن غەيرىي مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاشتا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتىمىز، دەپ كۆرسەتتى. ئالبرايت خانىم. بۇنداق ئەھۋالدا، ئامېرىكىدا جۇڭگو سىياسىتىنىڭ تەيۋەن تەرەپتىن خىتاي جۇڭگوسى تەرەپكە ئېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

ئارقىدىنلا لى دىڭخۇي پانامادا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش نۇتقى سۆزلىگەندە: «جۇڭخۇا مىنگونىڭ تەيۋەندە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ئىكەنلىكىنى، مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى» ئىككى قېتىم ئاشكارا كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن ئېنىق بولغان ئىدىكى 1997 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ۋاشىنگتوندا ئۇچراشقاندا تەيۋەننىڭ تەۋەلىك ئورنى مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم مۇھاكىمە تېمىسى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا مۇكەممەل سىياسىي رامكىدىن ئېيتقاندا پرېزىدېنت لى دىڭخۇي ئوتتۇرا ئامېرىكىنى زىيارەت قىلغاندا، ئامېرىكا، جۇڭگو دۆلەت باشلىقلىرى ۋاشىنگتوندا ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن كەلگۈسى جۇڭگو، تەيۋەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئىجابىي تەرەققىيات مۇمكىنلىكىنى ۋە تەيۋەن تەرەپنىڭ ئاقىلانە نىيىتىنى ئۇقۇم شەكلىگە كەلتۈرۈپ، كىلىنتون، جياڭ زېمىن سۆھبىتىدىن كېيىن شەكىللەنگۈسى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ رامكىسى ئىچىگە كىرگۈزمەكچى بولغان ئىدى.

شـۇنداق ۋەزىيەتـتە پرېزىـدېنت كىلىنتـون بىـلەن جيـاڭ زېمىـن ۋاشـىنگتوندا مـۇخبىرلارنى كۆتـۈۋېلىش يىغىنـى ئۆتكۈزگەنـدە: «ئىككـى قىرغاق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ پۇرسـىتى، قـانچە تېـز بولـسا شـۇنچە ياخشى، كېچىككەندىن بالـدۇر بـولغىنى ياخـشى» دەپ ئاشـكارا ئوتتۇرىغـا قويغان ئىدى.

ئامېرىكا تەرەپ، تەيۋەن تـەرەپنىـڭ جۇڭگـو بىـلەن سۆھبەت قـۇرۇش نىيىتىنىـڭ يـوق ئىكەنلىكىنـى سـېزىپ يەتتـى. بۇنىڭغـا ئامېرىكىنىـڭ بىخەتەرلىـك ئورگانلىرىنىـڭ «تەيـۋەن 10 يىلـدىن بېـرى بۆلگۈنچىلىـك يولىغـا ماڭـدى» دېـگەن سـۆزىنى قوشـقاندا، بۇنـداق ئۇقۇمـدىن پەيـدا بولغـان بـوھران تۇيغۇسـى، ئامېرىكـا ئۈچـۈن ئېيتقانــدا ئــوتتىن مۇداپىئەلىنىـشكە، مـۇداپىئە كـۆرۈش بەلـۋېغى ئورنىتىـشقا تـوغرا كېلىدىكەن دەيدىغان تەسەۋۋۇر بىلەن بىر يەردىن چىقتى.

پرېزىـدېنت كىلىنتـون بىـلەن جيـاڭ زېمىـن ئىككـى قېـتىم ئۇچراشـقاندىن كېيىنمـۇ، تەيـۋەن جۇڭگـو بىـلەن سـۆھبەت قۇرمـىدى. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە ئاساسـى قـانۇننى ئۆزگەرتىـپ، تەيۋەننىـڭ تەقـدىرىنى ھەل قىلىـشقا ئالـدىراپ كەتتـى. قوشـۇمچە بېيجىـڭ تەرەپنىـڭ تەيـۋەننى بىـرلىككە كەلتـۈرۈش ۋاقـت جەدۋىلـى ئـارقىلىق بېـسىم پەيـدا قىلىـشى ئامېرىكىنىـڭ «ئوتتـۇرا مۇسـاپىلىك كېلىـشىم»نـى ئوتتۇرىغـا چىقىرىـشىغا سەۋەب بولدى.

ئەمەلىيەتـتە 1996 ـ يىلـدىن باشـلاپ ئىككـى قىرغاقنىـڭ توقۇنۇشـىدىن سـاقلىنىش، بولۇپمـۇ تەيـۋەن تەرەپنىـڭ ئىغۋاگەرچىلىـك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئامېرىكىدا جۇڭگو سياسىـتىنىڭ مەزمـۇنى بولـۇپ كەلگەن. بۇ سياسەت تەيۋەنگە ئىشەنمەسلىك مەزمـۇنى بىـلەن تولـۇپ ـ

تاشـقان ئـىـدى. جۇڭگـو ئـىـشلىرى بـويىچە ئـامېرىكىلىق مۇتەخەسـسىس Harry Harding خەررى خاردىـڭ پرېزىـدېنت لـى دېڭخۇيـنىـڭ ئـىككـى قىرغـاق مۇناسـىۋىتىنى نورماللاشـتۇرۇش توغرىـسىدا سـۆزلىگەن نـۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «گۇمانلىنىمىز، لـى دېڭخـۇي تىلغـا ئېلىـپ ئـۆتكەن نورماللاشتۇرۇش زادى نېمىدىن دېرەك بېرىـدۇ؟ ئامېرىكـا بىـلەن يـاپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلغانمۇ؟» دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكىــدا مەمۇرلارنىــڭ سىياســي ئۇقــۇملار لۇغىتىــدە تەيــۋەن بوغۇزىنىـڭ ھـازىرقى ھـالىتىنى سـاقلاپ قـېلىش دەيـدىغان ئۇقـۇم يـوق ئىدى. چـۈنكى، سـاقلاپ قېلىـشنى تەكـىتلەپ تۇرسـىمۇ، سـاقلاپ قـېلىش ئوڭايغـــا توختىمـــايتتى. پەقەت «ئوتتـــۇرا مۇســـاپىلىك كېلىـــشىم»لا مــۇقىملىقنى ئىجــابىي تەرەپــكە يېتەكلىيەلەيتتــى. پرېزىــدېنت لـــى دېڭخۇيـنىـڭ «ئىككـى دۆلەت نەزەرىيـسى» ئوتتۇرىغـا چىققـان ئـىـكەن، ئەمدى تەيۋەن، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى قانداق بولىدۇ؟

# بۇ يىل...

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

بۇ يىل «4 ـ ماي» ھەرىكىتىگە 80 يىل توشقان يىل، «4 ـ ئىيۇن» ھەرىكىتىگە 10 يىل توشقان يىل، خىتاي كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 50 يىل توشقان يىل، يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىشىنىڭ ئالدىنقى يىللىرى بولغانلىقتىن، بېيجىڭ دائىرىلىرى سىياسىي داۋالغۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، سىياسىي توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، خۇ جىنتاۋ يېتەكچىلىكىدە ئايرىم رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ ئاپەت خاراكتېرلىك سىياسىي پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشماقتا. ۋەقە سادىر قىلغۇچى ھەرقانداق ئامىللارنى بىخ ھالىتىدە يوقاتماقچى بولۇشتى. لېكىن كىشىنىڭ ئەشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر ۋەقە شۇ بولدىكى، «پالۇنگۇڭچىلار»نىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق مۇرىتى ھېچكىم سەزمىگەن ئەھۋالدا جۇڭنەنخەينى قورشىۋېلىپ تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغاندا، ئامېرىكا سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى نەق مەيداندان كۆرۈنۈشىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقاندا، جۇڭگونىڭ ئىچى ۋە تېشىدا ئىنتايىن زور زىلزىلە پەيدا بولغاندا، جۇڭنەنخەي تېڭىرقاش ئىچىدە قېلىپ قالدى. بېيجىڭ دائىرىلىرى بۇ قېتىم تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئەمەس ياكى دېموكراتىك ھەرىكەتچىلەرمۇ ئەمەس، ئىشسىزلار ياكى شەھەر لۈكچەكلىرىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆلارنىڭ تامام ئەكسىچە روشەن دىنىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. دىنىي ئېتىقاد ئاساسلىرىغا ئىگە «پالۇنگۇڭچىلار» ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، جۇڭنەنخەي تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى.

«پالۇنگۇڭ» دىنىي تەلىماتىنىڭ ياراتقۇچىسى لى خۇڭ جى ئامېرىكىدا تۇرۇپ نامايىشقا قوماندانلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچى ۋە

سىرتىدا «پالۇنگۇڭچىلار» زىچ بىرلىشىپ كەتتى. خىتاينىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتىنى ئىنتايىن مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فراگماتىزملىق جاھاندارچىلىقتا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ماسلاشقۇچى جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەرىكىتىگە، پائالىيەتلىرىگە «كوللېكتىپ بەدەن چېنىقتۇرغۇچى»، «پالۇنگۇڭچىلار»نىڭ سىرلىق ھەرىكىتى قوشۇلۇپ، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتى.

بىزنىڭ «پالۇنگۇڭ» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىمىز بولمىسىمۇ، بۇ قېتىمقى ۋەقەدىن خىتاي جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى رېئاللىقى ۋە خىتاي دۆلەت سىياسىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە تولىمۇ يېتەرسىز سىياسەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتۇق. شۈبھىسىزكى، كوممۇنىزم ئېتىقادى ۋە ماتېرىيالىزم ئەپسانىلىرى دىنغا، دىنى ئېتىقادقا قارشى ئاتېئىزم ئەپسانىلىرى جۇڭگودا يىمىرىلگەندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋى ئالەمدە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇپ، ئېغىر مەنىۋى بوھرانغا دۇچ كەلگەن. نەتىجىدە، جۇڭگودا راست ئىشەنسۇن ياكى خىتايلار يالغان ئىشەنسۇن كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنى، پالۇنگۇڭ، گومپىچىلار قاتارلىق دىنى پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. توسقۇنلۇقتا، چەكلەشكە، تەقىب قىلىشقا بويۇن بەرمىگەن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئىسلام دىنى تەبلىغ پائالىيەتلىرى جانلىنىپ كەتكەن. دېمەك، جۇڭگودا ۋە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا جەمئىيەتنىڭ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىشى، مەئىشەتپەرەستلىك، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ئادەملەرنى مەنىۋى قارارگاھ ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى، دېگەن سۆز.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن قۇدرەتلىك سەككىز دۆلەت گۇرۇھىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىلەن رۇسىيە پرېزىدېنتىنىڭ ئۇچرىشىشى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن پرېزىدېنت يىلتىسىن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئىختىلاپلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇردى. پرېزىدېنت يىلتىسىن «كوسوۋو تىنچلىق كېلىشىمى» ئىمزالاشقا ماقۇل بولدى. پرېزىدېنت كىلىنتون رۇسىيىنىڭ قەرزدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغان بولدى. ھەممىدىن مۇھىمى يىلتىسىن «راكېتا سىناق قىلىشنى چەكلەش شەرتنامىسى»غا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە قوشۇلۇپ، ئامېرىكىنىڭ «راكېتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسى»نى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. ئوخشاشلا كوسوۋو كرىزىسى پەيدا قىلغان ئامېرىكا، رۇسىيە، جۇڭگو ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ يۈرگەن تۇمانلارنى تارقىتىۋېتىپ ئامېرىكا چوڭ دۆلەتلەر دىپلوماتىيىسىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى ئاشكارا كۆرسەتتى. كوسوۋو مەسىلىسىدە يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىختىلاپلىرى دەرھال ئاشكارىلانغان. جۇڭگو «ئىنتىپاقداش» غەرب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىغا قويغان «ئىنگلىك ھوقۇقتىن كىشىلىك ھوقۇق ئەلا» دېيىدىغان يېڭى دۇنياۋى تەرتىپ ئورنىتىش چارىلىرى، پرىنسىپلىرى شىنجاڭ (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) تىبەت، ھەتتا تەيۋەن مەسىلىسىگە تەتبىق قىلىنامدۇ، قانداق؟ دەپ ئەنسىرەشكە باشلىغان ۋە ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان

ئىدى. رۇسىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناتو پىلە قۇرتى غازاڭ يېگەندەك، شەرققە كېڭەيگەندە، مەنپەئەتىگە تەسىر يەتكۈزەمدۇ، يوق؟ دەپ رۇسىيىگە تىترەك ئولاشقان ئىدى. رۇسىيە ئوتتۇرا شەرققە، بالقان يېرىم ئارىلىغا ھەربىي پاراخوت ئەۋەتىمىز دەپ، پوپوزا قىلغان بولسىمۇ، پوپوزا دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، دەيدىغان ئەندىشىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى رۇسىيە كوسوۋو مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىپ، رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئامېرىكىغا قارشى بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان غەيرەتكە كېلەلمىدى.

مۇشۇ پەيتلەردە خىتاي دانالىرى، ھەربىي ساھەدىكى ئاتالمىش قاتتىق قوللار دەرھال رۇسىيە بىلەن بىرلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان بولدى. رۇسىيىمۇ ماسلىشىپ بەرگەندەك بېيجىڭغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىشكە باشلىغان ئىدى. جياڭ زېمىن بىلەن يېلتسىن ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئىككى دۆلەتنىڭ نىشانى بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. غەرب بىلەن شەرق شۇ ھامان ئۆز ئورنىدا ئاكوپقا چۈشۈپ، يېڭى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ كەيپىياتى ئۆرلىگەندەك كۆرۈنەتتى.

لېكىن رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ بىر ئاكوپقا چۈشەلمەيدىغانلىقىنى پاكىتلار ئىسپاتلاپ قويدى. بۇ پاكىت، ھەر ئىككى دۆلەت ئامېرىكىدىن پايدا ئېلىشنى كۆزلىگەنلىكتىن تووۋلايدىغان مۇقام پەرقلىق بولۇپ قېلىۋەردى. بۇ ئەھۋال رۇسىيە، جۇڭگو ئىتتىپاق تۈزگەن تارىخى دەۋرلەرنىڭ ئەمدى قايتا تەكرارلانمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن باشقا، ھەر ئىككى دۆلەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات

ھەرىكىتىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ياردىمىسىز ۋۇجۇدقا چىقالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت ئىدى.

جۇڭگوغا كەلسەك، رۇسىيىگە سېلىشتۇرغاندا جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا قارشى مەيدانى گويا قاتتىقتەك كۆرۈنەتتى. ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى پېكلىن بېيجىڭغا كېلىپ باش ئەلچىنى بومباردىمان قىلىشقا ئائىت تەييارلىغان دوكلاتنى جۇڭگو تەرەپكە سۇنغاندا، بېيجىڭ قوبۇل قىلماي رەت قىلدى. سودا ـ تىجارەت مەسىلىسى بويىچە سۆھبەت باشلانغاندا، جۇڭگونىڭ مەيدانى قاتتىق بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا، يادرو قوراللىرىنى سىناق قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالا ـ تويىلاڭ كۆتۈردى. بۇنداق قاتتىق پوزىتسىيە بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىچىدە قاتتىق قوللار دەپ ئاتالغان مىللەتچى خىتايلارنىڭ رايىغا بېقىش بولۇپ ھېسابلانغاندىن باشقا، ئامېرىكىدىن پايدا ـ مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋېلىش قاتتىق پوزىتسىيە قوللىنىشنىڭ ئىككىنچى تەرىپى ئىدى. رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا قارشى ھەربىي ئىتتىپاق قۇرۇشى مۇمكىن بولمىغاندىن كېيىن، ھەتتا جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا قارشى ھەربىي ھارۋىنى يالغۇز سۆرىيەلمەيدىغانلىقىمۇ ئېنىق بولۇپ قالدى. شۇڭا «رىنمىن رىباۋ» ئامېرىكىغا قارشى ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدە تىللاپ قويۇش بىلەن خۇشامەت قىلىشنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. پرېزىدېنت كىلىنتون، گېرمانىيىنىڭ ۋەزىرى سۇرودېر بىلەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەندە: «جۇڭگو باش ئەلچىخانىسىنى نېمە ئۈچۈن بومبىلىغانلىقىمىز توغرىسىدا چۈشەندۈرۈشلىرىمىزنى قوبۇل قىلدى،

جۇڭگو مۇشۇ يىل ئىچىدە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش رەسمىيەتلىرىنى تاماملىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىزكى، ئۈچ دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىدە ئامېرىكا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، يەرشارى خاراكتېرلىك سىياسىي شاخمات ئويۇنىدا، تاختىدا پىچكا بولۇپ تۇرغۇچىنى پىلغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن دەپ، پەرەز قىلىشلارنىڭ ئەخمىقانە پىكىر قىلىش، ئەخمىقانە پەرەز قىلىش بولۇپ قالغانلىقى ئىسپاتلاندى، خالاس!

## جۇڭگونىڭ...

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتى كرىزىس خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە. ئۆزگىرىشنىڭ تۈگۈنى ـ كوسوۋو ئۇرۇشى، پالۇنگۇڭچىلار ۋەقەسىنىڭ قوشلاپ كېلىشى جۇڭگونىڭ سىياسىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىنمۇ ياكى جۇڭگولۇقلارنىڭ دەۋرنىڭ ئېقىمىغا ماسلاشماي، تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىشنى رەت قىلىپ، بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىگەنلىكىدىنمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە خۇلاسىلەندى. خىتاي ھۆكۈمىتى «4 ـ ئىيۇن» ۋەقەسىنى باستۇرغان جىنايىتىنى تونۇمىدى، تەكشۈرۈپ چىقىشنى خالىمىدى. دۆلەت ئىچىدە دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە زاتلارنى باستۇرۇپ، دۇنيانىڭ تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا قارشى يول تۇتتى. بۇ خىل «جۇڭگوچە» ئاتالغۇ، برېژنېۋچە سىياسەت، جۇڭگولۇقلار شۇ كۈنلەردە ئۆزلىرى ئىزدىنىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش، بازار ئىقتىسادى ۋە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز ئىدى.

1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگولۇقلار جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا بىر قاراشقا كېلىشكەن. «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ»، «ئىسلاھات ئېلىپ بارمىساڭ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرساڭ بولىدۇ» دېيىشكەن. دېمەك، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، خىتاي پۇقرالىرىغا ھاياتلىقنىڭ داغدام يولى ئېچىلمايتتى.

بىز يېقىندا، جۇڭگو تۈزۈلمە ئىسلاھات ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى چېن يى سى ئەپەندىنىڭ: «ھازىرقى دۇنيادا كوممۇنىستلار رەھبەرلىكىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، غەلىبە قىلغان بىر دۆلەت يوق» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدۇق. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ ئۇقۇشلۇق بولۇشىغا كۆپ كۈچ چىقارغان بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرى بۇ يەردە ئەھمىيەتلىك ۋە كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان سۆز بولۇپ قالدى.

كۆزقاراشلار قانداق بولسا بولسۇن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ بارلىق سىياسىي مەنبەلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرغانلىقى رېئاللىقتۇر. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا جاۋ زىياڭنىڭ كاتىپى باۋ تۇڭ: «ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ كۆرگەندە، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا بەدەل تۆلەشنىڭ ئەقەللىي چارىسى ھوقۇق بېشىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش» دېگەن ئىمىش. ئەمما، چېن يى سى ئەپەندى: «جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش زىيىنى ئاز، پايدىسى كۆپ تاللاشتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. جۇڭگو قۇرۇلۇقىدا ئاتاقلىق نەزەرىيىچى ساۋ يۈەن: «يېقىندا جۇڭگودا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ جۇڭگو سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بولۇپ قالىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ قارىشىچە كوممۇنىستىك پارتىيە ئىسمىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، شىللىدىكى تارىخى بوغچىنى ئېلىپ تاشلاپ «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى»، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»، «4 ـ ئىيۇن» ۋەقەسى قاتارلىق

تــارىخى ھەرىكەتــلەرگە ئەقلــى مۇئــامىلە قىلىــپ، ئــۆزگىرىش ھاســىل قىلسا، بۇ دېمەك تەرەققىيات، ھەرگىز چېكىنىش ئەمەس ئىمىش.

كــىشىلەر جۇڭگــودا كوممۇنــىستىك پارتىيىنىــڭ ئــۆزىنى ئــۆزگەرتىش ئــارقىلىق، ئەقلــى تەپەككــۇر قىلىــپ بىــر پارتىيىنىــڭ ھۆكۈمرانلىــق ئەنئەنىــسىدىن ۋاز كېچىــپ، سىياســەتنى خەلقــقە قــايتۇرۇپ قايتــا تەشــكىللىنىش ئــارقىلىق كوممۇنىــستىك پارتىيىنىــڭ ئىنقىلابىــى پارتىيىــدىن ھــاكىمىيەت بېــشىدىكى پــارتىيىگە ئۆزگىرىــشىنى ئۈمىــد قىلاتتى. لېكىن بۇ ئۈمىد بىر خام خىيال ئىدى. بەلكى كىشىلەر سابىق سوۋېتلەردە بولــۇپ ئۆتكەنــدەك، (مەســىلەن: ئــۈچ نەپەر پۇبلىــستىكا يازغۇچى ئــۈچ پارچە ماقالە يېزىــپ رۇسىيە كوممۇنىــستىك پارتىيىــسىنى ئاغدۇرغانــدەك) بىــر مۇخبىرنىــڭ قــان تۆكمەيــدىغان ۋاســىتىلەر ئــارقىلىق جىيــاڭ زېمىننىــى تەختــتىن چۈشــۈرىدىغان بىــر مۇخبىرنىــڭ ئوتتۇرىغا چىقىــشىنى ئويلايدىغانــدۇ؟ لــېكىن خىتاينىــڭ ئىچكــى قىــسمىدا كىــم شــۇنداق قىلىــشقا جــۈرئەت قىلالايــدۇ؟ جــۈرئەت قىلغانــدىمۇ شــۇنداق كىــشىلەر يازغــان ماقــالىلەرنى چۈشــىنىپ قوبــۇل قىلالايــدىغان خىتــاي پۇقراسى بارمۇ؟ سىياسىي تــۈزۈلمىنى دېمــوكراتىيە ئــارقىلىق ئــۆزگەرتىش، خەلــق رايىغــا ئاساســلىنىپ خەلقئــارا جەمئىيەتنىــڭ قوينىغــا قايتىــپ كــېلىش، شۈبھىــسىزكى، ھەمــمە ئىــشلار يۈرۈشــۈپ كېتىــدىغان بىــر پۇرسەتنى تۇغدۇرۇپ بېرەتتى.

كوممۇنىــستىك پــارتىيە ھۆكۈمرانلىــق قىلغــان دۆلەتــلەردە بۇنــداق مىساللار ئــاز كــۆرۈلمىگەن. سابىق سوۋېتلەرنىڭ سېكرېتارى خرۇششېۋ قىرىمغا دەم ئېلىشقا كەتكەنــدە، سىياســي بىــرو ئۇنىــڭ ئەمىلىنــى ئېلىــپ تاشلىغان. جۇڭگودىمۇ جاۋ زىياڭنى كورىيىگە زىيارەتكە چىقىرىۋېتىپ،

دىلىڭ شىياۋپىڭ ئۇنىڭ ئەمەلىنى ئېلىپ تاشلىغان. بىلىش كېرەككى، خىتاي مىللەتچىلىكى بۇگۈنكى ۋەزىيەتتە ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن ئاكتىپ ئالاقىدە بولۇش سىياسىتى ئاستا ــ ئاستا ئۆزگەرمەكتە. پرېزىدېنت كىلىنتون ئىككىنچى قېتىم سايلانغاندا: «ئاكتىپ ئالاقىدە بولۇش سىياسىتىمىز ئۆنۈم بەرمىدى» دەپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپلا جۇڭگو ئامېرىكا مۇناسىۋىتى جىددىي دەۋرگە كىرىپ قالدى.

ئەمدى قاتتىق بېسىم ئىشلىتىش ئاكتىپ ئالاقىدە بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۆتەمدۇ، قانداق ؟!

# پرېزىدېنت لى دىڭخۇي...

1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

تەيۋەن تەرەپنىڭ سىياسىي سۆھبەت ۋەكىلى گۇجىنخۇنىڭ نۇتۇق تېزىسىنىڭ مەزمۇنىغا نەزەر ئاغدۇرساق «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»، «ئىككى دۆلەتنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتى»نى تەكىتلەش كېرەك، «ئۆتمۈشكە قايتىشقا بولمايدۇ» دېگەن سۆزلەر بىلەن تۈزۈلگەن، دېيىشكە بولىدۇ. لى دىڭخۇي ھەقىقەتەن زور سىياسىي تەسىر پەيدا قىلدى. قايسى تەرەپنىڭ سىياسىتى بولمىسۇن بىر جۇڭگو سىياسىتىگە بوياق بەردى. «بىر جۇڭگو سىياسىتى» قايتا رەڭ ئالدى. قايسى بىر تەرەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بوياق ۋەرەڭنى يۇيۇپ تازىلىۋەتكەندىمۇ، لېكىن «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» پەيدا قىلغان سىياسىي تەسىرنى ھەرگىز يۇيۇپ تازىلىيالمايدۇ. ئامېرىكا، جۇڭگو، تەيۋەن ئۈچ تەرەپنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان «بىر جۇڭگو سىياسىتى»بار ئىدى. لېكىن «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» خەلقئارا تەسىر پەيدا قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ تەرەپنىڭ «بىر جۇڭگو نەزەرىيىسى» پەرقلىق ھالدا بىر دائىرىدە چېنىپ قالدى. يەنى ئۈچ تەرەپ كۆڭۈل بۆلىدىغان جۇڭگو - تەيۋەن سۆھبىتىدە لى دىڭخۇي ئاۋۋال تىزىلغان شاخمات ئۇرۇقلىرىنى ئۆرۈۋېتىپ ئۇرۇقنى قايتا تىزدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە تەيۋەن سىياسىي تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈردى. لى دىڭخۇي «خاتىرجەملىكنى بۇزغۇچى» دەيدىغان گەپنى ئۆزگەرتىپ، ئەمدى ۋاشىنگتون بىلەن بېيجىڭ لى دىڭخۇينىڭ كېلەر قېتىملىق قەدىمىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلىنىشقا باشلىدى. گەرچە ۋەزىيەت پايدىسىز بولسىمۇ ئەمما، سىياسىي ئويۇننىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

«خەلق رايىنى ئەخمەق قىلدى» دەپ لى دىڭخۇينى ئەيىبلەيدىغان كىشىلەر لى دىڭخۇينىڭ تەيۋەن خەلقىنىڭ دۆلەت ئورنىنى بېكىتىشكە ئائىت ئورتاق قاراشلارنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى سەممىي ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. دۆلەت قۇرۇش تارىخى 80 يىلدىن ئاشقان، دۆلەت تەرتىپلىرى بىر كۈنمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىغان (گەرچە كوممۇنىست خىتايلاردىن يېڭىلگەن بولسىمۇ) خەلقئارادا 30 نەچچە دۆلەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن تەيۋەن جىن مىن، مازۇ ئاراللىرىغا ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تەيۋەندە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۆجىزە ياراتقان 23 مىليون تەيۋەنلىكنىڭ تەيۋەننىڭ بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ھەققى يوق ئىدى. بۇ تەيۋەنلىكنىڭ ساداسى ئىدى، بۇ رېئاللىقنىڭ تەسۋىرى ئىدى. شۇ سادالارنى لى دىڭخۇي «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» دەپ كۆتۈرۈپ چىققان ئىكەن. كۆتۈرۈپ چىقىش شەكلىنىڭ قانداق بولۇشى، تۆلەيدىغان بەدەلنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن جياڭ زېمىننىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»گە قۇلاق سېلىشى لازىم بولدى. لى دىڭخۇينىڭ ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى گەرچە ئاڭلاشقا يېقىملىق بولمىسىمۇ بىراق، تەيۋەن خەلقىنىڭ رايىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىكەن، ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك بولىدۇ، بۆلۈنۈپ تۇرغان رېئاللىقتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغانلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك بولىدۇ، بۆلۈنۈپ تۇرغان ھالەت ئېتىراپ قىلىنمايدىكەن، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ بىرلىككە كەلتۈرىمەن دەپ، ۋارقىرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قانچىلىك؟ سۆھبەت تەڭ دەرىجىلىكلەر سۆھبەت بولمايدىكەن كىم بۇنداق سۆھبەتنى يەنە سىياسىي سۆھبەت دەپ ئاتايدۇ؟

شۇنداق تونۇشلار ئاساسىدا رەئىس جياڭ زېمىن تارىخى ئۆيغىنىش تۈيغۇسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە لى دېڭخۈينىڭ كېلەر قېتىملىق قەدىمىگە جاۋاب بېرىشى، كېلەر نۆۋەتلىك ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قائىدە بېكىتىشى كېرەك بولۇپ قالدى. ئەگەر جۇڭگو تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرمەيدىكەن، تەيۋەنگە ئىزچىل بېسىم ئىشلىتىپ «چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيىسى»، «زوراۋانلار سىياسىي سودىسى»دىن پايدىلىنىپ تەيۋەننى ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» تېخىمۇ رېئاللىشىپ، تېخىمۇ خەلقئارا كەيپىيات يارىتىپ، تەيۋەن خەلقىنىڭ رايىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن كوممۇنىست خىتاينىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش سىياسىتى تاتلىق چۈشكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. جياڭ زېمىننىڭ ئەقلى بولسا تارىخى پۇرسەت يارىتىشى، ۋاقتى ئۆتكەن دىڭ پاكارچە «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» سەپسەتىسىنى بايراق قىلىپ پۈلاڭلىتىپ يۈرمەسلىكى، ئىككى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئوخشاش يېڭى روھنى، يېڭى شەرھلەشلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى لازىم ئىدى.

جياڭ زېمىن ئامېرىكىنىڭ سىياتىل شەھىرىدە: «بىر دۆلەت جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دەيدىغان ئۈچ ھۆكۈملۈك نەزەرىيىسنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تەيۋەننى يارنىڭ لېۋىگە قىستاپ قويىدى. ئاخىرى تەيۋەنلىكلەر ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدى «بىر جۇڭگو ھەركىم ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى سۆزلەش» توچكىسىغىمۇ قايتىپ بارالمايدىغان بولدى. 1972 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىنماستىن

بـۇرۇن خەلقئـارادا بـىرنەچچە دۆلەتنـىڭ ئېتىـراپ قىلىـشىغا ئېرىـشكەندە، شـۇ چاغـدا ئىككـى دۆلەتنـى پەيـدا قىلغۇچىلارنـىڭ باشـقىلار ئەمەس، جۇڭگـو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى.

جيـاڭ زېمىـن، ماۋ، دېڭلاردىـن ھالقىـپ كېتىـشىنىڭلا ئەمەس، ھەتتـا، لـى دېڭخۇيـدىنمۇ ھالقىـپ كېتىـدىغان جـۈرئەتنى تەييارلىـشى لازىـم بولـدى. چـۈنكى، ۋەزىـيەت ئۆزگىرىـپ كەتتـى، لـى دېڭخۇينىـڭ نەزەرىيـۋى يېتەكچىلىـك كـۈچى 10 يىلـدىن بېرى تەيۋەنـدە ئالقىشلاشقا سازاۋەر بولـۇپلا قالمـاي، ھەتتـا، ۋەزىيەسـدىن ئـايرىلىش ئالدىـدا تۇرغانـدا، «تەيۋەننىـڭ تەشەببۇسـى» مـاۋزۇلۇق يېگـى نەشـر قىلغـان كىتابىـدا «يەتـتە دۆلەت نەزەرىيىـسى»نـى تەرغىـب قىلىـپ ۋەزىـيەتكە يېتەكچىلىـك قىلـدى. جيـاڭ زېمىن ئەمدى ئاددىي ئىنكاس دائىرىـسىدىن ھالقىـپ چىقىـپ، ئىككـى دۆلەت مۇناسـۋىتى توغرىـسىدا، ئالـدىن كۆرەرلىـك ۋە ئىـشەنچ ئاساسـىغا تىكلەنـگەن ئومـۇمى بىـر پىـلان ـــ كونفېدېراتـسىيە، بىـر دۆلەت ئىككـى رايـون يـاكى دۆلەتـلەر كېڭـشى يـاكى مۇسـتەقىل دۆلەتـلەر ئىتتىپـاقى دېمـىدۇ ئەيتـاۋۇر يـېڭىچە ھەل قىلىـشنىڭ يېڭـى ئۇسـۇلىنى كۆتـۈرۈپ چىقىشى كېـرەك. جيـاڭ زېمىن گـۇرۇھى 21 ـ ئەسىردە گورباچېۋدەك بۈيـۈك ئـادەم بولۇشـنىڭ يـاكى لى خۇڭجاڭدەك بۈيۈك ئادەم بولۇشنىڭ يـولىنى تاللىۋالمايـدىكەن، مـۇرەككەپ دەسـمايىلەرنى كۆتـۈرۈپ چىقىـپ، مەسـىلەن: مۇسـتەملىكە ئۇيغۇرىـستان، تىبەت مەسىلىسىنى يوللۇق رەۋىـشتە كۆتـۈرۈپ چىقىـپ، تەيۋەننىـڭ سىياسـىي تەلەپلىـرىگە ماسلاشـتۇرۇپ، ئىـشنى يوللـۇق ئاقىـدىغان تەرەپـكە ئاقتۇرمايدىكەن، كەچۈرۈڭلار ئەپەنـدىلەر جيـاڭ زېمىـن گـۇرۇھى كېچىكىـپ قالىدۇ، ئۆلگۈرەلمەيدۇ.

# رابىيە قادىر قولغا ئېلىندى

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

1

بۈگۈن رابىيە قادىر قولغا ئېلىندى.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يەر شارىنىڭ غەربىي يېرىم شارىدا — ياۋروپادا كۈندۈزدە قۇياش تۇتۇلدى.

ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا كۈندۈزدە قۇياشنىڭ تۇتۇلۇشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىكەن... دۇنيادا بۈيۈك ئادەملەر پالاكەتكە ئۇچرايدىكەن، ئايالىم رابىيە قادىرنى بۈيۈك ئادەم دەپ ئاتىيالمىساممۇ، شۇنداق ئاتىغاندا ئۇيغۇرنىڭ ئادەت كۈچلىرى قوبۇل قىلالمىسىمۇ، لېكىن رابىيە قادىر مۇستەملىكىچى خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرنىڭ مىللىي روھىنى خىتاي كەلگۈندىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويغان بىر ئۇلۇغ ئايال ئىدى.

دەل شۇ كۈنى مېنىڭ ئايالىم — رابىيە قادىر قولغا ئېلىندى. ئۇ بىر باللىجان ئايال ئىدى. ساخاۋەتلىك، كۆيۈمچان، مېھرىبان، خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئايال ئىدى.

رابىيە قادىر نېمىشقا قولغا ئېلىندى، قانداق قولغا ئېلىندى؟

شۇ كۈنى ئۆرۈمچى ۋاقتى كەچ سائەت ئالتە ئەتراپىدا مېنىڭ خېنىم رابىيە قادىر ۋە ياردەمچىسى، تىجارەتچى رامىلە ئابلىمىت قاتارلىق كىشىلەر كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، يېڭى سېلىنغان قۇرۇم مېھمانخانىسىغا بېرىپ، ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشمەكچى

بولغان ئىدى. رابىيه قادىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارا ـ بارمايلا خىتاينىڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. رابىيه قادىر خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قولغا ئېلىشىغا قارشىلىق كۆرسەتكەندە، خىتاي ساقچى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىر مۇشت سالدى... رابىيه قادىر ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە كۆچمەن خىتايلاردىن تاياق يېدى... ساقچى ماشىنىسى خىتاينىڭ تەڭرىتاغ رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى ... رابىيه خېنىم تۈرمىگە تاشلاندى...

ئامېرىكىلىق مېھمانلار كىملەر ئىدى؟ ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن يۇقىرى دەرىجىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئۇلار دىنى ئېتىقاد، دىنى ئەركىنلىك، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە خىتاينىڭ مىللىي سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىنى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن ئامېرىكىلىق مېھمانلار ئىدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ قارمىقىدىكى كۇتۇپخانىدا ئىشلەيدىغان، ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى كەررى دۇمباخ خانىممۇ بار ئىدى. بىز باشتىكى بايانلىرىمىزدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدەك كەررى دۇمباخ خانىم 1996 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا دوكلات تەييارلاپ، ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەت توغرىسىدا ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن خانىم ئىدى.

كەررى دۇمباخ خانىم 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ماڭا تېلېفون بېرىپ:

ــ كونگرېس ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن دېلىگاتسىيه بىلەن بىرگە ئاۋۋال بېيجىڭغا ئاندىن ئۈرۈمچىگە بارىمەن. سەن ئايالىڭ رابىيه

قادىرنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بەرگەن، ئۇرۇمچىگە يېتىپ بېرىپ رابىيە خانىم بىلەن كۆرۈشىمەن، ئەھۋاللىشىمەن، تاماقتا تەكلىپ قىلىمەن، مۇڭداشقاچ رابىيە خانىمدىن:

ــ نېمىشقا پاسپورتىڭىزنى تارتىۋالدى، دەپ ئىنقىلاپ كۆرمەكچىمەن، دېدى.

ــ مەن ئويلاپ باقاي دېيەلمىدىم.

ــ خانىم سىز ئۇرۇمچىگە بېرىپ، مېنىڭ ئايالىم رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسىڭىز خىتاي ھۆكۈمىتى ئايالىم رابىيە قادىرنى قولغا ئالسا قانداق قىلىمەن دېيەلمىدىم.

مەن ئامېرىكىدا سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئويغۇر بالا ئەمەسمىدىم؟ ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقتا تەشنا ئارزۇلىرىنى ئامېرىكا خەلقىگە يەتكۈزۈپ، ئامېرىكا خەلقىدىن ياردەم ئېلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئامېرىكىغا كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئويغۇل بالا ئەمەسمىدىم؟ بۈگۈن ئامېرىكا كونگرېس ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۇرۇمچىگە بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىنقىلايدىكەن، بۇ توغرىدا مېنىڭ ئايالىم رابىيە قادىردىن پىكىر ئالىدىكەن، مەن قانداقلارچە «ياق» دېيەلەيمەن.

ئايالىم رابىيە قادىرنىڭ تېلېفون نومۇرىنى كەرري رۇمباخ خانىمغا ئېيتىپ بەردىم. ئىككىنچى كۈنى تېلېفون ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى ئۇرۇمچىگە ــ خېنىم رابىيە قادىرغا يەتكۈزدۈم. ئەمدى مېنى «قارا باسقىلى» باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭدىن ئايرىلغىنىغا ئىككى

يېرىم يىل بولغان رابىيە خېنىمنىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا ئەمەس ئىدى.

رابىيە خېنىم:

ـــ مەن بىر پارچە دوكلات تەييارلاپ (ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا دوكلات تەييارلاپ) دوكلاتقا ئەھۋالىمىز، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى، باللىرىمنى سېغىنغانلىقىمنى ئىنكاس قىلىپ، كونگرېس ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن دېلىگاتسىيە ئەزالىرىغا تاپشۇرايمۇ، دېگەندە ماقۇل، دەپ جاۋاب بەردىم. مەن ئىككىنچى كۈنى تېلېفون بېرىپ:

ـــ رابىيە خېنىم خەتنى مەن يازاي (بۇنداق دېگىنىم ــ خىتاي قۇسۇر تاپالمايدىغان دەرىجىدە يېزىپ چىقماقچى ئىدىم) سەن يازما، يازغان خېتىمنى فاكس ئارقىلىق ساڭا ئەۋەتىپ بېرەي، مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەندە شۇ خەتنى تاپشۇرۇپ بەرگىن، دېدىم.

مەن شۇ چاغدا ئاز ـ تولا ھوشىغا كەلگەن ئادەم بولغان ئوخشايمەن. خەتنى ئۆزى يازغاندا خېنىم رابىيە قادىرنىڭ سىياسىي سۆزلەرنى يېزىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن ئوخشايمەن. مېنىڭ بۇ ئەنسىرەشلىرىم ئاخىرى بىھۇدە ئەنسىرەش بولۇپ چىقتى. خەتنى يېزىپ فاكس ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەرسەم، ھەرقانداق ئىشنى ئۆزى قىلىپ ئادەتلەنگەن رابىيە قادىر، مېنىڭ يازغان خېتىمنى چۆرۈۋېتىپ، دوكلاتنى ئۆزى تەييارلاپ ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، مېھمانلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كېتىۋاتقاندا قولغا ئېلىنىدى.

دوكلاتتا نېمىلەرنى يازدى، بىلمەيمەن، رابىيە خېنىم شۇ دوكلات بىلەن قولغا ئېلىندى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېرىشكەن پاكىتلارغا ئاساسلانسام ئامېرىكا كونگرېسىدىن تەشكىللەنگەن دېلىگاتسىيە تەركىبىدىكى مېھمانلارنىڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپ رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشۈشىنى ئەسلىدە ئامېرىكا كونگرېسى ئورۇنلاشتۇرغان ئىش ئىكەن.

## 2

رابىيە قادىر قولغا ئېلىندى... يېزىق ئۈستىلىمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئىككى قولۇمنى ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىگە قويۇپ ئىككى سائەت ئۆرە تۇردۇم... پومېشچىكنىڭ بالىسى ئىدىم... دادام قولغا ئېلىندى... يېتىم قالدىم... ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردىم... ئوقۇغۇچىلارنى نامايىشقا تەشكىللىدىم... خىتاينىڭ تۈرمىسىدە توققۇز يىل ياتتىم... تۈرمىدىن چىقىپ رابىيەم خېنىم بىلەن توي قىلدىم... سەرسان بولدۇق، سەرگەردان بولدۇق... ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشتىم... 20 يىل ئىچىدە رابىيەم خېنىم ئىقتىسادىي ساھەدە خىتاي بىلەن رىقابەتلىشىپ غەلىبە قىلدى... تۆت پارچە ماقالە يېزىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىپ خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى تەنقىد قىلدىم... قولغا ئېلىنىش تەھدىتى يېتىپ كەلدى... ئامېرىكىغا قاچتىم، سىياسىي پاناھلىق تىلىدىم... كىچىككى توققۇز ياشلىق تۆت بالامنى ھەم ئانا بولۇپ ھەم دادا بولۇپ چوڭ قىلدىم... ئۇيغۇر تىللىق ئۇيغۇر جەمئىيىتى

داشقاللىرىنىڭ تىل ـ ھاقارەتكە بەرداشلىق بەردىم... بۆگۈن مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر مۇستەملىكىچى خىتاينىڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن (ئىز - دېرىكىنى سوراپ بىلگۈچە شۇنچىلىك ۋاقىت كەتتى) ئوغلۇم ئابدۇلھېكىم ئابدۇرەھىم تېلېفون ئارقىلىق ماڭا خەۋەر يەتكۈزدى. رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى... بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. قولغا ئېلىنىش جەريانىنى قايتا ـ قايتا سوراشقا باشلىدىم... شۇ ئارىلىقتا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم... بالام ئابدۇلھېكىم ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى باللىرىمغا تەسەللى بەردىم... غەيرەتلىك بولۇڭلار ئەزىمەتلىرىم... ئاناڭلار رابىيە قادىردەك باتۇر بولۇڭلار... ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاناڭلار ئامان - ئېسەن تۈرمىدىن قايتىپ چىقىدۇ... خىتاي بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ خىتاي كوچىلىرى رابىيە قادىرغا جىنايەت ئارتالامدۇ، جىنايىتى نېمە؟ تۆھمەت ئۇ باشقا گەپ... خىتاي بەزگەكلىرى غالجىرلىشىپتۇ، رابىيە قادىردىن ۋە مېنىڭ ئائىلەمدىن قورقۇپتۇ، بارلىق ئۇيغۇرلارنى خام گۆش قىلىپ يېمەكچى بولغان خىتاي تېجىمەللىرى كەم ئويلاپتۇ. كىمنى قولغا ئالغانلىقىنى مەن خىتايلارغا ئوبدان كۆرسىتىپ قويىمەن... شۇنداق سۆزلەر ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى باللىرىمنىڭ كۆڭلىگە ئەمىنلىك ئاتا قىلسام ھەم ئۆزۈمنىڭ پاراكەندە كۆڭلىگە تەسەللى بەردىم.

تېلېفوننى قويدۇم، ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ تېلېۋىزورغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. كىنو قويۇلۇۋاتاتتى... ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرى ئاۋستىرالىيىلىك بىر جۈپ ئەر ـ ئايال ... گېرمانىيىنىڭ

ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدى... ئەركىشى قېچىپ قۇتۇلدى. مەزلۇمەنى تۈرمىگە ئېلىپ كەلدى. ۋەقەلەر قايتا ـ قايتا كۆرستىلگەندىن كېيىن، مەزلۇمە تۈرمىنىڭ ھويلىسىدا ئېتىپ تاشلاندى... بۇ كىنو نېمىشقا بۇگۈن قويۇلۇپ قالدى؟ بۇ كىنودا تەسۋىرلەنگەن بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ تۇرمۇشىغا نېمىشقا بىر جۈپ ئەر ـ ئايال ـــ رابىيە قادىر ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشى ئوخشاپ قالدى؟

كىنو تەسىر قىلىپ پەيدا بولغان تەسەۋۋۇرلىرىم ۋە گادىرماچ خىياللىرىم گىرەلىشىپ كەتتى... تېلېۋىزورنى ئۆچۈردۈم ـ دە، قولۇمغا قەلەم ئالدىم. خېنىم رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىشىدىن قىسقىچە دوكلات تەييارلاپ پوچتا ئارقىلىق ۋە تېلېفون ئارقىلىق لوندونغا يوللىدىم.

ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرەتتىم... بىچارە ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى يەنە بىچارىلىكتىن ئۆزگە قانداق بولۇشى مۇمكىن ئىدى؟ ھازىر يېنىمدا مەن بىلەن بىللە ياشاۋاتقان باللىرىمغا نېمە دېيىشنى بىلمىدىم... بۇ خەۋەرنى قانداق يەتكۈزىمەن... باللىرىمنى قانداق ئىشەندۈرىمەن، قانداق قايىل قىلىمەن... بۇ ئىشلارغا ئۆزۈم ئىشەنمەيۋاتقان تۇرسام، باللىرىمنى ئىشەندۈرەلىشىم، قايىل قىلالىشىم مۇمكىنمىدى؟ ياق، پاكىت يەنىلا پاكىت ئىدى. رابىيە قادىر ئاناڭلار قولغا ئېلىنىدى... باللىرىم تۇرۇپ كېتىشتى... ئويلاپ كېتىشتى، بىر ـ بىرىگە قاراپلا قېلىشتى، ئارىدىن چوڭ قىزىم ئەقىدە ھۆڭگىدە يىغلاپ كەتتى. باشقىلىرى ئەگىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى. 10 ياشلىق كىچىك قىزىم قەقنۇسنى باغرىمغا باستىم. كۆزلىرىم نەملەندى. ھاياتنىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن، چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپتىمەن، ئالمادىس ئۆزۈم بىر

ئىش بولۇپ قالسام، بۇ قوزىلىرىم قەيەردە قالار؟ ئوقۇيالمىسا ياقا ئەللەردە تۇرمۇشنى قانداق قىلار؟ بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. كۆزۈمدىن ياش توختىمىدى. قىزىم ئەقىدە ئانا!، دەيتتى، توختىماي يىغلايتتى. ئۇنىڭ بېشىنى سىلايتتىم...

تېلېفون جىرىڭلىدى... تېلېفوندا گەپ قىلىۋاتقان ئوغلۇم قاھار ئىدى:

ــ ئۈكام ئابدۇلھېكىم ئابدۇرەھىمنى قولغا ئېلىپ كەتتى؛

ــ ئۈكام ئالىم ئابدۇرەھىمنى قولغا ئېلىپ كەتتى؛

ــ كاتىپ قەھرىمان ئابدۇكېرىمنى قولغا ئېلىپ كەتتى؛

ــ ئانام رابىيە قادىرنى قولغا ئالغان كۈنى يېرىم كېچە ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 1 يېرىمدە ئىشخانىدىن، ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن سۆرەپ چىقىپ كەتتى...

كۆرەش باشلاندى سىدىقھاجى روزى، كۆز ياش، ئاجىزلىق، گاڭگىراش، تېڭىرقاش ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، ئورنۇڭدىن تۇر!!! كىمگە ھال ئېيتىمەن... دەردىمنى كىمگە سۆزلەيمەن... ئىشنى قەيەردىن باشلايمەن... قانداق ئاخىرلاشتۇرىمەن؟ ئاللاھ... ياردەم تىلەيمەن سەندىن!

بۇ خەۋەرنى ھەم كېچىلەپ لوندونغا «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»نىڭ باش شتابى لوندونغا يەتكۈزدۈم. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى ۋە بالىلىرىمنى قولغا ئالغانلىقى توغرىسىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا زوراۋانلىق قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا، زوراۋانلىقنى توختىتىپ رابىيە قادىرنى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى تۈرمىدىن

شەرتسىز قويۇپ بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ھۆججەت چىقىرىپ پۈتۈن دۇنياغا تارقاتتى. بۇ خەۋەرنى خەلقئارا مەتبۇئاتلار بەس ـ بەس بىلەن خەۋەر قىلىشقا باشلىدى. كىچىككىنە تىن ئالدىم... يۈرىكىم جايىغا چۈشتى، باللىرىمنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، ئۆزۈمنى تەمكىنلىككە، ئېغىر بېسىقلىققا دالالەت قىلدىم...

ئاۋۋىلى ئالالاھ... ئاندىن « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» رابىيە خېنىمغا، باللىرىمغا ئىگە بولدى...!

3

ئەتىسىدىن باشلاپ خىتاي ساقچىلىرى رابىيە قادىرنىڭ ئىشخانىسىغا پېچەت سالغاندىن كېيىن، سەككىز نەپەر ساقچى ئۆيگە كىرىپ ئاختۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئىچىنى ئۇرۇختۇم ـ بۇرۇقتۇم قىلىۋەتتى.

بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن لوندونغا تېلېفون بېرىپ:

ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوزغىلىپ رابىيە قادىرنى قوللاشقا، رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا رادىئو ئارقىلىق لېكسىيە سۆزلەپ، ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق قىلايمۇ دەپ ئىلتىماس قىلدىم.

ــ قانداق قىلساڭ قىل، ئىختىيارىڭ، لېكىن بىز ساڭا يول كۆرسەتمەيمىز، دەپ جاۋاب بەردى لوندون «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى».

... ئەخمەق ئىكەنمەن... نادان ئىكەنمەن... بىلمىسىز، تەجرىبىسىز ئىكەنمەن، ھېسسىياتچان ئىكەنمەن، ئەخمەقلىقىمنى لوندون خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلاپتىمەن. ئۇيغۇر خەلقى رابىيە قادىرنى قوللايدۇ، نامايىش قىلىپ ئۇنىڭ تۈرمىدىن

قويۇپ بىرىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلايتىمەن. ئۇيىنىڭ تۇۋتىقىغا ئۇرسا مۇڭگۈزى سىرقىرايدۇ، دەپ ئويلايتىمەن. ئۇيغۇرلار رابىيە قادىرنى بىلەتتى، خىتاينىڭ رابىيە قادىرنى قولغا ئېلىشقا قاراپ تۇرمايدۇ، نامايىش قىلىپ كوچىغا چىقىپ، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلايتىمەن. بۇ مېنىڭ ئۇيغۇرلارغا چەكسىز ئىشەنگەنلىكىم، چەكسىز ئۈمىدۋارلىقىم، سادda ـ سىراملىقىم ئەمەسمىكەن؟ ھازىرقى دۇنيادا ئۆز مىللىتىنىڭ سىياسىي ئازادلىقى ئۈچۈن مۇقەددەس كۈرەشكە ئاتلانغان قايسى بىر كىشى ئۆز مىللىتىگە ئىشەنمىگەن ئىدى؟ مەنمۇ شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرسى ئىدىمغۇ؟ رابىيە قادىرمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئارزۇ تىلەكلىرىگە چەكسىز ئىشەنگەن بىر مەزلۇمە ئىدىغۇ؟

ئۇيغۇرلار سىياسىي غايىگە ئىگە مىللەت، ئۇيغۇرلار كۆڭلىگە پۈككەن سىياسىي نىشانى بار مىللەت، قىرغىزلار جىنىدا، قازاقلار جىنىدا دۆلەت قۇرۇپ بولغاندا، تەسىرلەنگەن، ئىلھاملانغان ئۇيغۇرلاردا مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تۇيغۇلىرى پەيدا بولۇپ بولدى، بۇ تۇيغۇلار ھەربىي ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا مىللىي ھېسسىياتقا ئۆزگىرىدۇ، مىللىي ھېسسىيات مىللىي جاسارەتنى پەيدا قىلىدۇ. ئەنە شۇ جاسارەت ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى ئازاد قىلىشقا ۋە مېنىڭ رابىيە خېنىمنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىپتىمەن. مانا بۈگۈن مەن ئىشەنگەن شۇ ئۇيغۇرلاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى!

بىز ھاياتتا ئاۋۋال يول ئېچىپ ماڭغان، نىشانغا ئاۋۋال يېتىپ كەلگەن ئەر ـ ئايال ئىدۇق، ئۈرۈمچىنىڭ بۇلاق بېشى كوچىسىغا سېلىنغان قاتار ـ قاتار ئىمارەتلەر، سودا ـ سارايلار رابىيە قادىرنىڭ

ئەمگىكى بولۇپ، بىر تـالانتىن نـىشانە بېرىـپ تـۇراتتى. ئەمـدى هايـات ۋە ئادەملەرنىڭ كەيىندە قالدۇقمۇ؟ ياكى تۇرمۇشـنىڭ قىلتـاق ـ تۇزاقلىرىغـا چۈشتۇقمۇ؟ مەن ئويلايمەن، بۇنداق خۇلاسە چىقارمـايمەن، قېنـى بىـلەن، جېنــى بىــلەن ئازادلىققــا بەدەل تــۆلەپ ۋاپــات بولغــان ئۇيغۇرنىــڭ قەهرىمـانلىرى تارىختـا سـاڭا ۋە ماڭـا، كېيىنكـى ئەۋلادلارغـا قىممەتلىـك تەجرىبىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ۋەتەنىنىـڭ تۇپرىقىـدىن يـالغۇز ئـوت ـ چــۆپلا ئۈنــۈپ چىقمايــدۇ، تارىخنىــڭ بــوران ـ چاپقۇنلىرىــدا كۆمۈلــۈپ كەتــكەن مىللىـــي روهمـــۇ كـــۆكلەپ چىقىـــدۇ، بـــۇ خىـــل مىللىـــي روھ ئەۋلادلارنى غايىگە، ئىستىقبالغا، كۈرەشـكە ئۈزلۈكـسىز يېتەكلەيـدۇ. سـەن ۋە مەن رابىــيە خېنىم شـۇ خىـل كـۆكلەپ چىققـان مىللىـي روهنىـڭ نامايەندىلىرى بولۇپ قالىمىز.

ئىنقىلاپ قائىدىلىرىدىن بىـر جۈملە سـۆزلەپ بېرەي، رابىـيەم خېنىم ئـاڭلا! دۇنيـادا بـارلىق مىللەتلەرنىـڭ تـارىخى بىـر نوپۇزغـا چوقۇنۇشـتىن باشـلىنىپ، بىـر نوپـۇز تىكلـەش يەنـى دۆلەت نوپـۇزى تىكلـەش بىـلەن ئاخىرلاشقان. بۇ ئىنقىلاب ئىـدى. بۇنـداق نوپـۇزنى شـۇ مىللـەت ئـۆزلىرى تەيىيـارلايتتى. تەييارلاشـنىڭ ئالـدىنقى شـەرتى نوپـۇزنى ئېتىـراپ قىلىـش بولـۇپ ئىپـادىلىنەتتى. نوپـۇزنى ئېتىـراپ قىلىـشنىڭ ئالـدىنقى شـەرتى نوپـۇزنى چۈشــىنىش ۋە نوپۇزنىــڭ ئىــنقىلاب ئەهمىيىتــى جەريانىــدىكى ئەهمىيىتىنـــى بىلىـــش بولـــۇپ ئىپـــادىلىنەتتى. چۈشـــىنىش ۋە بىلىـــش ئـاڭلىق مىللەتلەرنىڭلا قولىـدىن كېلىـدىغان بىـر ئىـش ئىـدى. تارىختـا نوپـــۇز تىكلەشـــنىڭ، نوپۇزغـــا چوقۇنۇشـــنىڭ ئىنقىلابـــى ئەهمىيىتىنـــى ياراتقـان ئۇيغـۇرلار ئەمـدىلىكتە نېمىـشقا نوپـۇز تىكلەشـكە ئەهمىـيەت بەرمەيـدىغان مىللەتـكە ئايلىنىـپ قالـدى؟ زامـان چەكلـەپ قويـدىمۇ؟

ئادەتلەنگەن تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى يېڭىدىن ـ يېڭى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىغا ئورۇن بەرمىدىمۇ؟ ياكى ئۇيغۇرلار كوللېكتىپ ھالدا قانداقتۇر غايىۋى چاقىرىق كۆچىگە ئەگە بىر كۆچنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟

ئادەم ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان مەخلۇق. تەربىيىلىمىسەڭ ھېچنەرسە بىلمەيدۇ، تونۇمايدۇ، ئۆگەنمەيدۇ، دەيدىغان ئەقلىيە بۇ يەردە توغرا ئەقلىيە ئەمەس. ئادەم سۆزلەشنىمۇ، يول مېڭىشنىمۇ، ئوزۇقلىنىشنىمۇ، ھەتتا تۇغما تەبىئىتى رىغبەتلەندۈرگەن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ، پەقەت ئۇخلايدۇ، دېگەن ئەقلىيەمۇ توغرا ئەمەس.

ئۆلىمالار ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ روشەن پەرقلىرى ئۈستىدە توختالغاندا: «ھايۋانلار سەزگۈ ئەزالىرىغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلاشنىمۇ بىلمەيدۇ؛ لېكىن ئادەم تۇغما ئەقلىگە ئىگە بولغانلىقتىن ئەقلىگە تايىنىپ، شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ، كۇللۇھۇم شەيئىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ، سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ، خۇلاسىلىيەلەيدۇ، ھۆكۈم قىلالايدۇ؛ ئۆز ئۆمرىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا نەزەر تاشلاپ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىگە تەييارلىق قىلالايدۇ» دېيىشكەندە، ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىن كۆرەشچان روھنى ئىزدەشكەن ئىدى. ھاياتلىقنىڭ مەنىسى كۆرەش، ھاياتلىقنىڭ مەنتىقىسى كۆرەش مەنتىقىسى ئىدى، ھاياتلىقنىڭ نەتىجىلىرىمۇ كۆرەش نەتىجىلىرى ئىدى. جىم تۇرغان كۆلنىڭ سۈيى سېسىپ كەتكەندەك، جىم تۇرغان ئاھالىلەر كوللېكتىپى ھالاك بولاتتى. بۇ

قائىدىلەرگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلغان بىر ئۇيغۇرنى ھازىرغىچە ئۇچراتمىدىم، رابىيە خېنىم!

4

ھاياتلىق قاراشلىرى، ئاددىي تۇرمۇش قاراشلىرى، كۆڭۈلسىز رېئاللىق ئىچىدە تۇرۇپ كەلگۈسى ئۈچۈن «قايغۇرۇش ئېڭى»، «تراگېدىيە تۇيغۇسى»، «ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر قايغۇسى» بولمىغان، شۇنداقلا ئوڭلۇق ياشاشقا ئىنتىلىدىغان جاسارەتكە ئىگە بولمىغان مىللەت قانداق مىللەت بولاتتى؟ بۇنداق مىللەتنىڭ مەقسەتلىك ئاڭ ئۈچۈن تەجرىبە ۋە سىياسىي مەقسەتلەر ئۈچۈن نوپۇز تەييارلىيالىشى مۇمكىنمىدى؟ ئادەملەرگە خاس بولغان بارلىق مەۋجۇدلۇقنى يەنە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلىدىغان بىردىنبىر نەرسە، ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئەخلاق ئەمەسمىدى؟ بۇنداق ئالاھىدە ئەخلاقنى تەييارلىمىغان ئادەمنىڭ ياكى تەييارلىمىغان مىللەتنىڭ ھايۋاندىن ھېچقانداق پەرقى بولمايتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئالاھىدىلىكى زادى نېمە؟ كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەشلىمۇ؟ ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىگەن بىرمۇ ئۇيغۇر يوق دېيەرلىك. ئەگەر بىلىپ يېتەلىگەن بىر ئۇيغۇر بولسا ئىدى، بۇ كىشى ۋەتەن ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئۇيغۇر كىشىسى ھېسابلىناتتى.

ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، دەيدۇ دارۋىنىزمنى ياراتقان دارۋىن:
«ھەرقانداق كىشىگە نىسبەتەن، قەبىلە ـ ئايماقلارنى يېڭىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئەۋلادىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەخلاقنىڭ بۇيۇك ئۆلچىمى ــ گەرچە ئازراق مەنپەئەتكە ئېرىشتۇرسىمۇ ياكى مەنپەئەتكە ئېرىشتۇرمىسىمۇ، سۇپەتلىك ئادەملەرنىڭ سان جەھەتتىن كۆپىيىشى، ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن ئىلگىرىلىشى بىر قەبىلىنىڭ يەنە بىر قەبىلە ئۇستىدىن (ياكى بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەت ئۇستىدىن) غەلىبە قىلىشىدا ئىنتايىن زور مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئەگەر بىر قەبىلە، بىر مىللەت شۇنداق ئادەملەردىن تەركىب تاپقان بولسا، ئۇلار يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە بولغانلىقتىن، باتۇر بولغانلىقتىن، بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە ياردەمدە بولىدۇ. ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇنداقتا بۇ قەبىلە ياكى بۇ مىللەت ھەرقانداق قەبىلىنىڭ ياكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ، بۇ تەبىئىي تاللاشتۇر. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ ئورنىغا ئۆتەلەيدۇ. بۇ ئىش ئومۇملاشقان دۇنيادا ھەرقانداق چاغدا شۇنداق بولىدۇ. چۇنكى، ئەخلاق ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ» دېگەن ئىدى.

يۇقىرىقى بىر ئابزاس ئەقلىدىن ئەخلاق ــ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ــ بۇ ئەخلاق دەيدىغان تېئورېمىنى تۇزۇپ چىقىشقا بولامدۇ، يوق؟ تۇزۇپ چىقالىساق «ئەخلاق» دېگەن بۇ كاتېگورىيىنى ئاددىي ئىزاھلاشلاردىن خالاس قىلغان بولاتتۇق.

ئۆمۈرلۈكۈم رابىيەم خېنىم!

سىنىڭ خەلقىڭ ئادەتلەنگەن نادانلىقنى ئىشىنىدۇ، ئەخلاق بىلەن ئەقلىنىڭ كۈچىگە ئىشەنمەيدۇ؛ سىنىڭ خەلقىڭ ئۆزگىلەرگە ئىشىنىدۇ، لېكىن ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئىچىدىن چىققان بىر ئادەم بۇ مىللەتنى توغرا سۆز بىلەن توغرا يولغا يېتەكلىسە ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ. بۇ كىشىنى قوللىمايدۇ، بۇ كىشىنىڭ غەيۋەت ـ شىكايىتىنى قىلىدۇ، كەينىدىن قارغايدۇ. شۇنداق ھەسرەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرنىڭ بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىرى، قەھرىمانلىرى ئازمىدى؟

سابىت داموللام شۇ ئىدى، مۇھەممەد ئەلى ئەپەندى شۇ ئىدى، ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر شۇ ئىدى، ئاخىرىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرمۇ، تېيىپجان ئېلىيوپمۇ شۇنداق قارغىشلارغا ئۇچرىغان ئىدى.

«كىم بولسا ۋەتەنپەرۋەر ئاخىر شۇ ئىسلۇر دارغا» دېمىگەنمىدى مۇھەممەد ئەلى ئەپەندى؟

مۇھەممەد ئەلى ئەپەندىنىڭ ۋۇجۇدىنى دۈشمەن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇيغۇرنىڭ چالا مولللىرى مۇھەممەد ئەلى ئەپەندىنى غەيۋەت ـ شىكايەتكە كۆمۈپ ئۆلتۈرگەن ئىدى. شىڭ شىسەي ئابدۇلخالىق ئۇيغۇرنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇيغۇر ئابدۇلخالىق ئۇيغۇرنى ھاقارەت ۋە تۆھمەتنىڭ دارىغا ئاسقان ئەمەسمىدى. بۇ كۈنلەر سىنىڭ، مېنىڭ بېشىمغا كەلمەسمۇ؟ رابىيە خېنىم؟

سەن رابىيە خېنىم بۇگۈن كۆچمەن خىتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ۋاڭ لېچۈنگە قارشى ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش مەيدانىغا چۈشتۈڭ. ئاۋۋال ئىقتىساد ساھەسىدە كۈرەش قىلىپ ئاللاھ سېنى

غەلىبىگە يېتەكلىدى. بىلمەيتتىڭ خېنىم، بىلمىدىڭ، چۈنكى بەندە ئىدىڭ، شۇ بىنا، شۇ سارايلارنى سېلىش ئۈچۈن بىر پارچە كېسەكنى ھۆل ئاستىغا قويغىنىڭدا، خىتايمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ سېنى قانداق يوقىتىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ بولغان ئىدى. خىتاينىڭ سېنى يوقىتىش پىلانلىرىنى تەھلىل قىلىپ ساڭا چۈشەندۈرەلمەيتتىم، سېنى ھەم خىتاينىڭ يوقاتماقچى بولغانلىقىغا ئىشەندۈرەلمەيتتىم... ئەمما سېنى قوغداپ ئارقاڭدا ئەگىشىپ يۈرگىنىم يۈرگەن ئىدى. تارىختا ئۇيغۇرنىڭ قايسى بايلىرى بۇگۈن سەن ئۇچرىغان قىسمەتكە ئۇچرىمىغان ئىدى؟ بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ قىزى رابىيە قادىر خىتاينىڭ تۈرمىسىگە تاشلاندى. كۆچمەن خىتاينىڭ پۇشتى سۈن گۋاڭشىڭ ئۇيغۇرىستاندا باي بولۇپ ئامېرىكىدا «ۋول سىچىرۇيت گېزىتى»دە نامى چىقتى.

5

رابىيە قادىر تۈرمىدە...؟ ئىشىنەلمەيمەن. مەن ئەينى چاغدا ياتقان تۈرمىدە، بۈگۈن رابىيە قادىر شۇ ئازابلىق كۈنلەرنى كۆرۈۋاتامدۇ؟ مەن «سىنىپى زىددىيەتلەر» دەۋرىدە تۈرمىدە ياتقان ئىدىم. سەن، مېنىڭ خېنىم رابىيە: «مىللىي زىددىيەتلەر» ئانتونوگىستىك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن دەۋردە تۈرمىگە كىردىڭ، مەن ئەر كىشى ئىدىم، تۈرمە ئازابلىرىغا چىدايتتىم. سەن بىر ئايال كىشى ئىدىڭ، مىللىي غۇرۇرۇڭ، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ تىل - ھاقارەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلىدىمۇ؟ سەن شۇ ئازابلارنى تارتىۋاتقىنىڭدا، مەن چەت ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگىنىمدە، ئۇيغۇرلار نېمە ئويلايدىغاندۇ؟ ساڭا ھېسداشلىق

قىلىدىغان ئادەم چىققانمىدۇ؟ ياق؟ بۇ كىشىلەر سېنىڭ ۋە مېنىڭ كەينىمدىن غەيۋەتلەرنى باشلىۋەتكەندۇ، بەلكىم.

«پارتىيە باي قىلىپ كۆتۈرگەننى بىلمىدى، (نېمە ئىدى ئۇ پارتىيە دېگەن؟)... ئەجەب ئوبدان بولدى... كۆرگۈلۈكنى كۆرىدۇ ئەمدى... رابىيە، ساددام ھۆسەيندەك خەتەرلىك ئادەم ئىدى... قولغا ئېلىنىپ ياخشى ئىش بولدى... ھۆكۈمەتكە قارشى چىققىنىنى ئۇنىڭ...» ۋەھاكازا. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان ئادەملەر سېنىڭ كەينىڭدىن شۇنداق غەيۋەت قىلىشتى. ھاي! توختاڭلار، كوچىغا چىقىپ كەتكەن، ئاشسىز، نانسىز، قالغان بىچارە ئاياللارنى كوچىدىن يىغىپ كىرىپ پۇل بېرىپ، دۇكان بېرىپ، بۈگۈنكى باي ـ سەتەڭ خېنىملارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان كىشى شۇ رابىيە قادىر ئەمەسمىدى؟ دەيدىغان بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ياق خېنىم... ياق ئۇيغۇردىن مۇنداق ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشى ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. سەن تۈرمىدە يۇقىرىقى غەيۋەتلەرنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىڭ يوق.

خېنىم رابىيە قادىر...

مەن ساڭا تارىختىن سۆزلەپ كەلدىم. ئەخلاقتىن سۆزلەپ كەلدىم. بىراق سەن بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ ئەخلاقى بولۇپ قالدىڭ، ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەمەسمىدى؟ چۈنكى، سەن ئۆمۈرلۈكۈم، مىللەتنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدىڭ؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالدىدا مەجبۇرىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدىڭ؛ مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى چۈشىنىش بىر ئادەمگە، ھازىرقى كۈندە بىر ئۇيغۇرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ بۈيۈك ئەخلاق ئىدى. بەلكى ئەخلاق ئېڭى مەجبۇرىيەتنى،

مەسئۇلىيەتنى چۈشىنىشتىن باشلىناتتى. شائىر ھاجى قۇتلۇق شەۋقى: «ھەرقانداق مىللەتنىڭ سائادىتى (بەختىيار ئۆتۈشى) ئەخلاقىغا باغلىق؛ ئەگەر ئەخلاق چىرىكلەشسە شۇ مىللەت چوقۇم ۋەيران بولىدۇ» دېگەن ئىدى. سەن بۇ ئەقلىيەنى ئۆزلەشتۈرگەن رابىيە خېنىم ئىدىڭ!

مەن سېنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچۈمنى ئىشقا سالىمەن. ئەمما خۇدا قايسى كۈنگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ كۈننى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. چۈشەنگەن، بىلگەن بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەسلىدە ئۇيغۇر مىللىتى سېنى ۋە باشقا سىياسىي مەھبۇسلارنى قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك ئىدى، بۇ ئىش تامامەن بىر مىللەتنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئىدى. شۇنداق ئويغانغان بىر مىللەت ئۇيغۇرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىككىمىز ئۇشبۇ يولغا ئاتلاندۇق خېنىم. بۈگۈن ئۇيغۇرلار سېنى، مېنى قۇتقۇزالمايدۇ. سېنى، مېنى، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئاۋۋال ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز بىرلىكتە بۇ مىللەت ئۇيغۇرلارنى قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك. غەيرەتلىك بول، زامان ساڭا سەۋر ـ تاقەت، كۈچ ئاتا قىلسۇن، بارلىقىڭغا ئاللاھ ياردەم قىلسۇن! مەن سېنى كۈتىمەن، مەن سېنى كۆرەش ئىچىدە كۈتىمەن، سەن ئۈچۈن، بالىلىرىم ئۈچۈن، ۋەتىنىم ئۇيغۇرىستان ئۈچۈن ياشايمەن. سەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدىغان ھېلىقى تاڭنى كۈتىمەن.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

16 ـ كۈنى دۈشەنبە ئوكلاخوما شتاتى ۋاقتى كەچ سائەت ئالتە يېرىمدا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ لىدىرى بېن جامېن ئەپەندى Ben jamen ئوكلاخوما شتاتى، شانى شەھىرى ــ مېنىڭ ئۆيۈمگە تېلېفون بەردى. تېلېفوننى قىزىم ئەقىدە ئالدى.

ــ ئانىڭىز رابىيە قادىر قانداق قولغا ئېلىندى، نېمىشقا قولغا ئېلىندى؟ قىزىم ئەقىدە قولغا ئېلىنىش جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ــ ئانىڭىز رابىيە قادىر دادىڭىز بىلەن بىللە ئامېرىكىغا كەلگەن ئىكەن، نېمىشقا كەلگەن، يەنە نېمىشقا قايتىپ كەتتى.

ــ ئانام رابىيە قادىر ئامېرىكىغا كەلگەن، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي تەلەپلىرىگە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن، دەپ كەلگەن. ئىقتىسادى ـ تىجارەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتكەن ئىدى. قىزىم ئەقىدە بېن جامېن ئەپەندىگە رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىش سەۋەبلىرىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى.

17 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت ئۈچ يېرىمدا، ئۈرۈمچى ۋاقتى چۈشتىن كېيىن ئۈچ يېرىمدا ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى jon. m. Hunts man ئۈرۈمچىگە ــ مېنىڭ ئۆيۈمگە ئىككى قېتىم تېلېفون بېرىپ، ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرەھمەدىن ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ ۋە ئالىم ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆزىنىڭ قولغا ئېلىنىش

ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۈرۈشتە قىلدى. (خىتاينىڭ ساقچى ئىدارىسى
ئوغلىمىز ئالىم ئابدىرېھىمنى بىر يېرىم سوتكا قاماپ قويۇپ سوئال ـ
سوراق قىلغاندىن كېيىن قويۇپ بەرگەن ئىدى.)

## سياسەت پەلسەپىسى

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

1

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ ئوسۋارد شپېنگلېر ماڭا مۇنداق ئۆگەتكەن:

ھەربىر مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغۇچى نۇقتىلار ـــ كىشىلەر كۆز تىكىدىغان قىزىق نۇقتىلار ـــ شەخس سالاھىيىتىنىڭ ئىچكى شەكلىنى پۈتكۈل مىللەتكە ۋە دەۋرگە ئېلىپ كىرىپ تارىخنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە ئۆز مىللىتىنىڭ نەسەبلىرىنى، ئائىلە نەسەبنامىسىنى ۋە خاھىشلار ئىچىدىكى نىشانىنى ۋەقەلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈپ چىقىش؛ بۇلار تارىخ تۈيغۇسىغا ئىگە ھەرقانداق ئادەم رەت قىلالمايدىغان ھەرىكەت ئىقتىدارىدۇر. گەرچە ئۇ بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئاز تونۇپ يەتسىمۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا پەقەت شەخسنىڭ تارىخىلا بولىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا پەقەت شەخسنىڭ سىياسىتىلا بولىدۇ، خالاس. قائىدە ۋە غايىلەر ھېچنەرسە ھېسابلانمايدۇ. پەقەت ئوخشاشمىغان شەخس، ئوخشاشمىغان ئىرقى، مىللىي ئالاھىدىلىك، ئەمەلىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسىيدۇر. ئىنقىلابمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

بۈگۈن سىياسىي ھۆكۈمرانلىق، ئاتالمىش ئىگىلىك ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ دېگەن ئىبارە ئاستىدا ئېلىپ بېرىلماقتا.

ھۆكۈمرانلىق شەكلى ئاز - تولا ئۆزگەرگەن ئەھۋالدىمۇ، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ ئورنى ھېچقانداق ئۆزگەرمەي كەلمەكتە. ھەتتا ئاتالمىش دۇنيا تىنچلىقى دېگەن گەپمۇ قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئېيتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ كونترول قىلىشىدىن ھاسىل بولغان قۇل قىلغۇچى ھۆكۈمرانلىقتىن باشقا نەرسە بولماي قالدى.

مەمۇرى ھوقۇق ئۇقۇمى ھاياتلىقنىڭ مەنبىئى بولۇپ، ئوبيېكت ۋە سۇبيېكت دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بۇ خىل ئېھتىياج ئۆزىدىن ــ ئۆزگە مەلۇمكى، ھەرقانداق دەقىقىدە ئۆزىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىق ئېھتىياجىنى يوقاتقان ئاممىۋى گۇرۇھ بولغان ئەمەس.

تەبىئىي سىياسىي تالانتقا ئىگە مىللەت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد ئەمەس. ئادەتتە كىشىلەر مۇشۇنداق تەبىئىي تالانتقا ئىگە مىللەت بار، دەپ قارايدىكەن، بۇنداق قاراشلار باشقا مىللەتلەرنىڭ قاتتىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپمۇ، يەنىلا خەلقنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز دەپ، ھېس قىلغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

رەھبەرلىك ئىقتىدارىلا بولىدىكەن، قۇمدەك چېچىلىپ تۇرغان ئادەملەردىن باتۇرلار، پىدائىيلار قوشۇنى تەشكىللەشكە بولىدۇ. رەھبەرلىك ئىقتىدارى بولمايدىكەن، باتۇرلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنمۇ چېچىلىپ كېتىدۇ، تارقىلىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئارمىيە ئىچىدىلا يۈز بېرىپ قالماستىن، مىللەت، سىنىپ، سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىللەتنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى خەلقنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا ئىشەنچ بىلدۈرۈشىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئىقتىداردۇر.

لېكىن بۇ ئىشەنچ ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ئۆزىگە خاس مۇئەييەن زامان ئىچىدە پىشىپ يېتىلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىلا يەنىلا بۇ ئىشەنچنى مۇقىملاشتۇرغىلى، ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلاردا بەلگىلەنگەن ئىشەنچ كەم بولىدىكەن، بۇ ئەھۋال ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ كەملىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. تەرەپ ـ تەرەپتىن تەنقىد ياغىدۇ. بۇ خىل كەيپىيات مەۋجۇدلا بولىدىكەن، بۇ مىللەتنىڭ تېخى «ئەھۋال مۇھىتى»غا كىرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەبىئەتلىك (خاراكتېرلىك) سىياسىيونىنىڭ باھالاش، باھا بېرىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك، ئادەملەرگە، شەيئىلەرگە، ۋەقەلەرگە باھا بېرەلەيدىغان كىشى بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ «نەزىرى» كۆپ تەپەككۇر قىلمايمۇ مۇمكىن بولغان بارلىق ۋەقەلەرنى بىلىپ تۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. سىياسىيون ئۈچۈن ئېيتقاندا ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەممە تەپسىلاتلىرىنى بىلىۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. توغرا ئىشلار ۋە ناتوغرا ئىشلار توغرىسىدىمۇ ئۆزى توغرا ھۆكۈم قىلسىلا بولۇۋېرىدۇ. سەزگەن، سەزمىگەن ئەھۋالدا بۇ ئىشنى چىڭىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئىش كۆرسە بولىۋېرىدۇ. تەبىئىي تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ ئىقتىدار دەل نەزەرىيىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق سىرلىق ھەرىكەتلەر تارىخى ۋەقەلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بىردەك بولىدۇ. ئۇ پاكىتنى تەكىتلەيدۇ. سىياسىي ۋەزىپىلەرگە كەيپىيات ۋە كىتابىبازلىق بىلەن ھەيدەكچىلىك قىلمايدۇ. ئۇ قۇرۇق سۆزلىگۈچى مەمەدانلارغا ئىشەنمەيدۇ.

ھەقىقەت نېمە؟ تالانتلىق سىياسىيون چىنلىق ۋە ساختىلىقتىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. ۋەقەلەرنىڭ مەنتىقىسى بىلەن سىستېمىلارنىڭ مەنتىقىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئېتىقادى بولىدۇ، بۇ پەقەت خۇسۇسىي ئىش بولۇپ، ھەرىكەت قىلغاندا، ھەرقانداق سىياسىيون ئېتىقادنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. گېيوتى: «ھەرىكەت قىلغۇچىلاردا ئەبەدىي تۇغما بىلىم، تۇغما قابىلىيەت بولمايدۇ، تاماشا كۆرگۈچىلەردىن باشقا كىشىلەردە ھەم تۇغما بىلىم، تۇغما قابىلىيەت بولمايدۇ. ئەگەر بۇ دېگەنلىرىمىز ھەقىقىي سىياسىيونلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بولسا sulla سۇللا، بىسمارك، پېتىر قاتارلىق سىياسىيونلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئىدى. رىم پاپىلىرى ۋە ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ئەرباپلىرى شەيئىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقلىرىغا ئېرىشكەندە، بارلىق دەۋرلەردە بويسۇندۇرغۇچىلار ۋە تۇيۇقسىز بېيىغۇچىلارغا ئوخشاش شۇنداق رەھىمسىزلىكنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن: ınn ocent III نى مىسالغا ئالايلۇق، ئۇ دىنى جەمئىيەت پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر ۋەزىيەتنى ياراتقان ئىدى. شۇ ئارقىلىق دىنى ئەقىدىلەر ئەنئەنىسىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇسۇلى — بارلىق دىنى ئەخلاقنىڭ ئۆتكۈر سىلىشتۇرمىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بىراق، مۇشۇنداق ئۇسۇل - چارە بولمىغاندا، ھەرقانداق قۇدرەتلىك دىنى جەمئىيەتلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىلىرى، ئامېرىكىنىڭ ئىنقىلابى دېگەنلەرنى ئېغىزغا ئالمايلا قويايلۇق. ئادەتتە دۆلەت، مىللەت، سىياسىي پارتىيىلەرمۇ شۇنداق ۋاستىلەردىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. ئەمدى بۇ

يەردە هاياتلىقنىڭ تۇغما قابىلىيەتكە ئىگە بولماسلىقى، مۇنداقچە ئېيتقاندا شەخسنىڭ ئىشى بولماي قالدىغۇ؟!

لېكىن ئەڭ مۇھىمى ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن دەۋرنى تونۇۋېلىش، بىلىۋېلىش زۆرۈر. دەۋرنىڭ سىرلىق كۈچىنى ھېس قىلالمىغان، چۈشەنمىگەن ھەرقانداق ئادەم، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر يېقىملىق ھەرىكەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى ئالغا يېتەكلىمىگەن، مەسىلەن، ئۇقۇم خاراكتېرلىك شەيئىلەرگە چىرمىلىپ قالمىغان ھەرقانداق ئادەم، يۈزەكى ھادىسىلەرگە ئىشىنىپ كېتىپ، مەسىلەن، جامائەت پىكرى، قۇرۇق ۋالاقلاشلار، ئىدىيىۋى ئېقىم دېگەندەك، دەۋر ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئىچىدە مۇھىم شەخسكە ئايلىنالمايدۇ. بەلكى مۇشۇ ۋەقەلەرنىڭ ئالىقىنىدا ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ، ئىگىلىيەلمەيدۇ.

2

سىياسىي ئادەم ئۆتكەن دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بارلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىۋالماسلىقى كېرەك؛ ئۇنداق ياكى مۇنداق سىستېمىلارغا ئىشەنمەسلىكى كېرەك. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە رىم دەۋرىدىكى سىياسىي ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاش ئىككى خىل ئەجەللىك — غايىۋىلىك مەۋجۇد بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بىرى، قەدىمكىنى تىرىلدۈرۈش ئىدىيىسى، ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، دېموكراتىك فانتازىيىدۇر. ئاۋۋالقىسى، تارىخ كەينىگە يانىدۇ دەپ، ھۆكۈم قىلسا، كېيىنكىسى، تارىخنىڭ بەلگىلەنگەن مەقسىتى بار، دېگەنلەرگە ئىشىنىدۇ. بىراق، مۇقەررەر مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىش جەھەتتىن ئېيتقاندا

ھەر ئىككى خىل قاراش پەرقسىز ھالدا مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. مەيلى ئۆتكەن ئەسلىملەرگە مۇستەغرەق بولۇپ كېتىش بولسۇن ياكى ئۇقۇملار سىستېمىسىغا تايىنىۋېلىش بولسۇن دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن ئېغىر يۈك پەيدا قىلىدۇ.

ھەقىقىي سىياسىيون تارىخنىڭ مۇكەممەل نامايەندىسىدۇر. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تارىخنىڭ يۆزلىنىشى، بەلكى شەخسنىڭ ئىرادىسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. سىياسىي مەنتىقىلەر شەخسنىڭ خاراكتېرىگە ئايلانغانلىقتىن شۇڭا بۇنداق كىشى يۇقىرىقى ئىككى خىل غايىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ھەقىقىي سىياسىيون كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆلگە كۆرسەتكۈچى بولۇشى كېرەك؛ ئەخلاق ۋە پرىنسىپنىڭ ۋەكىلى بولۇپلا قالماستىن، ھەرىكەتنىڭ باشلامچىسى، ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆلگە تىكلىشى لازىم. ئىنتايىن ئېنىق پاكىت شۇكى، دىن ئەزەلدىن ھاياتلىقنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتكەن ئەمەس، دىن ئويغانغان ئاڭغا سىڭىپ كىرگەن، ئىنسانىنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرگەن، دىن باشقا بىر دۇنياغا نۇر ئاتا قىلىش، رەھىم ـ شەپقەت، مېھرىبانلىق، ئىتائەت قىلىش ھەمدە ئۆلۈمگە سەۋر ـ تاقەت قىلىش، ۋە بىھېساب بەخت تۇيغۇسى يارىتىپ بەرگەن. لېكىن دىن ھاياتلىقنىڭ كۈچىنى بېسىپ كېتەلمەيدۇ، ھاياتلىق ساھەسىدە ئەڭ بۈيۈك سالاھىيەت ــ بەلكى بۇ سالاھىيەتنىڭ سىرلىق ھەرىكىتى، ئىرقىي ئالاھىدىلىك، تەبىئىي كۈچ، ئىجادى كۈچ بولسا كېرەك. بۇ ئىجادى كۈچ پۈتكۈل تەبىقە ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ھالەت ـ قىياپەتلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئاتالمىش ھەقىقەت ياكى ئادىللىق ۋە ئاقىلانىلىك سىياسىي دۇنيانىڭ ئىچىدىكى ھادىسىلەر

ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت رىملىقلارنىڭ نەتىجىسى، خرىستىئان مۇرتىلىرىنىڭ نەتىجىسى، ئىسلام دىنى مۇرتىلىرىنىڭ نەتىجىسى، پروسىيلىكلەرنىڭ نەتىجىلىرىلا سىياسىي دۇنيادىكى پاكىتتۇر.

شان - شەرەپ بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ بىرىكىشى، بىر ئادەمنىڭ چىنىقىشى، ئىرادىسى بۇ، كىتابتىن ئىلىپ كىلىنگەن نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى جانلىق هاياتتا تىپىك ئۇلگە كۆرسەتكۈچىلەر ئارقىلىق ئاندىن هايات ئىقىمىدىن ئويغىنىپ كەلگەن نەرسىلەردۇر. پېتىر ۋىليام 1 بۇ نۇقتىنى ئورۇنلىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇنداق ئۇلگىلەرنىڭ يەنە بىرى، هەرقايسى دەۋرلەردە ياشىغان هەممىگە ئورتاق ئۇلۇغ كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ مىللەتنى مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى دەۋردىن ـ دەۋرلەرگە ئۆچمەي كەلگەن.

هەقىقىي سىياسىيون، سىياسەتۋازلاردىن، پۇرسەتپەرەس سىياسەتۋازلاردىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى سىياسەتۋازلار تارىخنىڭ يۈكسەلگەن دەملىرىدە هىيلىگەرلىك بىلەن ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ بايلىق ۋە مەرتىۋە قوغلىشىدۇ، خالاس. هەقىقىي سىياسىيون غايىۋى نەسىھەتكويلاردىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى، سىياسىيون خەلقنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قۇربان بىرىشنى جۈرئەتلىك تەلەپ قىلالايدۇ، شۇنداقلا خەلقنىڭ قۇربان بىرىپ، بەدەل تۆلەشكە ئىرىشەلەيدۇ. چۈنكى، سىياسىيونغا مەلۇمكى، بۇنداق سىياسىيون دەۋر ۋە دۆلەتكە كىرەك كىشىدۇر. شۇنداق تەسىرات ئىچىدە مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئىتىراپ قىلىشىغا ئىرىشەلەيدۇ ۋە شۇ خەلق ئۈچۈن بۇ تىپلىق سىياسىيونمۇ بەدەل تۆلىيەلەيدۇ. ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە باشلامچىلىق قىلىپ قول ئاستىدىكىلەرنى بويسۇنغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇشنى غۇرۇرلۇق،

ئەركىن ۋە ئەڭ يۇكسەك ئادەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. ناپالىئون مۇشۇ نۇقتىنى ئۇرۇنلاپ كېتەلمىگەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفتىسېرنىڭ ئېڭى قول ئاستىدىكىلەرنى تەربىيىلەپ مۇستەقىل ئادەمگە ئايلاندۇرۇشقا مۇمكىنلىك بەرمىگەن. پەقەت «لەببەي» دەپلا تۇرىدىغان ئەگەشكۈچىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، قول ئاستىدىكىلەرگە سالاھىيەت بىلەن رەھبەرلىك قىلالمىغان ئىدى. پەقەت پەرمانغىلا باغلىنىپ قالغان ئىدى. ئاۋارىچىلىك، بىئاراملىقلا مۇشۇ ئەھۋالغا ئۇچرىغاندا پەقەت ئىنسانلار چەكلىك ئىقتىدارىنى ماسلاشتۇرالمىغانلىقتىن ناپالىئون ئاستا ــ ئاستا يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن. لېكىن قەيسەر ۋە بۈيۈك پېتىر ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ يۇكسەك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان. شۇڭا بۇلار كۈرەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى گۇگۇملىرىدا، ۋەزىيەت مۇقىملاشقاندىن كېيىن، غەلىبە قولغا كەلگەندىن كېيىن، بىر تارىخى دەۋر ئاخىرلاشقاندا پەيتتە، چوڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگەندە ئالچاڭلاپ گۈزەل تەسىراتلارغا غەرق بولۇپ كەتسە، بۇ، ھەقىقەتكە جاھىللىق بىلەن ئېيىسلىشىلدىغان، كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان تاسادىپىلىق ھېسابلىنىدۇ. تارىختا شۇنداق دەقىقىلەر بولىدۇكى، شەخسلەر ئۆز تەقدىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئوينىشىپ، بىر نەرسىگە ئايلىنىپ، دۇنيانىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمۇ، كەلگۈسى دۇنيادا شۇنداق دەقىقىلەرنىڭ ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە يۈركىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش ــ تەبىئىي ئېقىم ئىچىدىكى يۇكسەك دولقۇننى كۆرسىتىپ بەرگەنلىككە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

سىياسىيوننىڭ بىرىنچى تېمىسى ــ شىجائەتلىك ئوتتۇرىغا چىقىش، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇش. ئىككىنچى تېمىسى ــ ئانچە ئېنىق

بولمىسمۇ، لېكىن مۇشەققەتلىك نەتىجە ھەم ئىنتايىن زور بىر ئەنئەنە يارىتىش، بىر بۆلۈك كىشىلەرنى يېتەكلەپ چىقىش، بىر ئېقىم پەيدا قىلىش، ئاۋۋالقى داھىيلارغا ئېھتىياجى چۈشمەيمۇ ئەسلىدىكى شەكلىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر شۇنداق قىلالىسا، سىياسىيون بىر مەنزىلگە ــ بۇ مەنزىل كلاسسىك دۇنيادا شۈبھىسىزكى مۇقەددەسلىك، دەپ ئاتىلىدىغان مەنزىلگە يەتكەن بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلالىسا، بۇ، سىياسىيون يېڭى ھاياتلىقنىڭ ئىجادكارى ۋە ياش بىر مىللەتنىڭ مەنىۋىيەتلىك ئەجدادى بولۇپ قالغان بولاتتى. بىر جانلىق سۆيتىدە، تەبىئىي ھاياتلىق ئىچىدە بۇ كىشى مەلۇم يىللاردىن كېيىن ھاياتلىق ئېقىمىدىن غايىب بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ تەربىيىلىگەن، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇ ياققان مەشئەلنى ئەبەدىي ئۆچۈرمىگەن بولاتتى.

دېمەك، بۇ ئەنئەنە بۇ تىپلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ھەقىقىي سىياسىيون بىر قۇلى بىلەن ياساپ چىققان ۋە كېيىنكىلەرگە مىراس قىلىپ قالدۇرغان بولىدۇ.

3

تارىختا قارىساق مۇشۇنداق ئەنئەنە ئەبەدىي ۋە ئۇزاققىچە ئۈنۈم بەرگەن. ئۇلۇغ سىياسىيون ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ ئوتتۇرىغا چىقامدۇ، چىقمامدۇ؟ ۋاقىت تېخى بالدۇرمۇ ياكى كېچىكىپ قالدىمۇ، بۇ پەقەت تاسادىپىيلىق تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بەلكى ئۇلۇغ ئادەمنىڭ قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئادەم بولۇپ قېلىشىنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئادەمنىڭ بۇزغۇنچىلىقى كۆپ بولىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى تارىخنىڭ ئېقىمىدا ئۆزۈلۈش پەيدا

قىلىدۇ. بىراق ئەنئەنىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى تاسادىپىيلىق يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. ياخشى سۈپەتلىك سىياسىي ئەنئەنە بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي سەۋىيە يارىتىپ، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا تايىنىشقا تېگىشلىك ئاساسلارنى تەييارلاپ بېرىدۇ. قەيسەر بىر ئادەم ئىدى، پېشقەدەملەر جەمئىيىتى ئەنئەنە ئىدى. ناپالېئون بىر ئادەم ئىدى، يېڭىلمەس ئارمىيىنىڭ كۈچى بىر ئەنئەنە ئىدى. دۆلەتنىڭ ئاساسلانغىنى بۇ ئىككى ئادەم ئەمەس، بەلكى ياخشى سۈپەتلىك ئەنئەنە ئىدى. قۇدرەتلىك بىر سىياسىي ئەنئەنە ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىپ، ئازغىنا دەسمايە بىلەن زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى مۇمكىن.

پروسسىيەنىڭ ئارمىيىسى، رىمنىڭ دىنى جەمئىيەت دىپلوماتىيىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. ئىتالىيە ۋە گوللاندىيىنىڭ رەسسامچىلار ئېقىمى بۇ ئەھۋالنى ئوخشاشلا ئىسپاتلاپ بەرگەن. ۋىلىيام 1 گە سىلىشتۇرغاندا بىسماركنىڭ سەۋەنلىكى شۇ يەردىكى، نەتىجە ياراتقان بولسىمۇ، بىر ئەنئەنە يارىتالمىدى. دۆلەتنىڭ يېڭى خىزمەتلىرىگە ماسلىشالايدىغان بىر رەھبەرنى تەربىيىلەپ چىقالمىدى. شۇنداق بىر ئەنئەنە تۇرغۇزۇلمايدىكەن، ساپاسى مۇۋاپىق ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنى يېتىشتۈرۈپ، زور پىلانلارنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ ـ دە، ئەكسىچە تۇتۇرۇقسىز دۆلەت باشلىقلىرى قىياس قىلغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەندە، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. شۇنداق بىر ئەنئەنە تۇرغۇزۇلىدىكەن، يۇقىرى دەرىجىدە تەربىيىلەنگەن، ئۆزىنى ـ ئۆزى تولۇقلاپ تۇرغۇچى سەرخىللار گۇرۇھى تەۋرەنمەيدىغان مۇستەھكەم، ئاستا ـ ئاستا پىششىپ يېتىلگەن ئەنئەنىگە ئاساسلىنىپ يېتىشىپ چىقىدۇ ۋە ئىختىساسلىقلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇلار سەرخىللار

قاتلىمىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ رولىنى يۇقىرى چەكتە جارى قىلالايدۇ. شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى، دۆلەت ئىچىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئۆزئارا ماسلىشىپ ئورتاق ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. بۇنداق سەرخىللار باشلىنىش بىلەنلا بىر سىياسىي پارتىيە ھېسابلانسىمۇ، ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ھەقىقىي نەسىللەشكەن خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈپ چىقالايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار سىياسەت بەلگىلىگەندە ھۆكۈم كۈچىگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى قان تىپىغا ئاساسلىنىپ سىياسەت بەلگىلەيدۇ. بۇ، ھەممىنى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا چۈشۈرۈپ تۇغرا ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرۇش، توختايدىغان يەردە توختاش، تالانتىنىڭ ياردىمىگە ھاجەتمەن بولمايمۇ، شۇنداق ئاساستا تىكلەنگەن بۇيۇك سىياسەت، بۇيۇك سىياسىيونىنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئۇنداقتا، سىياسەت دېگەن نېمە؟ قەدىمدىن سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان، بەلكى بارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جاۋاب شۇكى، سىياسەت — مۇمكىنلىككە ئاشىنا سەنئەت، ياكى مۇمكىنلىككە ئايلىنىدىغان سەنئەت دېگەنلىكتۇر.

باغۋەن ئۇرۇقنى پەيپەپ ئۆسۈملۈككە، گۈل - چېچەككە ئايلاندۇرىدۇ ياكى گۈل – چېچەكلەر تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. قىسقىسى، ئۇرۇقنى ئۇرۇق قىلغۇچى بارلىق ئامىللار. رەڭگى، قىياپىتى، گۈل - چېچەكلىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قانداق مېۋە بېرىشى، باغۋەننىڭ ئەمگىكى، ئۇسۇللىرى، يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر جەريانىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تېز سۈرئەتلىك ياكى ئاستا سۈرئەتلىك ئۆسۈشىگە ئەلۋەتتە باغۋەن چارىسىزدۇر. مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت شەكلى دۇنياسىدا ئىنسانلاردىن

ھاسىل بولغان ھايات ئېقىمى زور بىر تۈپ ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. شۇڭا، بۇيۈك سىياسىيون بىر مىللەتنىڭ باغۋەنىدۇر. مىللەتنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىيوننىڭ ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىشىغا، يوشۇرۇن كۈچىنى يەكدىللىق بىلەن جارى قىلدۇرۇشىغا باغلىق بولىدۇ. سىياسىي غايىلەرگە چوقۇنغۇچىلارنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەلب ئەركىنلىكىدىن كىشىلەر چۆچۈيدۇ. غايە پەرەستلەرنىڭ قەلب قورغانلىرى ئەقىل ــ پاراسەت، ئادالەت، ئەركىنلىك، باراۋەرلىككە ئوخشاش خىيالى ئۇقۇملار بىلەن بېزەلگەن. قىسقىسى، ھەممىسى ئوخشاشلا ئەمەلىيەتكە قىلچىمۇ ماس كەلمەيدۇ.

ھەقىقىي مەنىدىكى سىياسىيون پاكىتلارنى بىر تەرەپ قىلغۇچى، پاكىتلارغا تىكىلىپ قارىغۇچى، پاكىتلارنى قوبۇل قىلغۇچى، سەزگەن، سەزمىگەن ئەھۋالدا پاكىتلار ئارقىلىق ئىش بېجىرگۈچىدۇر. (قارىماققا ئوخشىمىسىمۇ بۇ دەل ئەركىنلىك ئىپادىسىنىڭ ئەمەلىي باشلىنىش نۇقتىسىدۇر.) سىياسىيىنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان پارچە ــ پۇرات ئىشلارغىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، پاكىتلارنى كوللېكتىپنىڭ قەلبى بىلەن شەخسنىڭ قەلبى ئوتتۇرىسىدا نازۇك تەۋرىنىپ كىشىلەرنى سىرلىق سەزگۈلەرگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. غەلىبە قىلىشنىڭ سىرى پارچە ــ پۇرات دېتاللارنى ۋە ئۇششاق ئىشلارنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، 1754 ــ يىلىدىن 1834 ـ يىلىغىچە ياشىغان فرانسىيىلىك ئاتاقلىق دىپلومات ۋە سىياسىيون تاللىر رەندى Talley Rand، ئۇرۇشتا يېڭىلگەن دۆلەتنىڭ ئەلچىسى بولۇپ ۋىناغا بېرىپ، ۋېنا يىغىنىدا

غالىبلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى ئادەمگە ئايلانغان ئىدى. لوكا يىغىنىدا قەيسەرنىڭ ئورنىدىن ئۈمىد يوق بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقلى كۈچىگە تايىنىپ، قارشى تەرەپ سەزمىگەن ئەھۋالدا دۈشمەن تەرەپنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. سىياسەت مۇمكىن بولىدىغان يەردە خەتەرنىڭ قىرغاقلىرى مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بالۇك دەۋرىدە چوڭ ـ كىچىك دىپلوماتلارنىڭ ئۇسۇل ـ چارە، ۋاستىلىرىنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىگە قىل سىغمىسىمۇ گويا ئىغىر بېسىقلىقنى ئەبەدىيلئەبەد ساقلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن خىيالپەرەسلەرنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى يول ـ يولدا پۈتلاپ تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخنىڭ بۇرۇلۇش دەۋرىدە سىياسەت بەزى چاغدا ۋاقىتلىق ئىقىمغا ماسلىشىپمۇ قالىدۇ. لېكىن رەھبەرلىك ئورنىنى قولدىن بېرىپ قويمايدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدا ئەۋرىشىملىك بولىدۇ، چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ چەكلىمىلەرنى قىياس قىلىپ يەتكەندە قىلچىلىك خاتاغا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

بولۇپمۇ ھەممىدىن ئەۋزىلى شۇكى سىياسىيون زۆرۈرى ھەرىكەتكە ئۆتكەندە، پۇرسەتنى پۇختا ئۇشلاپ ھەممىگە ئېتىبار بىلەن قارىشى لازىم. ھۆكۈمران كۈچلەر كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولىدىغان پۇرسەتنىمۇ قولدىن بەرمەي، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ. مۇشۇنداق جىددىي دەقىقىلەردە يول قويۇلىدىكەن، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ ـ دە، كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدۇ.

سىياسەتنىڭ شەكلى جانلىق شەكىل، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى مۇئەييەن نىشانغا ئىلگىرىلەش بولۇپ، بۇ مۇساپىنى چەكلىمەكچى بولغان ياكى مەلۇم غايىۋى تەرەپكە يېتەكلەشكە ئۇرۇنغان كىشى ئۆزىنىڭ بىر

يۈزلىنىشتىن ئايرىلىپ قالغانلىقنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. مەسىلەن: دېموكراتىيىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە (1789 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى فرانسىيە، 1918 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى گېرمانىيىدە) ھۆكۈمەت زورلۇق ئىسلاھاتنى كىچىككىتۈرگەنلىكتىن، پۇقرالارنىڭ كەمسىتىشكە دۇچار بولغان ئىدى. نەتىجىدە، ھۆكۈمەت رەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ئالدىدا يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇ يول قويۇش ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ئەگەر سىياسىيون بىرىنچى خىل ئەھۋالدا قوللىنىشقا تېگىشلىك ھەرىكەتنى ۋاقتىدا قوللانمىسا، ئىككىنچى خىل ئەھۋال يۈز بەرگەندە كونا كاتاڭغا چۈشۈپ قالىدۇ. پۈرسەتنى ۋاقتىدا ئىگىلەش پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلىشى مۇمكىن. پۈرسەتنى توغرا ئىگىلىگەندىلا ئۇنىڭ مىللىتى باشقا مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. پۈرسەتنى ئىگىلەش ۋاقتىدا بولمىسا، مۇۋاپىق بولمىسا، ئۇنىداقتا ئۆزىنىڭ مىللىتى باشقا مىللەتلەرنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە چۈشكۈنلەشكەن دېموكراتىك سىياسەت ئوخشاش خاتالىقنى تەكرارلىغانلىقتىن تۈنۈگۈنكى غايىلەرگە جاھىللىق بىلەن ئېسىلىۋېلىپ ئۆزگىرىشنى بىلمەي قالدى. بۇ دېمەك 20 ـ ئەسىر كرىزىسىنى پەيدا قىلدى. قەيسەرنى رومغا ئېلىپ بارىدىغان يولدا ھازىرغىچە يىراقنى كۆرەلەيدىغان cato غا ئوخشاش بىر سىياسىيون ئوتتۇرىغا چىقمىدى. (كاتو 149 ـ 234 ـ يىللىرى رىمنىڭ رېئالىزمچى سىياسىيونى ئىدى).

بىر سىياسىيون، گەرچە بۇ سىياسىيون ئىنتايىن مۇستەھكەم ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سىياسىي ساھەدىكى خىزمەت ئۇسۇلى، كۆرسەتكەن تەسىرى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ئاشۇنداق پەيتلەردە

ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا سادىقلىق ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك سىياسىيوننىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇنىڭ خىزمىتى ئۇ كۆرۈپ يەتكەن تارىخنىڭ شەكلى ئىچىدە ئۆز پىتىچە ئىلگىرىلەيدۇ. پەقەت ئايرىم ھالدا نەزەرىيىچىلەر بەزى غايىۋى شەكىللەرنى غالىجىرلىق بىلەن قوغلىشىشى مۇمكىن. لېكىن سىياسىي جەھەتتە «ئەھۋال مۇھىتى»غا كىرىش ئۈچۈن ئەڭ يېڭى شەكىللەرنى شەرتسىز ئىگىلەيدىغان ئىقتىدار بولۇشى كېرەك. ئاق سۆڭەكلەر سىياسىتىنىڭ خەتىرى شۇ يەردىكى، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئىنتايىن كونسېرۋاتىپ بولغاندا، دېموكراتىك سىياسەتنىڭ خەتىرى قائىدىلەر بىلەن شەكىللەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىدۇر. بۈگۈن بەلكى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە سىياسەتنىڭ مېتودى پارلامېنت تۈزۈمى ــ سايلام ــ گېزىت، مەتبۇئات بولۇپ قالىدۇ. ھەقىقىي بىر سىياسىيون بۇ يۈرۈشلۈك نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىشى، ھۆرمەت قىلىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا مەنسىتمەسلىكمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇ بىر يۈرۈش مېتودلارنى چوقۇم ئىگىلىشى كېرەك. مەسىلەن، مۇزارت ئۆز دەۋرىنىڭ مۇزىكا مېتودىنى ئىگىلىگەندەك.

سىياسىيون بىلىشى كېرەككى، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش ياكى كېڭەيتمەسلىك سايلام بېلىتىنى تىزگىنلەشتە مۇھىم بولماي قالمايدۇ. ئافىنا ۋە رىم ياكى پاكوبىنچىلار دەۋرىدە ئامېرىكا ياكى بۈگۈنكى گېرمانىيىدە شۇنداق بولۇپ كەلمەكتە. ژۇرنالىستلىقتا كەلسەك، ھېسسىياتلىق كىشىلەر سۆز ــ مەتبۇئات ئەركىنلىكى ئاساسى قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن دەپ سۆيۈنۈپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن رېئاللىقتا تىكلىپ قارايدىغان كىشىلەر ــ بۇ گېزىت كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ دەپ، سوئال قويىدۇ، خالاس.

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر...

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللىشى ئاستىدا، شەرقىي تىمورنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن بېلەت تاشلاش، 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولدى. مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىۋاتقان شەرقىي تىمور خەلقى يېقىندىن بېرى كوچىلارغا چىقىپ غەزەپ بىلەن نامايىش قىلىشقا باشلىدى. بۇ قېتىمقى بېلەت تاشلاش بويىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىرقانچە دۆلەتلەردە جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ نيۇ-يورك شەھىرىدە (شەرقىي تىمور پۇقرالىرى ئىچىدە) بېلەت تاشلاش پونكىتى تەسىس قىلدى. شەرقىي تىمور خەلقىنىڭ شۇ كۈنى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى بېلەت تاشلاش ئارقىلىق ھەل قىلىشى ھىندونېزىيىنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن بولغانلىقتىن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. شەرقىي تىمور 17 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ پورتۇگالىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغان، پورتۇگالىيە شەرقىي تىمورنى غەيرىي مۇستەملىكە رايونغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇ بىر خىل ئىلاجسىز تاللاش ئىدى. بۇ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ ئەپكىشىگە قايتىپ كېلىدىغان ئاۋمىن ھەم خۇددى شەرقىي تىمورگە ئوخشاشلا پورتۇگالىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغانلىقتىن، ئۆتمۈشتە ئاۋمىن بىلەن شەرقىي تىمورنىڭ باردى ـ كەلدىسى قويۇق بولۇپ كەلگەن. پەرقى ئاۋمىندا خىتايلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان، شەرقىي تىموردە كاتولىك دىنىغا

ئىشىنىدىغان كىشىلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان ئىدى. سېلىشتۇرغاندا ھەر ئىككى رايون يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، خام ئەشيا ئېكسپورت قىلىشنى قوشۇمچە قىلاتتى. شەرقىي تۆمۈردە پورتۇگالىيە مەدەنىيىتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى ۋە غەيرىي ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ھەم ھېسابلىناتتى. 70 ـ يىللار كىرگەندىن كېيىن پورتۇگالىيەدە كوممۇنىستىك خاھىشقا ئىگە بىر پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىپ، پورتۇگالىيىنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، 1975 ـ يىلى شەرقىي تۆمۈرنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى. ھۆكۈمەت قۇرۇلغان شۇ كۈنى ھىندونېزىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، پورتۇگالىيە ئەسكەرلىرى قارشىلىق كۆرسەتمەي چېكىندى. شۇ كۈندىن باشلاپ شەرقىي تۆمۈر دۇنيادا (ئۇيغۇرىستاندىن قالسا) ئەڭ قىسقا ئۆمۈر كۆرگەن دۆلەت ھېسابلاندى. ئەمدى شەرقىي تۆمۈر خەلقى قەھرىلىك ئىسلام مۇرتىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئەسكەرلەرگە دۇچ كەلدى. شەرقىي تۆمۈر خەلقى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ھىندونېزىيىلىكلەر ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىپ قېلىپ زىيانكەشلىك، كەمسىتىشلەرگە ئۇچرىدى. شەرقىي تۆمۈردە ياشايدىغان خىتايلار ئاۋمىن ۋە ئاۋستىرالىيىگە قېچىشقا باشلىدى.

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىشى چەكلىك بولۇپ، شەرقىي تۆمۈر توغرىسىدا پورتۇگالىيە گاھاگادىكى خەلقئارا سوتقا ئەرز قىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەيىبلىگەندەك بولدى، خەلقئارا جەمئىيەت بۇنداق پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى. كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا

ئېرىشكەن شەرقىي تۈمۈر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرىمۇ باشتىن - ئاخىر رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمىدى.

ئۆتكەن يىلى ھىندونېزىيىدە سۇ خاتو تەختتىن چۈشۈپ، ھەرقايسى جايلاردا داۋالغۇش بۇ يەردە پەسەيسە ئۇ يەردە كۆتۈرۈلۈپ، ھىندونېزىيىنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ۋەزىيەت مۇقىمسىز بولغانلىقتىن ئېكسپورت خام ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش نورمىسى ئازىيىپ كەتتى. ئاخىرى ھىندونېزىيىنىڭ يېڭى پرېزىدېنتى شەرقىي تۈمۈرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

## جياڭ زېمىن...

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

جياڭ زېمىن رۇسىيىلىك موژىك يىلتسىنغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشقا كۆندۈرگەندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى يۈزمۇ ـ يۈز سۆزلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىش ۋە رايون خاراكتېرلىك بىخەتەرلىك مەسىلىسى ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى مۇھاكىمە قىلىدىغان مۇھىم تېما بولۇپ، شۇ ئارقىلىق «كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا» قۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ «تاق قۇتۇپلۇق دۇنيا» سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغان «دۇنياۋى يېڭى تەرتىپ» ئورنىتىشقا ئۇرۇندى. يىغىندا جياڭ زېمىن: «ئەگەر جۇڭگو تەيۋەنگە قورال ئىشلىتىدىغان بولسا، رۇسىيىنىڭ ياردىمىگە، رۇسىيىنىڭ قوللىشىغا ئېھتىياجلىق» ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى، جۇڭگونىڭ رۇسىيىدىن 60 دانە كۈرەشچى ئايروپىلان سېتىۋېلىش غەرىزىنىڭ بارلىقىنى، موسكۋا بىلەن بېيجىڭ مەسىلىھەتلىشىۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى.

يۈزەكى قارىغاندا رۇسىيە بىلەن جۇڭگو، ئامېرىكىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتىنىڭ «كېڭەيمىچىلىك شەكلى» دىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئامېرىكا يېتەكچىلىكىدە ناتونىڭ يۇگوسلاۋىيىگە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشى، كىشىلىك ھوقۇق، ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئەلا مەنتىقىسىگە ئاساسەن

ناتونىڭ شەرققە كېڭىيىشى، رۇسىيىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. ئوخشاشلا جۇڭگو، ئامېرىكىنىڭ كوسوۋو ئەندىزىسىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا يۆتكەپ كېلىپ، تەيۋەن مەسىلىسىنى، تىبەت مەسىلىسىنى، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشتىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭلاشقا جۇڭگو بىلەن رۇسىيە قول تۇتۇشۇپ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا جۇڭگو بىلەن رۇسىيىنىڭ يېقىنلىشىپ كېتىشى، ئامېرىكا بىلەن رۇسىيە، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو سودىلىشىشىنىڭ دەستىكى بولۇپ قالدى.

جۇڭنەنخەيىنىڭ بەگلىرى لىي دىڭخۇيىنىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نىڭ تەسىرىنى يىغىشتۇرۇۋېلىش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس دەپ، قارايتتى. شۇڭا پەقەت «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نىڭ تەيۋەندە ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن سىياسىتىگە تايانمىسا بولمايتتى. ئەمما، ئامېرىكىدا تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىككى يول كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىنلەشمەكتە ئىدى. پرېزىدېنت كلىنتون باشچىلىقىدىكى ئاقسارايىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇشىنى تەكىتلەيتتى. لېكىن تەيۋەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، ئامېرىكا «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى»نىڭ روھى بويىچە تەيۋەنگە ياردەم بېرىش ياكى ياردەم بەرمەسلىك توغرىسىدا ھازىرغىچە بىر نېمە دېيەلمىگەن ئىدى. شۇڭا ئامېرىكىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى: ھۆكۈمەتنىڭ تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە قاتتىق مەيدانى ــ ئەگەر جۇڭگو تەيۋەنگە قورال

ئىشلىتىدىغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەننى قوغدايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى جۇڭگو تەرەپكە ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋىن بورگېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەدىكى كونسېرۋاتىپلىرىدىن تەشكىللەنگەن 23 نەپەر سىياسىيون بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، لى دېڭخۇيىنىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نى قوللىدى ۋە لى دېڭخۇيغا مەدەت بەردى. مۇشۇنداق پىكىرلەر ئامېرىكىدا ئۆزئارا تىركىشىپ تۇرغاندا، بېيجىڭ تەشۋىقات، دىپلوماتىيە ھۇجۇمى قوزغىدى. جياڭ زېمىن پرېزىدېنت كلىنتون بىلەن يېڭى زېللاندىيىدە ئۇچراشقاندا، ئامېرىكىنىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»گە قارشى تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، لى دېڭخۇينى يۆلەنچۈكتىن ئايرىۋېتىپ، كېلەر يىلى تەيۋەندە سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن رەھبەرلەرنى «بىر جۇڭگو»، سىياسىتىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، تەيۋەن بوغۇزىدا ئۆرلەپ كەتكەن ۋەزىيەتنى پەسكويىغا چۈشۈرۈشكە ئۈندى.

بېيجىڭنىڭ ئامېرىكىغا قاراتقان دىپلوماتىيە ھۇجۇمى «رۇسىيە بىلەن بىرلىشىش» نى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا يەنە بىر نەچچە تەرەپكە قارىتىلغان بولدى. بېيجىڭنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لى جاشىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ لى دېڭخۇينى قوللىماسلىقى توغرىسىدا، جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ «ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان ئىرادىسى»نى ئىپادىلىدى.

جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چېك خىۋا سۇن، كاتىپ ئەننانغا بىر پارچە خەت يېزىپ، تەيۋەننى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قاتناشتۇرۇش لايىھىسىنى تەنقىدلەپ، تەيۋەننىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ «تەڭ دەرىجىلىك ۋەكىللىك ھوقۇقى» ئۇقۇمىغا توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا رەھبەرلىرى بىلەن جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئۇچرىشىشلىرىدا بېيجىڭ: «جۇڭگونىڭ ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈش ۋە قىسمەن ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش شەكلى بويىچە تەيۋەننى ئەدەپلەپ قويۇش، بۇنىڭ ئۇچۇن ئامېرىكىنىڭ ئارىلاشماسلىقى توغرىسىدا، ئامېرىكىغا مەقسەتلىك ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولدى. جياڭ زېمىن پرېزىدېنت كىلىنتونغا مەخپىي خەت ئەۋەتىپ، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەنگە ھەربىي قورال ـ ياراغ سېتىپ بېرىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان» ئىمىش. تەشۋىقات ـ تەرغىبات جەھەتتە خىتاينىڭ «ئارمىيە گېزىتى» كەينى ـ كەينىدىن ماقالە ئېلان قىلىپ، لى دېڭخۇينىڭ «چەت ئەللەرنىڭ ئەركىسى»گە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى تەنقىد قىلىپ، تىغ ئۇچىنى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىغا قاراتتى.

پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ جياڭ زېمىن بىلەن يېڭى زېلاندىيىدە ئۇچراشقاندا قىزىپ تۇرغان «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»گە سوغۇق سۇ سېپىش ئېھتىماللىقىنىڭ كۆچىيىشى كىشىلەرنى ئويغا سېلىپ قويدى.

## ئاپرېلنىڭ...

1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ئاپرېلنىڭ 23 ـ كۈنى 42 دۆلەتتىن كەلگەن دۆلەت باشلىقلىرى ۋاشىنگتونغا جەم بولۇپ، سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسىگە باغلىق جەمئىيەتى 1000 دىن ئارتۇق كىشى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىگەن. بۇ 50 يىللىق تارىخنى سوغۇق قانلىق بىلەن كۆزەتكەندە، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى، ياۋروپانى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش جەھەتتە، ھەقىقەتەن ئاكتىپ تۆھپىلەرنى ياراتتى. كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ 21 ـ ئەسىرگە ماسلىشىپ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ئالدىدا، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى، تەشكىلى كۈچىنى قانداق تەرتىپكە سالىدۇ؛ بۇ ئىش دۇنيانىڭ خەتەرلىك ياكى ئاسايىش ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يۇگوسلاۋىيىگە قوللىنىلغان بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت ئۆتمۈشتە يۈز بەرمىگەن بىر سىناق بولدى.

1945 ـ يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن سابىق سوۋېتلەرنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى تەدرىجىي كۈن تەرتىپكە قويۇلۇپ، 1948 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چېخوسلوۋاكىيە دېموكراتىيەچى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماسلىك سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندە، ستالىننىڭ چەكسىز قارا نىيىتى ئاشكارىلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سابىق سوۋېتلەر ئارمىيىسى بېرلىننى قورشىۋېلىپ، ئىتالىيە ۋە فرانسىيىدە كوممۇنىستلارغا دوست تارتىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ساداسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھەتتا، قىزىل

ئارمىيىنى قارشى ئالىمىز، دەيدىغان شوئارلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۈركىيە بىلەن گرېتسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى كرىزىس دەۋرىگە كىرىپ قالغان. شۇ چاغدا لىبورىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ئەنگلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى پامىدون ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: «غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، رۇسىيىنىڭ پارچىلاپ يوقىتىش تەھدىتىگە دۇچ كەلدى، بىردىنبىر ئۈمىدىمىز غەربىي ئوكياننىڭ ئۇ تەرىپىدىن، ئامېرىكىدىن كېلىدۇ دەپ، كۆرسەتكەن. ئۇ غەربىي ياۋروپانىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى ۋە بۇ ئىتتىپاقتا ئامېرىكا بىلەن كانادانىڭ قاتنىشىشىنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنداق تەشەببۇس ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقانلىقتىن، تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىن 1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا 13 دۆلەت دەسلەپكى قەدەمدە كېڭىشىپ، نىزامنامە تۈزۈپ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى دۇنياغا كەلگەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ خاراكتېرى ئاساسلىقى قوغدىنىشنى مەقسەت قىلغان، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە كېيىن قۇرۇلغان ۋارشاۋا شەرتنامىسىگە ئەزا دۆلەتلەر پەرەز قىلىنغان دۈشمەن ئىدى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا: «ئىتتىپاقدا قاتناشقان ھەرقانداق بىر دۆلەتكە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق، شۇ ئىتتىپاقتا قاتناشقان يەنە باشقا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان تاجاۋۇزچىلىق دەپ، قارىلىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، كوللېكتىپ قوغدىنىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە سىياسەت بەلگىلەشنىڭ نېگىزىگە ئايلانغان، كېيىن ئامېرىكا تەشەببۇس قىلغان رايون خاراكتېرلىك دۆلەتلەر تەشكىللىگەن دۆلەتلەرنى بىرلىك قىلغان قوغدىنىش خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار،

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلى شەكىلدىن ئەندىزە ئالغان. بىراق بىر دۆلەت ھۇجۇمغا ئۇچرىسا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئورتاق قارشى تۇرىدۇ، دەيدىغان نىزامنامىلەرگە قارىتا ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇد بولۇپ كەلدى. ئىككى قېتىم دۆلەت ئىشلار كاتىپى بولۇپ تەيىنلەنگەن مارشاللىل ۋە ئاچىسۇننىڭ تۆرتكىلىك رول ئوينىشى ئارقىلىق، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى ئامېرىكىدا ماقۇللاشتىن ئۆتكەن. ئامېرىكىدا سىياسىي ساھەدىكى سەر خىللار ياۋروپانىڭ بالاسىغا قېلىپ، سابىق سوۋېتلەرگە قارشى ئۇرۇشقا كىرىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئىشتىن كېيىن بۇنداق ئەنسىرەشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، ئىتتىپاقلاشقاندىلا ياۋروپانى مۇقىم ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مارشاللىلنىڭ گۈللەندۈرۈش پىلانى، تېرومىننىڭ گرېتسىيىگە ۋە تۈركىيىگە ياردەم بېرىش سىياسىتى ياۋروپانى تېزلىك بىلەن قۇرۇپ چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تاشقىن بولۇپ كېلىۋاتقان كوممۇنىزم دولقۇنىنى چەكلەپ قالدى.

شەرقىي ئاسىيادا 1949 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ياپونىيىنىڭ مىللىي مۇستەملىكىچىلىكىدىن قۇتۇلغان ختتاي مۇستەملىكىچىلىرى مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ئارقا - ئارقىدىن كورېيە ئۇرۇشى، ۋيېتنام ئۇرۇشى پارتلاپ، بۇ ئۇرۇشلار كوممۇنىستلار تەرغىب قىلغان «دۇنيا ئىنقىلابى»نىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. غەربىي ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قىرغاقلىرى بىلەن ئاسىيا - تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدا پەرق، ھاڭ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. 1949 - يىلى دۇنيا تارىخىدا تارىخى بۆلگۈچ بىر يىل بولۇپ قالدى. سابىق سوۋېتلەر ۋە

ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى «تاجاۋۇزچى گۇرۇھ» دەپ قارالدى. لېكىن 50 يىلدىن بېرى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى كېڭەيتىلگەن ھەربىي قوشۇنلارنى تەرتىپكە سالغان، قورال‑لاندۇرغان بولسىمۇ، ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن بىرەر قېتىم ھەرىكەت قوللىنىپ باققان ئەمەس ئىدى. يۇگوسلاۋىيىنى بومباردىمان قىلىش، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ھەربىي ھەرىكىتى بولۇپ قالدى.

سوۋېتلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شىمال ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئىقتىدارىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بىراق، ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىككە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۆزگىرىشلەر ئۆزلۈكسىز ئۇتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. يۇگوسلاۋىيىنىڭ پرېزىدېنتى ملوشېۋىچنىڭ دۆلەت ئىچىدە مىللىي، ئېتنىك تازىلاش ھەربىي ھەرىكىتىنى يولغا قويغانلىقى گېنتلېرنىڭ يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلىشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، شۇنىڭ ئۆچۈن ئەيىبلىنىشى، چەكلىنىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى سۈرئەت ئېلىپ بارغان، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ بارلىق ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيىنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلىپ، تىنچلىق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىدى. قارشى تۇرغۇچىلار مەمەدانلىق قىلىپ، دۇنياۋى ھەربىي ئىتتىپاقنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن

ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ھوقۇق بېرىشكە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق بىر دۆلەتكە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش ھازىرقى زامان تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىش دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە ياۋروپا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانپەرۋەرلىكنى، ئەركىنلىكنى، تىنچلىقنى قوغداشتىن ئىبارەت ئاساسلىق تەرەپكە ئۆزگەردى.

## ختاي كوممۇنستلرى

1999 ـ يلى 9 ـ ئاينڭ 7 ـ كۆنى

ختاي كوممۇنستلرنڭ مۇئاۋن ۋەزرى چەن چېچېن: «ئككى دۆلەت نەزەريىسى لى دڭخۇينڭ شەخسى كۆزقارشى، پرېزدېنت سايلمى تەيۋەندە ئاخرلاشقاندن كېين بكار قلنندغان پكر بولۇپ قالدۇ» دېدى. گەپنڭ ئايغى چۆشمەي تۇرۇپلا گومنداڭ پارتيىسنڭ 15 ـ نۆۋەتلك 2 ـ ئومۇمى يغننندا «ئالاھدە ئككى دۆلەت نەزەريىسى»نى 2 ـ نۆۋەتلك ئومۇمى يغن قارار لايھەسنڭ مەزمۇنغا كرگۆزۆپ، تەيۋەندە ھاكمىيەت بېشغا كېلدغان ھەرقانداق پارتيىنڭ مۇندن كېينكى يېتەكچى سياستگە ئايلاندۇردى. بۇ ھەركەت شۆبھەسزكى، پرېزدېنت لى دڭخۇينڭ «ئككى دۆلەت نەزەريىسى»گە ئالاقدار ئېلشش جەرياندا، بېيجڭغا بېرلگەن بر زەربە بولۇپلا قالماستن، لى دڭخۇينڭ مۇشۇ مەسلدە چڭ تۇرۇپ، ئامېركا بلەن جۇڭگونى «مۇشۇ» مەسلگە ئېپادە بلدۆرۆشكە مەجبۇرلغانلقدۇر. بۇنڭغا مۇناسۋەتلك جۇڭگو تەيۋەن ئشلرى ئشخانسنڭ مۇدرى چېن يۈن لن باياناتى ئېلان قلپ: «ئككى دۆلەت نەزەريىسى»نى گومنداڭ پارتيىسنڭ ھۆججەتلەشتۆرگەنلكى ۋەتەننى پارچلاش يولدا تاشلغان ئەڭ خەتەرلك بر قەدەم، گومنداڭ پارتيىسنڭ ئستقبالنى دەپنى قلغانلق، قەدەممۇ قەدەم تەيۋەن خەلقنى ئۇرۇش ئوتى ئچگە ئىتتەرگەنلك، دەپ يادلۋالغان گېپنى تەكرارلدى. ئوخشاشلا بر ۋاقتتا رەئس جياڭ زېمن ئاۋستراليە «خەلق گېزتى» مۇخبرنڭ زيارتنى قوبۇل قلغاندا: «تەيۋەن مەسلسنى تېز ئارىدا ھەل

قىلىش، جۇڭگونىڭ تەيۋەنگە قورال ئىشلىتىش ھوقۇقى بار»لىقىدا چىڭ تۇردى.

بۇ قېتىم تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ۋەزىيىتى كەسكىنلەپ كەتكەندە، بېيجىڭ بىلەن تەيبېي تىل ـ ئىپادە ئىشلىتىش جەھەتتە تېزلىشىپ كەتتى. ئەمما ھەرىكەت جەھەتتە ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشتى. بولۇپمۇ بېيجىڭ قەلەم كۈرىشى بولسۇن ياكى ئەلەم كۈرىشى بولسۇن، خىتايچە ئەلپازىنى مەتبۇئاتقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي جەھەتتە ھەربىي كۈچ يۆتكىمىگەنلىكىنى، لېكىن پىسخولوگىيىلىك ھۇجۇم ياكى مۇداپىئەنىڭ كەينىدە، جۇڭنەنخەينىڭ قورال ئىشلىتىش ياكى قورال ئىشلەتمەسلىك مەسىلىسىدە ئەگىپ ئۆتكىدەك ماكانىنىڭ تارىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتۇق.

خىتاي كوممۇنىستلىرى، ھوقۇقنى مەركەزگە يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرگەن مۇستەبىت ھاكىمىيەت بولۇپ، ھوقۇققا ئېرىشكەن 50 يىلدىن بېرى ئاغدۇرۇلۇش ياكى ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كرىزىسلىرى ئىچىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» پەيدا قىلغان جۇڭگو بىلەن تەيۋەننىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ئىككى دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ئۆزئارا قارىمۇ قارشىلىقىنى پەيدا قىلىشى ھەتتا، كوممۇنىست خىتاينىڭ ھاكىمىيىتىنى تەيۋەنگە قورال ئىشلىتىدىغان تەۋەككۈلچىلىككە مەجبۇرلىشى مۇمكىن.

مەسىلەن، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»گە ئالاقىدار خەۋەرلەرنى مەتبۇئات ئارقىلىق پۇقرالارغا ئاشكارا تارقاتتى. ھەتتا ئاخبارات ساھەسىدە تەيۋەنگە قارشى كەسكىن ئۇرۇش ئېلىپ باردى. گېزىت يۈزىدە قويۇلغان ماۋزۇلار دەبدەبىلىك

مسلىسىز بولدى. ھېچكىم سېتىۋالمايدىغان گېزىتلەرنىڭ مۇشتەرىلىرى كۆپىيىپ كەتتى. مەسىلەن، «دۆلەت مۇداپىئە گېزىتى» ئادەتتە 180 مىڭ نۇسخا سېتىلاتتى. 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگە كەلگەندە بۇ گېزىتنىڭ سېتىلىش مىقدارى 360 مىڭ نۇسخا بولدى. «يەر شارى گېزىتى» «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نى ئاۋۋال خەۋەر قىلغانلىقتىن، سېتىلىش مىقدارى 1 مىليون نۇسخىدىن ئېشىپ كەتتى. قىسقىسى، جۇڭگو پۇقرالىرى «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نىڭ كېلىشىنى، كېتىشىنى بىلگەندىن كېيىن، مىللەتچىلىك ۋە ساختا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۇرغۇتۇپ خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنى سىياسىي دەسمايىگە ئىگە قىلدى. ئەگەر خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى لى دېڭخۇي بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىرادە كۈرىشىدە ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان بولسا، پاكىتلارنى مەتبۇئاتتا قامال قىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە جۇڭگو پۇقرالىرىنى ئالداپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى ئۆزىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغۇچى بىردىنبىر پارتىيە ئورنىغا قويۇپ، ئوخشاشلا خىتايچە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىدېئولوگىيىلىك ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان. لېكىن خىتاي كوممۇنىستلىرى تيەنئەنمېندە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرغان چاغدا، بۇ پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇنلۇق ياكى ئەمەسلىكى كىشىلەردە گۇمان پەيدا قىلدى. بۈگۈن خىتاي كوممۇنىستلىرى لى دېڭخۇينىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نى ۋەتەننى پارچىلاش، بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قارشى تۇرىدىغان ۋەتەن سېتىش ھەرىكىتى، دەپ بېكىتتى. لېكىن بۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان بىر سىياسەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقالمىدى. ئۇنداقتا، «ئازادلىق»

ئارمىيىنىڭ ۋەتەننى قوغدىشمۇ گۇمان قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلار خىتاي ھاكىمىيىتى دۆچ كەلگەن خىرىس ئەمەسمۇ؟

ئۇنىڭدىن قالسا لى دىڭخۇي قەدەممۇ قەدەم قىستاپ ئاۋۋال «يەتتە دۆلەت نەزەرىيىسى» كېيىن «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» دېگەندەك سىياسىي نەزەرىيىلەرنى كۆتۈرۈپ چىققاندا يۈرىكى پوك ـ پوك خىتايلار ئاجىزلىقنى ئاشكارىلاپ قويدى.

خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكىدەك پىكىرلەر ئېقىپ يۈرگەن ئىمىش: «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى ئەگەر ماۋ زېدۇڭ، دىڭ شياۋپىڭ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى (جۇڭگو كوممۇنىست ھۆكۈمىتى) ئاللىقاچان تەيۋەنگە كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىپ قويغان بولاتتى». ماۋ زېدۇڭ تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە ئەينى چاغدا ستالىنغا خەت يېزىپ تەيۋەننى ئازاد قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ستالىن ھازىرقى مەسىلە تەيۋەننى ئازاد قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، دەپ ماۋ زېدۇڭنى ئارمىيىسى بىلەن بىللە كورىيە ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىرگەنلىكىنى خىتاي پۇقرالىرى بىلمەيدىغان بولسا كېرەك. ماۋ زېدۇڭ، دىڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىنلارنى قويۇپ تۇرايلى، يەنە قانداق بىر خىتايدا تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلالايدىغان جۈرئەت بار ئىكەن؟ يامان يولۋاسنىڭ يولدا ياتقانلىقىنى بىلمەمدىكىنە، بۇ خىتايلار؟

# لى دىڭخۇي

1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

لى دىڭخۇي ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» گەرچە ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىپ تولۇقلايدىغان مەزمۇنلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلمىسىمۇ، جۇڭگو بىلەن تەيۋەن ئەگىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان بىر قېتىملىق توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ قالدى. ئامېرىكا ھەم بىر قېتىم يېنىك تىن ئالدى. لېكىن «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» خەلقئارا جەمئىيەتتە بىر ئېچىتقۇ بولدى. خۇددى پرېزىدېنت لى دىڭخۇي «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» توغرىسىدا «قانچە شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرسەڭ شۇنچە ياخشى» دېگەندەك، بېيجىڭمۇ شاڭگاڭ مەتبۇئاتلىرى ئارقىلىق ئاغزىنى قويۇپ بېرىپ تەيۋەننىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نى خەلقئارا بازارغا سېلىشىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا داۋراڭ سالدى. نۆۋەتتە يېڭى زېللاندىيىدە چاقىرىلغان يىغىندا مەيلى يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن بولسۇن ياكى يىغىندىن كېيىن بولسۇن ياكى مۇنبەردە ياكى مۇنبەر ئاستىدا بولسۇن تەيۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ بىر قەپەس ئېلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

لېكىن ئامېرىكا دۆلەت سوۋېتنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى نيۇ- يورك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا، تەيۋەن، جۇڭگو ئۈچ تەرەپ يىغىنىدا خەۋەر تارقاتقاندا: «ۋاشىنگتون يېڭى زېللاندىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق يىغىنىدا، پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن جياڭ زېمىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش شەرتلىرىنى مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق جۇڭگو،

ئامېرىكـــا مۇناســـۋەتتىنى ياخـــشىلاشنى ئۈمىـــد قىلىـــدىغانلىقى»نـــى كۆرسىتىپ ئۆتتى. شۇنداق ئەھۋالدا، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىـدا جۇڭگـو بىـلەن تەيـۋەن ئوخـشاشلا بىـر ۋاقىتتـا دۇنيـا سـودا تەشـكىلاتىغا ئەزا بولـۇپ كىرەلەيـدىغان بولسا، ئۇنـداقتا، ئىككـى تەرەپ سـودا مەسىلىـسى بـويىچە سـۆھبەت قـۇرۇپ، «ئىككـى دۆلەت نەزەرىيـسى»نىـڭ جۇڭگـو، تەيـۋەن مۇناســـۋىتىگە كۆرســـەتكەن تەســـىرىنى تۈگىتەلەيـــدۇ. بـــۇ ئەھـــۋال ئامېرىكىنىـڭ «بىـر جۇڭگـو» سىياسـىتى ئاسـتىدا تەيـۋەن بوغۇزىـدا يـۈز بەرگەن ئىپلاســـششش ۋە قارشىلىشــــــشنىڭ ســـــەلبىي تەســــــىرىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

لېكىن بۇ پەقەت ئامېرىكا تەرەپنىـڭ ئۈمىـدى بولـسا كېـرەك. نـۆۋەتتە ئىككى دۆلەت ـــ جۇڭگـو، تەيـۋەن مۇناسـۋىتىگە نەزەر ئاغدۇرساق ئالغا قاراشـقا تېگىــشلىك ئاكتىــپ تەرەپككــۇر پــشىپ يېتىلمەكــتە، دېيىــشكە بولىدۇ. ئوخشاشلا كۆرسـىتىپ ئۆتۈشـكە تېگىـشلىك بىـر تەرىپـى شـۇكى، ئامېرىكىنىـڭ بـۇ قېتىم يېڭـى زېلاندىيىـدە ئۆتكۈزۈلـدىغان پرېزىـدېنت كىلىنتــون بىــلەن جيــاڭ زېمىنىنىــڭ ســۆھبىتىگە ئالاقىــدار سىياســـي ئۈمىــدى، قىــسقا مــۇددەت ئىچىــدە «گــۇ ــ ۋاڭ» ســۆھبىتى ئــارقىلىق تەيـۋەن، جۇڭگـو مۇناسـۋىتىنىڭ ياخشىلىنىـشىدىن ئەسـەر يوقلـۇقىنى، مۇشۇ يەردە، مۇشۇ دەملەردە، جۇڭگو بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىـسىدا «ئوتتـۇرا مۇســـاپىلىك كېلىـــشىم» ئىمزالىنىـــشىنىڭ مۇمكىنلىكىمـــۇ يوقلـــۇقىنى چۈشـەندۈرۈپ بەردى. پرېزىـدېنت لـى دېڭخۇيىنىـڭ تەيىبـدە سـۆزلىگەن سۆزىگە سىلىشتۇرغاندا، «ئىككـى دۆلەت نەزەرىيـسى» جۇڭگـو تەرەپنىـڭ سۆھبەت ۋەكىلى ۋاڭ داۋخەننىـڭ تەيـۋەننى زىيـارەت قىلىـشىغا تـوغرىلاپ ئوتتۇرىغـــا قويۇلغـــان ئىـــكەن. تەيـــۋەن قۇرۇقلـــۇق كـــومىتېتى

ئەمەلدارلىرىنىڭ دەللىللىشىگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر ۋاڭ داۋ خەن بۇ يىل 10 ـ ئايدا تەيۋەنگە يېتىپ كېلىدىكەن، ۋەزىيەت تەيۋەنگە پايدىسىز بولىدۇ. چۈنكى، دۆلەت بىلەن دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي سۆھبەتتە تەڭ دەرىجىلىك ئورۇننى تەلەپ قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ يەردە تەيۋەن تەرەپ ئۇچۇق ئىپتالمىغان بىر گەپ شۇكى، «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» ئوتتۇرىغا چىققان ئىكەن، ۋاڭ داۋخەننىڭ تەيۋەنگە كېلىشى ناتايىن ئىدى. شۇنداقلا ئامېرىكا تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان تەيۋەن، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا «ئوتتۇرا مۇساپىلىك كېلىشىم» ئىمزالاشمۇ بۆشۈكىدىلا تۇگىشەتتى.

ئامېرىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا مەنپەئەت ئۇچۇن، بۇ رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتە، خەلقئارا جەمئىيەتتە جۇڭگونىڭ خەلقئارا ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. تەيۋەندىن ۋاز كەچمىگەن ھالدا باشقا تەرەپتىن يول ئېچىپ، پرېزىدېنت كلىنتون بىلەن جياڭ زېمىننىڭ سۆھبىتىگە قويۇق رەڭ بېرىشنى كۆزلەيتتى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئامېرىكا زور دەرىجىدە يول قويۇشنى ماقۇل كۆرگەندىمۇ لېكىن، جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشكە ئالدىراپ كەتمەيتتى. ئەكسىچە تەيۋەننىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق مۇمكىنلىك «ئۈچ تەرەپلىك قاتناش»نى ئاۋۋال ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولاتتى. پرېزىدېنت كلىنتون بىلەن جياڭ زېمىننىڭ سۆھبىتى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەمدۇ؟ بېيجىڭ ۋاشىنگتوننىڭ تەسەۋۋۇرلىرىغا ماسلىشالامدۇ؟ بۇ مەسىلىلەر كىشىلەرگە

ئانچە زور ئۈمىد ئاتا قىلمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» ئارقىلىق تەيۋەن قىياس قىلغان «جۇڭگو بىلەن تەيۋەن تەڭ دەرىجىلىك دۆلەت» دېگەن شەرتلەرگە ئېرىشەلەمدۇ؟ شۇ ئارقىلىق يەنە شۇنداق ئاساسلار بويىچە جۇڭگو بىلەن سىياسىي سۆھبەتكە كېلەلەمدۇ، كېلەلمەمدۇ؟ جاۋاب شۇكى بۇ ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس.

يۈزەكى قارىغاندا «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» ئارقىلىق تەيۋەن ھېچنەرسىدىن ئايرىلىپ قالمىدى، ھەربىي قورال - ياراغلارغا ئېرىشىش جەھەتتە ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتتى. خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ دىققىتىگە ئېرىشتى. تەيۋەن نېمىشقا شۇنچىلىك تەۋەككۈلچىلىك قىلدى؟ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» دو تىكىپ، نېمە ئۈچۈن جۇڭگو بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا جىددىيلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە توقۇنۇش پەيدا قىلدى؟ ئامېرىكىنىڭ مەمۇرى دائىرىلىرى نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە «ھېس قىلالمىدى» مۇبادا يېڭى زېلاندىيىدە، جىياڭ زېمىن بىلەن پرېزىدېنت كىلىنتون ئۇچراشقاندا تەيۋەن مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسا پرېزىدېنت كىلىنتون قانداق جاۋاب بېرىدۇ؟ بۇ توغرىدا بېيجىڭ تېخى ھېچقانداق تەسەۋۋۇرغا ئىگە ئەمەس. لېكىن پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە يېنىكلىك بىلەن يول قويۇشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

## جياڭ زېمىن

1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

جياڭ زېمىن تايلاندقا يېتىپ كېلىپ دۆلەت زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە يېتىپ كېلىپ دىپلوماتىك پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى. جياڭ زېمىننىڭ يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەتنى زىيارەت قىلىشى، تەيۋەن، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتلەردىن پەيدا بولغان ھازىرقى ۋەزىيەتكە، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان جىددىي مۇناسىۋەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان زىيارەت ۋە دىپلوماتىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى.

جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۇرۇش دەپ، قول كۆتۈرۈپ بىردەك تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن، ئەگەر تەيۋەن بوغۇزىدا ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، ئەتراپنى مۇقىملاشتۇرۇش، بىخەتەر مۇھىت يارىتىش كېرەك ئىدى. ئەتراپتىكى دۆلەتلەر دىپلوماتىيىسىنى ياخشى بىر تەرەپكە راۋاجلاندۇرۇش، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى زور دەرىجىدە چېكىنىپ، بېلگرادتا باش ئەلچىخانا بومباردىمان قىلىنغاندىن كېيىن جۇڭگو ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا جۇڭگو ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتىنى ۋە دىپلوماتىك سىياسىتىنى تەرتىپكە سالماقچى بولدى. ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدا پۈت تىرەپ تۇرۇش بىلەن ئامېرىكىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەت يارىتىش يۇقىرىقىدەك تەرتىپكە سېلىشنىڭ سىياسىي مەقسىتى ئىدى. «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، جۇڭگو، تەيۋەن مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتكەندىن كېيىن،

جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەرتىپكە سېلىش سىياسىتى يېڭى مەزمۇنلارغا ــ ئەتراپنى مۇقىملاشتۇرۇش، كىرىزىسنى تىزگىنلەش، ئۆزىنى قوغداش، يېڭى زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇشتەك، يېڭى مەزمۇنلارغا ئىگە بولدى.

تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا خىتاي ھۆكۈمىتى 7 ـ 8 ـ ئايلاردا چاقىرىپ كېلىش، مېھمان بولۇپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. جياڭ زېمىن 7 ـ ئايدا موڭغۇلىيىنى زىيارەت قىلدى. 8 ـ ئايدا يىلتسىن بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ خەلقئارا يىغىنىغا قاتناشتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىدا بىخەتەرلىك بەلۋېغى بەرپا قىلدى. 7 ـ ئايدا ياپونىيىنىڭ ۋەزىرىنى جۇڭگوغا تەكلىپ قىلىپ سۆھبەتلەشتى. ئىككى كورېيىنىڭ سىياسىي سۆھبەت ۋەكىللىرىنى بېيجىڭغا چاقىرىپ، كورېيە يېرىم ئارىلىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولدى. پاكىستاننىڭ ۋەزىرىنى جۇڭگوغا تەكلىپ قىلىپ، بۇ زىيارەتتە پاكىستان بىلەن ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى ياراشتۇرماقچى بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە بېيجىڭ پاكىستان ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ تەھدىتىنى چەكلىمەكچى بولدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت جىددىيلىكىدە ئۇيغۇرنىڭ قىزى رابىيە قادىر قولغا ئېلىندى. جياڭ زېمىن ئاۋستىرالىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، يېڭى زېللاندىيىدە ئارام خۇدا ئولتۇرۇپ پرېزىدېنت كلىنتون بىلەن پىكىر ئالماشتۇرماقچى، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى پرېزىدېنت كلىنتونغا سۆزلەپ بەرمەكچى، تەلەپ قويماقچى بولدى. شۇنداق دىپلوماتىك قىلىقلىرىنى ۋە تەتەيلەرچە نازلىنىشلىرىنى تەيۋەنگە كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. لى دېڭخۇي «ئىككى دۆلەت

نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى نورماللىشىپ، سۆھبەتكە ئولتۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆھبەت قۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكى ئەمدى تۈگەشتى، بۇنداق مۇمكىنلىك تارىخنىڭ ھاڭلىرىغا چۈشۈپ كەتتى، تەيۋەننى ھەربىي كۈچ بىلەن سۆھبەتكە قىستاش ياكى تەيۋەن مەسىلىسىنى ئۇرۇش بىلەن ھەل قىلماقتىن باشقا يول قالمىدى، دەپ قارىدى. تەيۋەن بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىسا، بۇ ئۇرۇش ئىككى دۆلەتنىڭ ئىشى بولۇپلا قالماستىن، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭمۇ ئىشى بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنىڭ مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان، مۇستەقىل تىبەت كۈچلىرىنى يوقىتىشقا ياردىمى زور بولاتتى. شەرقىي ـ شىمالى ئاسىيانىڭ، كورېيىنىڭ ۋەزىيىتى جۇڭگونى تىزگىنلەش رولىنى ئوينايتتى. ياپونىيىدىن ۋەدە ئېلىش ئارقىلىق شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئارىلاشماسلىق، سۈكۈت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ بىر قاتار پائالىيەتلىرى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشقىلا قارىتىلغانىدى. جياڭ زېمىن بۇ قېتىم يېڭى زېلاندىيىدە پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن ئۇچراشقاندا ئۈچ مەسىلە ــ بومبىلانغان باش ئەلچىخانىنىڭ زىيانلىرىنى تۆلەش مەسىلىسى؛ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا جۇڭگونىڭ ئەزا بولۇپ كىرىش مەسىلىسى؛ تەيۋەن مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر بويىچە سۆزلەشمەكچى بولدى. قىياس قىلغۇچىلارنىڭ قىياسلىرىغا قارىغاندا بۇنىڭ ئىچىدە تەيۋەن توغرۇلۇق ئېلىپ

بېرىلىدىغان سۆھبەت مۇرەككەپ سۆھبەت بولىدىكەن. پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ سۆھبەتتە كۆپ يول قويۇشى كۆپ ۋەدە بېرىشى مۇمكىن ئەمەسكەن. مۇشۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن كىلىنتون بىلەن جياڭ زېمىن يىغىن زالىدىن كۈلۈمسىرەپ چىقامدۇ ياكى قاپىقىنى تۈرۈپ چىقامدۇ؟

# پرېزىدېنت كلىنتون

1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

پرېزىدېنت كلىنتون بىلەن جياڭ زېمىن يېڭى زېلاندىيىدە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، تەيۋەننىڭ نەزىرىدە گەرچە ئادەتتىن تاشقىرى كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كلىنتون ئەپەندى «بىر جۇڭگو» سىياسىتىنى تەكىتلىگەندە، پرېزىدېنت لى دېڭخۇينىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە كۆپ ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلدى، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئىش تەيۋەننىڭ «ئادەتتىن تاشقىرى كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىدى» دېيىدىغان قىياسەن ھۆكمىگە قارشى «ئادەتتىن تاشقىرى كۆڭۈلسىزلىك» بولۇپ قالدى. گەرچە ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ سۆھبىتى تەيۋەننىڭ مەنپەئەتىگە دەرھال ئېنىق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نىڭ يامان سۈپەتلىك تەسىرى كەلگۈسىدە ئۈچ دۆلەت ــ تەيۋەن، جۇڭگو، ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدە تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان يېڭى تېما بولۇپ قالدى.

«ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» 7 ـ ئايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، 8 ـ ئايدا تەيۋەن مەمۇرىيىتىنىڭ قارمىقىدىكى قۇرۇقلۇق كومىتېتى ئىككى تەرەپنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى «ئالاھىدە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى» دەپ بايان قىلىپ، «ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتمەيمىز»، «تىنچلىقنى قوغلىشىمىز»، «ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

ئەلـۋەتتە لــى دىڭخۇيىنــىڭ بايانــاتى تەيۋەننىــڭ ئىچكــى قــىسمىدا ئېچىتقۇ بولۇپ، تەيۋەن بوغۇزىـدا ھاسىل بولغـان تەۋرىنىـشنىڭ بـۇھرانى ئىككى ئايدىن بېرى پەسكويىغا چۈشـمىدى. ئەكسىچە جۇڭگـو، تەيـۋەن مۇناســۋىتى يۈكســەك خاتىرجەمــسىزلىك دەۋرىــگە كىرىــپ قالــدى. شــۇنىڭدىن كېيىن، ئاسـيا ـ تىـنچ ئوكيـان رايونىنـىڭ بىخەتەرلىكـى تىنچلىقنـى تەۋرەشـكە يېتەكلەيـدىغان ئاۋارىچىلىـك ئـامىللىرىنى پەيـدا قىلدى.

تاشــــقى مۇناســــۋەتلەردىن ســــۆز ئاچقانــــدا «ئىككــــى دۆلەت نەزەرىيىـسى»نىـڭ ئەڭ قـاتتىق زەربىـسى ـــ جۇڭگـو، تەيـۋەن، ئامېرىكـا ئــۈچ تەرەپنىــڭ مۇناسـۋىتىدە ئىپادىلەنــدى. ئامېرىكـا ۋە جۇڭگونىــڭ ئىككــى ئايــدىن بېرىكــى ئىنكاســـدىن قارىغانــدا، «ئىككــى دۆلەت نەزەرىيىـسى»نىـڭ تەيۋەننىـڭ رېئـال مەنپەئىـتىگە كۆرسـەتكەن سـەلبىي تەسـىرى ئىجـابىي تەسـىرىدىن كـۆپرەك بولـدى. ئـادەتتە تەيۋەننىــڭ گۈللىنىـشى، ئىقتىـسادتا تەرەققىــي قىلىـشى ئاسـايىش مۇھىتقـا بـاغلىق بولۇپ، مۇھىتىنىڭ ئاسايىـشلىقى جۇڭگـو، تەيـۋەن مۇناسـۋىتىگە، بولۇپمـۇ ئامېرىكىنىـڭ تەيـۋەن توغرىـسىدىكى ۋەدىـسىگە بـاغلىق بـولاتتى. شـۇڭا ئــۈچ تەرەپنىــڭ ھەرقانــداق ســۆز ـ ئىبــارىلىرى ئــۈچ بــۇرجەك مۇناسىۋەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتەتتى.

پرېزىدېنت لى دىڭخۇي «گېرمانىيە ئـاۋازى» رادىئـو ئىستانىسـىسىنىڭ مــۇخبىرلىرى ســوئال قويغانــدا كۆڭلىــدىكى گېپىنــى قويــۇۋەتتى. قويـۇۋېتىش بىـر تەرەپـتىن جۇڭگونىـڭ قاۋىـشىنى كەلتـۈرۈپ چىقارغـان بولــسا، يەنە بىــر تەرەپــتىن ئىككــى يىلــدىن بېــرى ئاســتا ـ ئاســتا نورماللىشــشقا يــۈزلەنگەن جۇڭگــو، تەيــۋەن مۇناســۋىتىنى قاتماللىققــا

چۈشۈرۈپ قويدى. ۋاشىنگتون نارازىلىقىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ: «تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكى توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىلىرىمىز ئۆزگەرمەيدۇ» دېسىمۇ، تەيۋەن توغرىسىدا ئىشەنچلىرى دەشنامغا ئۇچرىغانىدەك بولدى. بولۇپمۇ ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى پەسكويغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى ئارقىمۇ ئارقا بوھرانغا يۈزلەنگەن بىر پەيتتە، سەزگۈر ۋاشىنگتوننىڭ ئىنكاسى تەبىئىيكى بېيجىڭنى ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنىڭ رىلىغا سۆرەپ كېلىپ، جۇڭگو سىياسىتى مەشغۇلاتى بويىچە بېيجىڭغا كۆپرەك يان باساتتى.

ئەمەلىيەتتە جۇڭگوغا يان بېسىشنىڭ سىياسىي كىلىماتى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغانىدى. كىلىنتون ئەپەندى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاقسارايدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» پەيدا قىلغان زىلزىلە ۋە جىددىيلىك ئۈستىدە توختالغاندا: «ئامېرىكىدا جۇڭگو سىياسىتىنىڭ ئۈچ تۈۋرۈكى (بىر جۇڭگو، جۇڭگو، تەيۋەن سۆھبەت قۇرۇش، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش) نى تەكىتلىگەن. پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ سۆزلىرى جۇڭگو بىلەن تەيۋەنگە قارىتىپ سۆزلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تەيۋەننى ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ سالمىقى ئەلۋەتتە جۇڭگونى تەۋەككۈلچىلىك قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ سالمىقىدىن ئېغىرراق بولغانىدى. لېكىن ۋاشىنگتون مۇۋازىنەتنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاتتى. سەممىي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش بىلەن بىرگە تەيۋەنگە ئىككى تۈركۈم ھەربىي قورال ـ ياراغ سېتىپ بېرىشنى تەستىقلىغان بولدى.

ئۆنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا دۆلەت سوۋېتنىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىشلىرى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك بىر نەپەر ئەمەلدارى ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا: «بېيجىڭ بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم، دەيدىغان تەيۋەن سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، بىر دۆلەتتە ئۈچ خىل تۈزۈم، دەيدىغان ئەۋرىشىم سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك»، دەپ كۆرسىتىپ، جۇڭگونىڭ بىر تەيۋەن سىياسىتىدە ئىجادىيلىق بولۇشىنى تەكىتلىگەن. بۇ سۆزنى پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ «بىر جۇڭگو» سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك سورالغان سوئاللارغا بەرگەن مۇنداق جاۋابىغا: «بۇ ئىشلارغا جۇڭگو كەلگۈسى مەنپەئەت قارىشى بويىچە ياندىشىشى كېرەك؛ تەيۋەننىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى چۈشىنىشى كېرەك؛ مۇۋاپىق ماسلىشىش يولىنى ئىزدىشى، جۈملىدىن شاڭگاڭغا ئوخشاش ياكى شاڭگاڭدىن ھالقىپ كېتىشى لازىم» دېگەن جاۋابىغا سېلىشتۇرساق، ۋاشىنگتوننىڭ بېيجىڭ تەرەپكە ئېغىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

## ئەتراپلىق پىلانلاش

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

1949 ـ يىلى خىتاينىڭ دېھقان دادىسى ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمىنده قىزىل راۋاقتا تۇرۇپ: «جۇڭگو خەلقى ئورنىدىن دەست تۇردى» دەپ كاركىرىغاندا، ئۇرۇش ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن خىتاي پۇقرالىرى، ئۆتمۈ ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن خىتاي جەمئىيىتىنىڭ پۇقرالىرى ھېسابلىناتتى. بۇنداق ھالنى ماۋ زېدۇڭ بىرىنچىدىن، ئاچ، ئىككىنچىدىن، كەمبەغەل دەپ، تەسۋىرلىگەن. خەلقئارا جەمئىيەتتە جۇڭگونىڭ سابىق سوۋېتلەر ۋە ئۇنىڭ داھىسى ستالىندىن باشقا دوستى يوق ئىدى. لېكىن خىتاينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت رەھبەرلىرى شادلىقىدىن ھوقۇق سەھنىسىدە سەكرەپ، تەمتىرەپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىشكە كېيىن خىتاي جەمئىيىتىنىڭ پاكىتلىرى ماسلاشماي قالدى. قۇربان بەرگەن، بەدەل تۆلىگەن خىتاي پۇقرالىرىغا يېتىپ كەلگىنى بەخت ـ سائادەت بولماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئېرىشكىنى ھاكىم مۇتلەق تۈزۈم بولدى. ماۋ زېدۇڭ جۇڭگوچە يېڭى ئالەم، جۇڭگوچە يېڭى «جەننەت» ياراتالمىدى. «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم»، «جۇڭگوچە دوزاخ» ياراتتى. ئۈزۈلمەي داۋاملاشتۇرۇلغان ھەرخىل، ھەر تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەر ھەرخىل «دۈشمەن» بىلەن ھەرخىل كۈرەش قىلىشلار كىشىلەرنى ئازابلىدى، ئۆلۈمگە دۇچار قىلدى، ئۈمىدسىزلىككە گىرىپتار قىلدى. خىتاي جەمئىيىتى تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، ئاتالمىش غايە ۋە قىزغىنلىق خام خىيالغا ئايلاندى.

جۇڭگودا 1978 ـ يىلى باشلانغان «ئىسلاھات» ھەرىكىتى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەۋەككۈلچىلىكنى «تۈزەتكەن» ھەرىكەت بولۇپ قالدى. دېڭ شياۋپىڭ گەرچە ماۋ زېدۇڭغا، خرۇشچوپ ستالىنغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ فىراگماتىزملىق سىياسىتى ماۋنىڭ سولچىلىقىنى تۈزەتتى. خەلقنىڭ «دەردىنى خېلى دەرىجىدە يېنىكلەتتى». خەلق نەپەسلەنگۈدەك پۇرسەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، جياڭ زېمىن يەنە ئوخشاشلا «چەكلىك ئىسلاھات» يولىدا مېڭىپ بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەندەك بولدى ـ يۇ، لېكىن ئۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ــ دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان كۈنلەردە باش تارتقىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە، «چەكلىك ئىسلاھات» ۋە ئېچىۋېتىش ھەرىكىتى زادى قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، دېگەن مەسىلىگە دۇچ كەلدى.

خىتايدا دەۋرنىڭ تەقەززاسى، دەۋرنىڭ ئېقىمى، پۇقرالارنىڭ ئارزۇسى بىر نىشانغا يۈزلىنىپ كەلمەكتە، ئۇ بولسىمۇ، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ ئۈزۈل ـ كېسىل، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئېلىپ بېرىش ۋە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، خەلق تەلەپ قىلىۋاتقان زامانىۋىلىشىش، سىياسىي دېموكراتىيىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىدى. سىياسىينى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تۈنجى قەدىمىگە كېرەك بولغان نەرسە ــ ئاخبارات ئەركىنلىكى ۋە ئىدىيىۋى پىكىر، سۆز، مەتبۇئات ئەركىنلىكى ئىدى.

چەت ئەللەردە ۋە خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدە جۇڭگونىڭ «ئىستىقبالىغا» كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر ۋە خىتاينىڭ مىللەتچى زىيالىيلىرى: ئاخبارات ئەركىنلىكى يولى مېڭىشقا تېگىشلىك

يـول، ئۇنـداق بولمايـدىكەن زامانىۋىلاشتۇرۇشـنىڭ نـىشانىغا يېـتەلمەيلا قالماســتىن، بەلكــى كۆنــسايىن مۇرەككەپلىــشىۋاتقان ئىجتىمــائىي مەســىلىلەر ۋە سىياســي مەســىلىلەرنى ھەل قىلىــشقىمۇ چارىــسىز قالىدىغان گەپ، دېيىشتى. خىتاي جەمئىيىتىـدە ئەۋج ئالغـان مەملىكەت خاراكتېرلىــك، تــۈزۈم خاراكتېرلىــك چىرىكلىــشىش ھادىــسىلىرى كوممۇنىـست خىتـاي ھاكىمىيىتىنىـڭ راك كېـسىلىگە ئايلىنىـپ قالـدى. جۇڭگـو ئـۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىرىنىـڭ ئىچكـى ـ تاشـقى ۋەزىيەتنـى چۈشىنىشى، ماۋ زېدۇڭغا سېلىشتۇرغاندا پەرقلىـق بولۇشـى كېـرەك بولـۇپ قالــدى. خىتاينىــڭ رەھبەرلــىرى ئاخبــارات ئەركىنلىكىنىــڭ نــېمە ئىكەنلىكىنـى چۈشـەنمەمتى؟ شۈبھىـسىزكى، ئـۇلار ھوقـۇقنى مۇسـتەھكەملەش، ئىمتىيـازلىرىنى قوغـداپ قېلىـش ئـۈچۈنلا، ئاخبارات ئەركىنلىكىنـى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت سەزگۈر مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە. گورباچېۋ تەشەببۇس قىلغـان ئەركىنلىك، ئاشكارىلاش سابىق سوۋېتلەرنىڭ يىمىرىلىـشىنى تېـزلەتكەن، ئۇنىڭـدىن ئىبرەت ئالغان خىتـاي كوممۇنىـستلىرى ئاخبـارات ئەركىنلىكىنـى «ئـاپەت تېرىشنىڭ ئاملى» دەپ، قارىماقتا. دېـڭ پاكـار بـۇيرۇق چۈشـۈرۈپ چـوڭ خەتلىــك گېزىتنـــى چەكلــگەن يەردە، ئەڭ ئەقەللىـــي ئىپتىـــدائىي تەشـــۋىقات ۋاســـىتىلىرى چەكلەنـــگەن يەردە، ئـــادەتتە گېزىـــت ۋە ژۇرناللارنىڭ ئەركىنلىكى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟

ئوبيېكتىـپ شـارائىتنىڭ تەرەققىـي قىلىـشى كىـشىلەرنىڭ سـۇبيېكت ئارزۇسـىغا بــاغلىق بولمايــدۇ. جۇڭگونىــڭ سانائەتلىشىــشى تەرەققىـــي قىلغـــان، ئۇچـــۇر ئالماشـــتۇرۇش، قەدەممـــۇ قەدەم ئىلگىرىلەشـــلەرگە

ئېرىشكەن ئەھۋالدا، تور بەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى دائىرىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى چەتنىڭ كاپىتالىنى ۋە غەربنىڭ تېخنىكىسىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇرەككەپلىشىشكە يۈزلەندى. يەرلىك ئوچاقتا پولات تاۋلاش ئۇسۇللىرى ئەمدى زامانغا ماسلىشالمايدىغان بولدى. جۇڭگودا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قېلىشى پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ، كۆزقاراشلار جەھەتتە چەكلەشلەردىن بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمىدى. قىممەتلىك كۆزقاراشلار ۋە قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئەركىن ئىپادىلىگىلى بولمىدى. يەرلىكلەردىن مەركەزگىچە بىر كىشىنىڭ دېگىنىلا، دېگەن، پۈقرالارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا، سۆزلىشىشىگە رۇخسەت يوق. بۇنداق بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە كىشىلەر جۈرئەتلىك پىكىر قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا، ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالامدۇ؟ مەسىلەن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش مەسىلىسى، جۇڭگو ئۈچۈن ئىنتايىن ئەڭ چوڭ ماۋزۇ ئىدى. بۇ دىپلوماتىك سۆھبەت ئەمەس، يەنە نۇرغۇن شەرت ـ شارائىتلار ماسلىشىپ كېلىشى، مەسىلەن، پۇل ـ مۇئامىلە، تاموژنا بېجى ئىسلاھاتى دېگەندەك، بۇ ئىشلار ئۇيىنىڭ مۇڭگۇزىگە ئۇرسا تۇۋۇقى سىرقىرايدۇ، دېگەندەك مۇھىم ئىشلار ئىدى.

خىتاينىڭ كوممۇنىستلىك ھاكىمىيىتى غەربلىك ئۇستازلارغا كېرەك ئەمەس، دېگەننى باھانە قىلىپ، مىللەتچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئاخبارات ئەركىنلىكىگە قارشى تۇرماقتا، قارشى تۇرۇش قاچانغىچە داۋاملىشىشى مۇمكىن؟

# چەن چېجىن

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى چەن چېجىن: «جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى توغرۇلۇق سۆھبەتتە ئامېرىكا بەش جەھەتتە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويدى» دەپ كۆرسەتتى.

فرانسىيە رادىئوسىنىڭ مۇخبىرى بېيجىڭدىن تارقاتقان خەۋىرىدە، چەن چېجىننىڭ ئامېرىكىنى ئەيىبلىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ، قايسى بەش تۈرلۈك مەسىلە بويىچە ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى تەلەپ قويغانلىقىنى چەن چېجىن ئاشكارىلىمىغاندىن كېيىن، فرانسىيىنىڭ مۇخبىرى ھەم ئاشكارىلىمىدى. ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان بەش تۈرلۈك تەلەپنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى، تىبەتنىڭ مۇستەقىللىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدىمۇ، قانداق؟ چەن چېجىن بۇ قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا ئىچكى جەھەتتە نۇتۇق سۆزلىگەندە: «جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ سۆھبەتلىرىدە مەسىلە ھەل بولدى. لېكىن ئامېرىكا بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەردە مەسىلىلەر ھەل بولمايدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مۇھىمى بۇ يەردە ئامېرىكا تەرەپ پەيدا قىلغان سىياسىي ئامىللار رول ئوينىماقتا»، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ قانداق سىياسىي ئامىل؟

## ئاۋام پالاتاسى

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

ئامېرىكا كونگرېسسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى قانۇن لايىھە ــ «چەت ئەللەردە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قانۇن لايىھىسى»نى ماقۇللىغاندىن كېيىن، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ھەم «چەت ئەللەردە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قانۇن لايىھىسى» بىردەك ماقۇللاندى. بۇ قانۇن لايىھىسىگە تىركەلگەن ئامېرىكا، تەيۋەنگە ھەربىي قورال ـ ياراغ سېتىپ بېرىشتىن ئاۋۋال ئامېرىكا كونگرېسسىدىن مەسلىھەت ئېلىشى كېرەك، دېگەن بىر ماددىمۇ رەت قىلىنماي ماقۇللۇقتىن ئۆتتى.

قانۇن لايىھىسىنىڭ ماددىلىرى ۋە مەزمۇنلىرىنى كېڭەش پالاتاسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى خولمىس ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان «تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش قانۇن لايىھىسى»نىڭ بىر قىسمى ئىدى.

«چەت ئەللەردە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قانۇن لايىھىسى»دە، جۇڭگودا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىراجىتى ئۈچۈن ئىككى مىليون دوللار ئاجرىتىپ بېرىش، تىبەت مۇساپىرلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئىككى مىليون دوللار ئاجرىتىپ بېرىش قارار قىلىندى. تىبەت مۇساپىرلىرىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئىككى مىليون دوللار، دۇنيا بانكىسىنىڭ خەلقئارا تەرەققىيات جەمئىيىتى، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ موڭغۇلىيە ۋە تىبەتكە كۆچۈپ كىرىشىگە ئاجرىتىپ بېرىدىغان پۇلدىن تۇتۇپ قېلىشنى قارار قىلدى. شۇنداقمۇ ئىش بارمىكىنە دۇنيادا؟!

## ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى يەتتە دۆلەتنى دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە خىلاپلىق قىلدى دەپ، بېكىتتى.

جۇڭگو قۇرۇقلۇقىنىڭ بۇ يەتتە دۆلەتنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى ئالاھىدە دىققەت قوزغىدى.

ئامېرىكا دۆلەت سوۋېتىنىڭ باياناتچىسى جېمىس روبىن ئەپەندى 6 ـ كۈنى: «ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوۋېتى يەتتە دۆلەتنى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان دەرىجىدە دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە خىلاپلىق قىلغان دۆلەتلەر، دەپ بېكىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگومۇ بار، شۇڭا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ دۆلەتلەرگە «ئېمبارگو سىياسىتى يۈرگۈزۈشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتتى.

دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە خىلاپلىق قىلغان دۆلەتلەر جۇڭگو، ئافغانىستان، بىرما، ئىران، ئىراق، سېربىيە ۋە سۇدان بولۇپ، بۇ يەتتە دۆلەت ئىچىدە پەقەت جۇڭگو، ئامېرىكا بىلەن نورمال دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان دۆلەت ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوۋېتى تۇنجى قېتىم ئامېرىكا كونگرېسى ئۆتكەن يىلى ماقۇللىغان «دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى قانۇن لايىھىسى»نىڭ تەلەپلىرىگە ئاساسلىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان «دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە خىلاپلىق قىلغان دۆلەتلەر» دەپ شۇ دەرىجىدە بېكىتكەن.

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوۋېتى تۆت ھەپتە بۇرۇن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار

توغرىسىدا يىللىق دوكلات ئېلان قىلغان. دوكلاتتا: «جۇڭگونىڭ ئاساسى قانۇنىدا پۇقرالار دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە بولىدۇ» دەپ، ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتى دىنى پائالىيەتلەرنى ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىدە چەكلەشكە باشلىدى. دىنى مۇرىتلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، دىنى پائالىيەتلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى چەكلەشكە ئۇرۇندى، دېيىلگەن.

دوكلاتتا: جۇڭگو ھۆكۈمىتى، ھۆكۈمەتكە تىزىملاتماي دىنى پائالىيەت قىلغۇچىلارغا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتى قوللانماي، بەزى رايونلاردا، بەزىلەر دىنى پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ھاقارەتكە ئۇچراپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى، تۈرمە ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتتى. دىنغا ئىشىنىدىغان پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلدى دەپ كۆرسىتىلدى.

دوكلاتتا يەنە: جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىبەتنىڭ دىنى مۇخلىسلىرىغا، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلدى ھەمدە دائىرىلەرگە مەنسۇپ بولمىغان دىنى جەمئىيەت ــ خرىستىئان مۇرىتلىرىغا ھەم كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى دەپ كۆرسىتىلدى.

## ياپونىيه...

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

«ياپونىيه كۈندىلىك خەۋەرلەر گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن 18 ـ كۈندىن باشلاپ غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە ئالتە دۆلەتكە زىيارەتكە بارىدىكەن. جياڭ زېمىننىڭ ئوتتۇرا شەرقنى زىيارەت قىلىشى، ئەرەب دۆلەتلىرىگە نېفىت دىپلوماتىيىسى يۈرگۈزۈپ، كەلگۈسى نېفىت مەنبەئىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئۈرۈنۇشقا ئىگە ئىكەن. خىتاي رەھبىرىنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ياپونىيه گېزىتلىرى مۇنداق خەۋەر قىلدى:

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا ئۆتكەن يىلى جۇڭگودىن (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىن) 4 مىڭ 170 نەپەر كىشى سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج تاۋاپ قىلىشقا بېرىپتۇ. ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 17 مىليون 600 مىڭ كىشى بولۇپ، بۇ مىللەت ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىكى ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جياڭ زېمىننىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىنى زىيارەت قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خاتىرجەم قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىمىش. شۇڭا، خىتاينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، جياڭ زېمىننىڭ ئوتتۇرا شەرقنى زىيارەت قىلىشى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىمىش.

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئوكلاخوما شىتاتىنىڭ شانى شەھىرىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدىم. 11 ياشلىق قىزىم قەقنۇسنى ۋاشىنگتونغا بىرگە ئېلىپ كەلدىم.

رابىيەم خېنىم خىتاينىڭ تۈرمىسىدە... كۆرۈڭ رابىيە خېنىم خىتاينىڭ تۈرمىسىدە... شۇنىڭغىچە بىر ئادەمنى بىر قېتىم رەنجىتمىگەن، تىجارەت قىلىش جەريانىدا بىر ئادەمنى بىر قېتىم سىلكىمىگەن، تاپقىنىنى كەمبەغەل، يوقسۇللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر رابىيە خېنىم خىتاينىڭ تۈرمىسىدە... خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى مېنىڭ رابىيە خېنىمنى، ئۇيغۇرنىڭ قىزى رابىيە خېنىمنى قولغا ئالدى. خىتاي قانداق جۈرئەت قىلدى؟ خىتاي قانچە يۈزسىز بولسا يەنە شۇنداق جۈرئەت قىلدى. ئۇيغۇرنىڭ بايلىرىنى، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىش، ئۆلتۈرۈش، تۈرمىدە قىيناش، ئازابلاش، ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈش 30 ـ يىللاردىن باشلاپ خىتاينىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلانغان، شۇنداق ئەنئەنىسىگە ئاساسلىنىپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بۈگۈن مېنىڭ رابىيە خېنىمنى قولغا ئالدى.

رابىيە خېنىمنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي دەۋاسىنى قىلىش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەۋاسىنى قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا كونگرېسىگە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە دەۋا قىلىش ئۈچۈن، 12 ـ چېسلا كەچتە ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدىم. كۆرۈشمەكچى بولغان كونگرېس ئەزالىرى ئىشلەيدىغان بىنالارنى، ھۆكۈمەت

بىنـــالىرىنى ئـــزدەپ تېـــپىش ئاســـانغا توختىمـــايتتى. ۋاشـــىنگتون شەھىرىنىڭ كوچىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈشكە تـوغرا كېلەتتـى. كوچىـدىن ـ كوچىغـا ئۆتتـۈم، يولـدىن ـ يولغـا چىقـتىم. كىچىـك قىـزىم قەقنۇسـنى يېـتىلەپ، غـازاڭ تۆكۈلـۈپ تۇرغـان كـۈز ئايلىرىـدا، كۆزۈمـدىن يـاش تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ۋۇجۇدۇمدىن ھەسرەت تۆكۈلـۈپ تـۇراتتى. سـارغايغان دەرەخـتىن تۆكـۈلگەن غـازاڭلار ئايـاغ ئاسـتىمدا، شـامالنىڭ ئىختىيارىـدا ئۇچـۇپ يـۈرەتتى. مەن ھاياتنىـڭ مەسخىرىـسى ئاسـتىدا ئىـدىم، مەن مۇسـاپىرلىقنىڭ مەسخىرىـسى ئاسـتىدا خـۇددى غازاڭـدەك ئۇچـۇپ يـۈرەتتىم. تارىمنىـڭ توغراقلىرىـدىن تۆكـۈلگەن غـازاڭ، تەكلىماكانىنىـڭ قۇملىرى ئۈستىگە تۆكۈلەتتى. مەنمۇ شـۇ توغراقنىـڭ بىـر تـال يوپـۇرمىقى ئىدىمغۇ، مەن نېمىشقا تەكلىماكانىنىـڭ قـۇملىرى ئۈسـتىگە چۈشـەلمىدىم. تەقـدىرنىڭ شـاماللىرى نېمـشقا مېنـى ئۇچـۇرۇپ ياقـا يۇرتلارغـا ئېلىـپ كەلدى. غـازاڭ بىـلەن ئادەمنىـڭ قىممىتـى قانچىلىـك بولـسا، ۋەتىنىـدىن ئايرىلغـــان ئادەمنىـــڭ قىممىتـــى شـــۇنچىلىك بولـــۇپ قالـــدى. بىـــراق، تەبىئەتـتە غـازاڭ ئـۆز جايىغـا چۈشـەلىدى، بىـراق، تەبىئەتـتە ئـادەم ياقـا يۇرتلارغـــا كېلىـــپ چۈشـــتى. ۋەتەنـــدىكى غازاڭنىـــڭ قىممىتـــى ياقـــا يۇرتلاردىكى ئادەمنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ چۈشتى...

قورسىقىم ئاچسا سومكامغا سېلىپ كەلگەن ناننى بـالام بىـلەن بىـرگە يېـدىم. ئۇسـساپ كەتـسەم تۇرۇبىـدىن ئېقىـپ تۇرغـان سـۇنى ئىچىـپ تەشـنالىقىمغا ئـارام بەردىـم. بۇنـداق سـۇ ۋاشـىنگتوندا يـول ـ يولـدا تۇرۇبىدىن چىقىپ تۇراتتى.

13 ـ چېسلا كەچ سـائەت ئالتىـدە «خەلقئـارا كەچـۈرۈم تەشـكىلاتى» ۋاشـىنگتون شۆبىـسى ئاسـىيا ئىـشلىرىنىڭ لىـدىرى T. komar كومـار

ئەپەندىنى ۋاشىنگتوندا بىر تۇركىنىڭ ئاشخانىسىغا مېھمانغا چاقىردىم. بىر نەپەر ئۇيغۇر ئۇكام ×× ماڭا تەرجىمانلىق قىلىپ بەردى. بۇ كىشى كومار ئەپەندى 1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا 100 بەتلىك ماتېرىيال تەييارلاپ ئامېرىكا كونگرېسىغە دوكلات بەرگەندىن كېيىن، 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگرېسىدە، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئېچىلغاندا، كومار ئەپەندى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن.

ــ ھازىرقى دۇنيادا، دەپ سۆز باشلىدى، كومار ئەپەندى:

ــ قايسى دۆلەتتە سىياسىي كۆزقاراشلار ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان ئىش بار؟ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي پىكىر قىلىشىنى جىنايەت دەپ، بېكىتىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىماقتا!

شۇ ۋاقىتتا ئىككىمىز سالاملىشىپ تونۇشقان ئىدۇق. ئەمدى بۈگۈن ئاشخاندا سالاملاشقاندىن كېيىن، بۇرۇن ئۇچراشقانلىقىمىزنى، كۆرۈشكەنلىكىمىزنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق.

ــ مەنمۇ ساڭا ئوخشاش، دېدى كومار ئەپەندى.

ــ سىياسىي جىنايەت بىلەن سىرلانكىدا بەش يىل تۈرمىدە ياتقان ئىدىم. سەن خىتاينىڭ تۈرمىسىدە توققۇز يىل ئازاب چېكىپسەن. مېنىڭدىن تۆت يىل ئارتۇق يېتىپسەن. مەن: ئوكلاخوما شتاتىدىن ۋاشىنگتونغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى، نېمە ئۈچۈن كومار ئەپەندىنى ئىزدەيدىغانلىقىمنى، خېنىم رابىيە قادىرنىڭ نېمە ئۈچۈن

قولغا ئېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇم ۋە كومار ئەپەندىنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم.

مېنىڭ دوكلاتىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كومار ئەپەندى، رابىيە خېنىمنى تۇرمىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتتى. كۆرۈشۈشكە تېگىشلىك كونگرېس ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. خوشلىشىپ ئاشخانىدىن يېنىپ چىقتۇق ۋە بىر ـ بىرىمىزنى ئۇزىتىپ قويۇشتۇق.

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سەيشەنبە، مەن قىزىم قەقنۇسنى يېتىلەپ، ۋاشىنگتون ۋاقتى بىر يېرىمدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئۇكام ×× مۇ دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى.

بىنا ئالدىدا قاتار توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىلارنىڭ نومۇر تاختىلىرىغا قارىسام، دىپلومات دەپ يېزىپ قويۇلغان خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى. بىناغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ھەر رەڭ، خىلمۇ خىل قىياپەتلىك ئادەملەر ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىن كېلىپ ئېھتىمال ئۆز دۆلەتلىرى ئۈچۈن ئىش بېجىرىۋاتقان ئەلچىلەر بولۇشى مۇمكىن.

بىز جەمئىي ئۈچ نەپەر كىشى بىنانىڭ ئىچىگە كىردۇق. ئىش بېجىرگۈچىلەر، تەكشۈرگۈچى ساقچىلار 1 ـ قەۋەتتە ئىشخانا قۇرۇپ، يوقلاپ كەلگۈچىلەرنى، ئىش بېجىرىش ئۈچۈن كەلگۈچىلەرنى شۇ يەردىلا تىزىملايدىكەن، شۇ يەردىلا تەكشۈرىدىكەن. بىز گۇۋاھنامىلىرىمىزنى ۋە كىملىكنى چىقاردۇق. ئارىلىقتا ئۇدۇلدىكى تامغا كۆزۈم چۈشتى. دۇنيادىكى پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ بايرىقى ئۇدۇلدىكى تامغا قاداپ قويۇلغان ئىكەن.

ــ بىزنىڭ دۆلەت بايرىقىمىز قېنى؟ ×× ئۇكىمىزغا سوئال قويدۇم.

ــ بىزنىڭ دۆلەت بايرىقىمىز ھازىرچە بۇ يەرگە قويۇلمايدۇ.

ــ ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ دۆلەت بايرىقىمىزغا ئورۇن قالدۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟

قارا تەنلىك 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر نەپەر گۈزەل ئايال ئۈستۈن قەۋەتتىن بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ كەلدى. ئۇدۇل كېلىپ بىز بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ كۆرۈشتى. قىزىم قەقنۇسنىڭ بېشىنى سىيلاپ لىفتتىكە ئولتۇرغۇزۇپ، بىزنى بەشىنچى قەۋەتكە باشلاپ چىقتى. ئىشخانا ئالدىغا كەلدۇق. بىزنى قوبۇل قىلغۇچى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ خادىملىرى ئالدىمىزغا چىقىپ بىر – بىرلەپ كۆرۈشۈپ ئىشخانىغا تەكلىپ قىلدى. مەن بىرئاز تەمتىرەپ قالدىم. چۈنكى، خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن توققۇز يىل ياتقان مەندەك بىر كىشى، ئۆزگە سىياسىي تەپەككۇر بىلەن خىتاينىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ھەتتا، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن مەندەك بىر كىشى بۈگۈن ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە كىشىلىك ھوقۇقتا مەسئۇل دىپلوماتلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. مەن ئايالىم رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانىنى بۇ دىپلوماتلارغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بەشىنچى قەۋەتتىكى بىر ئىشخانىسىدا بىزنى قوبۇل قىلغانلار: Susan williams. osullivan خانىم ئىدى. 40 ياشلار چامىسىدىكى كېلىشكەن ئامېرىكىلىق ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ئاياللارغا خاس مېھرىبانلىق بولغاندىن باشقا، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى بىر ئامېرىكىلىققا خاس مېھرىبانلىق ئىدى. چاچلىرى ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كەتكەن. سىمىزلىكتىن خالىي ئوتتۇراھال بەدىنىگە كىيىۋالغان ھاۋارەڭ كاستيۇم يوپكا بۇ ئايالنىڭ بەستىگە تولىمۇ ياراشقان ئىدى. ئوتتۇرا بويلۇق

خانىمنىڭ كۆزلىرى ئادەمگە تىكىلىپ تۇراتتى. چەكسىز سوئاللارنى ئۆزىگە جەم قىلغان بۇ كۆزلەر يەنە مەندىن چەكسىز جاۋاب تەلەپ قىلغاندەك تىكىلىپ تۇراتتى. مەن شۇ كۈنى بىر مىللەت — ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولۇپ سۆزلەۋاتاتتىم... شۇ دەقىقىدە پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىلەن سۆزلەشمەكتە ئىدى. شۇڭا سوئاللار چەكسىز... جاۋابلارمۇ چەكسىز... ئىدى. mark D. schall ئەپەندى. بۇ كىشى ئۇزۇن بويلۇق كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ھەم تۇرقىدىن ئەستايىدىل، جىددىي كىشىدەك كۆرۈنەتتى. قارىماققا 45 ياشلار چامىسىدا كۆرۈنەتتى. بۇ كىشى دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبرايىت خانىمنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بويىچە ياردەمچىسى ئىكەن.

Ken cherr ئەپەندى. بۇ كىشى قارىماققا 50 ياشلار چامىسىدا كۆرۈنەتتى. سەل سېمىزراق، ئۇزايىدىن ئېغىر - بېسىق ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. بۇ كىشى بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى ئەستايىدىل دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ ئولتۇردى. لېكىن بىر ئېغىز پىكىر قوشمىدى ياكى مەندىن بىر ئېغىز سوئالمۇ سورىمىدى. بۇ كىشى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان «موڭغۇلىيە - تىبەت كومىتېتى»نىڭ مەسئۇلى ئىكەن.

ئاۋۋال سۈزىن خانىم سۆز باشلىدى:

— رابىيە قادىر قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن ھەمدە بۈگۈن بۇ يەردە سەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن، بىز رابىيە قادىرنى ياخشى بىلەتتۇق. رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانىدىن تولۇق خەۋىرىمىز بار. سەن بىزگە تۇرمىدىكى رابىيە قادىرنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرەلەمسەن؟ مەن:

— 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ رابىيە قادىرنى شامالداشقا، ئاپتاپقا ئېلىپ چىقمىدى. لېكىن سوراققا ئېلىپ چىققان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ بالىلىرىم قارا دەرۋازىنىڭ يېرىقىدىن، سىرتىدىن ئانىسىنى كۆرۈۋالدى. سوراققا ئېلىپ چىقىش قېتىم سانىدىن قارىغاندا، خىتاينىڭ ساقچى دائىرىلىرى ياساپ چىقلىغان، ئويدۇرۇلغان جىنايەتلەرنى رابىيە قادىرغا ئارتىپ ئىقرار قىلىشقا زورلىغان بولسا كېرەك.

— رابىيە قادىرنى قولغا ئېلىش ۋەقەسىگە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەلەمسەن؟

— رابىيە قادىر 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سودا ـ سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ پېشانىسىگە ئېسىپ قويۇلغان «رابىيە قادىر سودا سارىيى» دېگەن ۋىۋىسكىنى، «ئەقىدە ھەسسىدارلىق سودا ـ شىركىتى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئالدۇرۇۋەتكەن. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يەنە ھۆكۈمەت تەرەپ ئىككى كىشى ئەۋەتىپ ۋىۋىسكىلارنى قايتا جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا رۇخسەت قىلدى.

— رابىيە قادىرنى مەتبۇئات يۈزىدە ئاشكارا تەنقىدلىگەن ئىش بارمۇ؟

— 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئورگان گېزىتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئالتە پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ رابىيە قادىرنى تەنقىد قىلدى:

— «ياچىۋەك ھارۋىنى تونۇسۇپ قالالامدۇ»، «چۈمۈلە چوڭ دەرەخنى لىڭشىتالامدۇ»، «قانۇنسىز تىجارەت قىلدى» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتتى. ھۆكۈمەت رابىيە قادىرنىڭ شىركىتى ۋە سودا سارىيىغا تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بەرگەن تۇرۇقلۇق، يەنە «قانۇنسىز تىجارەت قىلدى» دەپ، ھاقارەت قىلغىنى نېمىسى؟

— مۇنداق تەنقىدلەشنىڭ قانداق سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدىم. مەن:

— بىر ئۇيغۇرنىڭ ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈشى جىنايەتمۇ، ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈش رابىيە قادىرغا نىسبەتەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۇچۇن ئېيتقاندا تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدىغۇ؟

— ئامېرىكىلىق مېھمان بىل گەيتس ئەپەندى ئۈرۈمچىگە بارغاندا رابىيە قادىر قىزغىن كۈتۈۋالغان ئىدى. كۈتۈۋېلىش نۇتقىنى مەن ئايالىم رابىيە قادىر بىلەن بىللە تەييارلىغان ئىدىم.

مەن شۇ چاغدا بىل گەيتس ئەپەندى ئۈرۈمچىگە بىللە ئېلىپ كەلگەن يەنە باشقا ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن رابىيە قادىرنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتىنى سۈزىن خانىمغا ئۇزاتتىم. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە مېنى قوبۇل قىلغان تۆت نەپەر دىپلومات مەن ئۇزاتقان رەسىمنى بىر ـ بىرىگە سۇنۇشۇپ كۆرۈپ چىقىشتى.

— سېنىڭ قانداق تەلىپىڭ بار؟

— مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ئايالىم رابىيە قادىرنى، ئوغلۇم ئابدۇلھېكىم

ئابــدۇرېھىمنى، كاتىــپ قەھرىمــان ئابــدۇكېرىمنى تۇرمىــدىن قويــۇپ بېــرىش توغرىــسىدا خىتــاي ھۆكــۈمىتىگە بېــسىم ئىشلىتىــشنى ئۈمىــد قىلىمەن ۋە تەلەپ قىلىمەن.

بۇنىڭــدىن باشــقا ئۇيغۇرلارنىــڭ كىــشىلىك ھوقــۇق ئەھــۋالى، ئۇيغۇرنىــڭ مىللىــي مائــارىپى، خىتــاي كۆچمەنلىرىنىــڭ ئۇيغۇرىــستانغا كۆچۈپ كېلىش ئەھـۋال توغرىـسىدا قويۇلغـان نۇرغـۇن سـوئاللارغا تولـۇق جاۋاب بەردىم. (بۇ يەردە تەكرارلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ، قاردىم.)

شــۇنداق قىلىــپ بىــز خوشلاشــتۇق، ئامېرىكــا تاشــقى ئىــشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خادىملىرى بىزنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى.

قىــستۇرۇپ ئۆتۈشــكە تېگىــشلىك تەرىپــى شــۇكى، تاشــقى ئىــشلار مىنىــستىرلىكىدە ئــاۋۋال رابىــيە قادىرنىــڭ قولغــا ئېلىــنىش مەسىلىــسىگە مەسئۇل بولغـان كىـشى Ben jamin ئەپەنـدى ئىـدى. بـۇ كىـشى 1999 ـ يىلـى 8 ـ ئاينىـڭ 16 ـ كـۈنى دۈشـەنبە ئوكلاخومـا ۋاقتـى كەچ سـائەت ئالتە يېرىمدا، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىـستىرلىكىدىن مېنىـڭ ئۆيـۈمگە تېلېفــون بېرىــپ، قىــزىم ئەقىــدەدىن ئانىــسى رابىــيە قادىرنىــڭ قولغــا ئېلىــنىش جەريــانىنى ســورىغان ئىــدى. بىــز تولــۇق ســۆزلەپ بەرگەن ئىدۇق.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىـڭ 17 ـ كـۈنى ئامېرىكـا قوشـما شـتاتلىرىنىڭ بېيجىڭــدا تۇرۇشـلۇق بــاش ئەلچىــسى ئــۈرۈمچىگە بىزنىــڭ ئــۆيىمىزگە تېلېفــون بېرىــپ: ئــوغلىمىز ئــالىم ئابدۇرېھىمــدىن، ئانىــسى رابىــيە قادىرنىـــڭ، ئـــوغلىمىز ئابـــدۇلھېكىم ئابـــدۇرېھىمنىڭ، قەھرىمـــان ئابــدۇكېرىمنىڭ، رامىــلە ئابلىمىتنىــڭ قولغــا ئېلىــنىش جەريــانىنى تەپىسلىي ئېنىقلىغـان. شـۇنىڭدىن كېيىن، مەن يېنىـك تىـن ئېلىـپ،

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا ۋە بىزنىڭ ئائىلىمىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن خاتىرجەم بولغان ئىدىم.

كېيىن Ben jamin ئەپەندى باشقا ئىشقا يۆتكىلىپ كەتكەندە رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىش ۋەقەسىگە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان «موڭغۇل ـ تىبەت كومىتېتى»نىڭ مەسئۇلى ken chern ئەپەندى مەسئۇل بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇ كىشى 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئوكلاخوما ۋاقتى تۆت يېرىمدا، مېنىڭ ئۆيۈمگە تېلېفون بېرىپ، رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىش ۋەقەسىنى تەپسىلىي ئېنىقلىغان. تۇرۇپكىنى قىزىم ئەقىدە ئالدى. مېنىڭ سۆزلىرىمنى، سورالغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرىمنى ken chern ئەپەندىگە تەرجىمە قىلىپ بەردى. تېلېفون ئارقىلىق بىر سائەت سۆزلەشتۇق.

ــ رابىيە قادىر نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىندى؟

ــ مەن تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم.

ــ خىتاينىڭ رابىيە قادىرنى قولغا ئېلىش مەقستى نېمە؟

ــ ئۇيغۇرىستاندا غەربكە ۋە ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قىممەت قاراشلىرىغا ئىنتىلىدىغان، چوقۇنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغىنىشىغا زەربە بېرىش، مىللىي ئويغىنىشنى چەكلەش، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشىنى چەكلەش، رابىيە قادىرنىڭ نوپۇزىغا تايىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر سىياسىي ۋەقە پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى قولغا ئالدى.

ــ رابىيە قادىر قاچاندىن باشلاپ ئامېرىكىنى ياخشى كۆرگەن؟

ــ 80 ـ يىللاردىن باشلاپ ئامېرىكا خىتاي دۆلىتىگە سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، خىتايدا ئىسلاھات سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئۇيغۇرلارمۇ ئاز ــ تولا پۇل تېپىپ خەجلىيەلەيدىغان بولدى. ئانام شۇ كۈندىن باشلاپ ئامېرىكىنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىغان ئىدى. دەپ سۆز باشلىدى قىزىم ئەقىدە. ئۇنىڭدىن باشقا ئىراق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئامېرىكىنى تونۇشقا باشلىدى. كۇۋەيت دېگەن كىچىك بىر دۆلەتنى ئامېرىكا ئارمىيىسى سادداملىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلاپ قالدى. ئانام رابىيە قادىر ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەرگە ياردەم قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىكەن. ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا ئېلىپ بېرىدىكەن... بىز ئۇيغۇرلارغىمۇ ئامېرىكا ياردەم قىلىشى مۇمكىنمۇ؟... ئامېرىكىدىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز... ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئامېرىكىدا كۈرەش قىلىمىز دەپ ئامېرىكىغا كەلگەن ۋە دادامنى ئامېرىكىدا قويۇپ كەتكەن ئىدى.

ــ دادىڭىز قاچاندىن باشلاپ ئامېرىكىنى ياخشى كۆرگەن؟

ــ مەن كىچىكىمدىن باشلاپ، يەتتە يېشىمدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مارشىنى ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا 40 يىل سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، سابىق سوۋېتلەرنى گۇمران قىلىپ نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈردى. مەن ئامېرىكىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشكە باشلىدىم.

ــ دادىڭىز ئۈرۈمچىدە نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى؟

ــ دادام شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، ئاندىن پۇبلىستىكا ۋە ئوبزور يازغۇچىسى ئىدى.

ــ دادىڭىز ۋە ئانىڭىز رابىيە قادىر ئامېرىكىغا قانداق كەلگەن؟

ــ خىتاي ھۆكۈمىتى بىر ئۇيغۇر جاسۇس ۋە بىر خىتاي جاسۇسنى ئانام بىلەن دادامغا سەپەرداش قىلىپ قوشۇپ قويغان ئىكەن. ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن دادام سىياسىي پاناھلىق تىلەيمەن دەپ قېلىپ قالدى، ئانام ئۈرۈمچىدىكى ئىشلىرىنى ــ سودا ــ تىجارەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ۋە پۇل ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتكەن.

ــ دادىڭىز ئامېرىكىدا سىياسىي پاناھلىق تىلەپتۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۈرۈمچىدە نېمە ئىش قىلغان ئىدى؟

ــ دادام 1994 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە «قىزلىرىمىزغا ۋە ئاتا ــ ئانىلارغا مۇراجىئەت»، «فىك خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارىشى»، «نەپسىڭنى يىغ، ۋال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ» ماۋزۇلۇق ماقالىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، خىتاي تارىخچىلىرى ۋە تارىخشۇناسلىرىنىڭ تارىخ قاراشلىرىنى ۋە خىتاي پەيلاسوپلىرىنىڭ دۆلەت ۋە ئىگىلىك ھوقۇق قاراشلىرىنى تەنقىد قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتى ئەڭ ئېغىر ئالغان بىر ئىش «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ماۋزۇلۇق كىتابنى خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا قانات يايدۇرۇلغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر ۋە يالتا يىغىنى، موسكۋا يىغىنى توغرىسىدا ئەتراپلىق توختالغان بۇ كىتابنىڭ ئەسلى ئاپتورى ئامېرىكىلىق يازغۇچى جون گارۋېر ئىدى. ئىنگلىز تىلىدىن خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ كىتابنى دادام خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىدى. قولغا ئېلىش

توغرىسىدا چۈشۈرۈلگەن مەخپىي بۇيرۇقتىن خەۋەر تېپىپ قېلىپ، دادام ئامېرىكىغا قېچىپ كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن.

ــ ئانىڭىز رابىيە قادىر ئامېرىكىغا كېلىشنى خالامدۇ؟

ــ ئەلۋەتتە خالايدۇ. ئانام ئامېرىكىغا بۇرۇنلا كەلگەن بولاتتى. ئامېرىكىنىڭ كۆچمەنلەر ئىدارىسى ئانامغا چاقىرىق ئەۋەتكەن. بىراق خىتاي ھۆكۈمىتى پاسپورتىنى تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئانام ئامېرىكىغا كېلەلمىدى.

ــ خىتاي ھۆكۈمىتى ئانىڭىزنىڭ پاسپورتىنى نېمە ئۈچۈن تارتىۋالدى؟

ــ 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە نامايىش قىلىپ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى تەلەپ قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئارمىيىنى ئىشقا سېلىپ دەھشەتلىك باستۇردى. نامايىشچى ئۇيغۇرلاردىن 407 نەپەر ئۇيغۇرنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى. دادام 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندا 100 كىشىلىك نامايىش تەشكىللەپ خىتاينىڭ قوراللىق زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇپ ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا، ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خىتاي ھۆكۈمىتى 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئانام رابىيە قادىر، ئىنىسى مۇھەممەد قادىر بىلەن بىللە تاشكەنتكە سودا ـ تىجارەتكە كېتىۋاتقاندا ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا ئانامنىڭ پاسپورتىنى تارتىۋالدى. ئانام قولغا ئېلىنغۇچە پاسپورتىنى قايتۇرۇپ بەرمىدى.

ــ ئانىڭىز راستىنلا ئامېرىكىغا كېلىشنى خالامدۇ؟ ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلانغان بۇ سوئالغا قىزىم ئەقدە:

ــ ئانـام ئـامېرىكىنى ياخـشى كۆرىـدۇ. بـالىلىرى ئامېرىكىـدا تۇرسـا ئانام نېمـشقا ئامېرىكىغـا كەلمەيـدۇ. ئۇرۇمچىـدىكى تىجارەت ئىـشلىرىنى ئـاكىلىرىم، ئـاچىلىرىم باشـقۇرۇپ كېتەلەيــدۇ. ئاخىرىــدا ken chern ئەپەندى:

ــ خـاتىرجەم بولـۇڭ، ئـانىڭىز رابىـيە قادىرنىـڭ ھېچقانـداق گۇنـاھى يوق، - دېدى.

سـوئال - سـوراقتىن خـاتىرجەم بولـدۇم. بىـراق، رابىـيە خېنىمنىـڭ تۈرمىدىكى سـالامەتلىكىدىن ئەنـسىرەيتتىم... ئۆيـدە تېلېفـون جىرىڭلىـسا چۆچۈيـدىغان بولـۇپ قالـدىم. رابىـيە قـادىر مېنىـڭ ئۆمۈرلۈكـۈم ئىـدى، رابىيە قادىر مېنىڭ دوستۇم ئىدى، رابىيە قادىر مېنىـڭ ئورتـاق پىكىرلىـك سىردىشىم ئىدى، ئۇ مېنىـڭ قـاراڭغۇدا يـول يورۇتـۇپ بېرىـدىغان مايـاكىم ئىدى. ئۇ مېنىڭ غەملىـرىمگە ھەمـدەم بولغـان، ئـۇ مېنىـڭ ئېغىرلىقىمنـى كۆتـۈرگەن، ئىككىمـىز بىـرلىكتە ئىگىلىـك، مىللىـي ئىگىلىـك ياراتقـان ئىدۇق. ئۇ، رابىيە قادىر ئۇيغۇرىستاندا ئـۈچىنچى قېتىم بـاش كۆتـۈرگەن ئۇيغۇرنىـڭ مىللىـي بۇرژۇئازىيىـسى ئىـدى. قاچـانكى بىـر مىللەتنىـڭ ئىچىـدە مىللىـي بۇرژۇئـازىيە بـاش كۆتۈرىـدىكەن، شـۇ مىلـلەت شـۇنداق زامانـدا سىياسەت، ئىيغىنىش دەۋرىـگە كىـرگەن مىلـلەت ھېـسابلىناتتى... رابىــيە قــادىر خىتاينىــڭ تۈرمىــسدە، رابىــيە قــادىر ســىدىقھاجى روزىغـا نىـسبەتەن ئـائىلىۋى ھاياتنىـڭ مۇساپىـسى ئۈچـۈن ئېيتقانـدا ئىككىنچـى خىــل كــۈرەش باشــلاندى. بەلكــى ھاياتنىــڭ ئەڭ مەنىلىــك دەملىــرى باشلاندى.

# چۈشتىن كېيىن...

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە قىزىم قەقنۇسنى يېتىلەپ، ئامېرىكا كونگرېسىگە بېرىپ، كالىفورنىيە شتاتىدىن سايلىنىپ كەلگەن 30 يىللىق كىشىلىك ھوقۇق كۈرەش تەجرىبىسىگە ئىگە، خىتايغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئۆچ ۋە داۋاملىق خىتايغا قارشى پىكىر بايان قىلغۇچى Tom lantos ئەپەندىنىڭ ياردەمچىسى Hans. jou dhm Hogrefe ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، بۇ كىشىگە رابىيەم خېنىمنىڭ ماتېرىيالىنى تاپشۇردۇم. خانس ئەپەندى:

ـ مەن رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە سىياسىي ئىشلىرىغا ئائىت ماتېرىيالنى تولۇق رەتلەپ چىقتىم. سىزنىڭ بەرگەن ماتېرىياللىرىڭىز بىلەن يەنە كەم يەرلىرىنى تولۇقلايمەن، دېدى. مېنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشۇمنى تولۇق ئاڭلىغان خانس ئەپەندى:

ـ بىز رابىيە قادىرنى ۋە ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك قولغا ئېلىنغان، تەقىبلەنگەن، نازارەت قىلىنغان بارلىق كىشىنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كېلىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بىر ئىلتىماس يېزىڭلار، دېدى.

مەن ئىلتىماسنى يېزىپ بەردىم. ئۇكىمىز × × تەرجىمە قىلىپ بەردى. خانس ئەپەندى كومپيۇتېرغا ئالدى.

# چۆشتىن كېيىن...

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

چۆشتىن كېيىن ۋاشىنگتون ۋاقتى سائەت ئۈچتە «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ خىزمەت بىناسىغا كېلىپ، شۆبە تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى مايك mik ئەپەندىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ كىشى 40 ياشلار چامىسىدا، خۇش چاقچاق ئادەم ئىكەن. كەسپى خىزمەتلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىنى شۇنداق يېتىلدۈرگەنمۇ، بىلمەيمەن. مايك ئەپەندى بىز بىلەن قىزغىن پاراڭلاشتى. مايك ئەپەندى:

ــ بىز رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى ۋە قولغا ئېلىنىش ئەھۋال توغرىسىدا تولۇق ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق. ئەمدى سىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەيمىز، رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە ھاياتىنى ماڭا تولۇق سۆزلەپ بېرىڭلار!

مەن كونگرېستە خانىس ئەپەندىگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنى بۇ ئىشخانىدا بۈگۈن مايك ئەپەندىگە تولۇق سۆزلەپ بەردىم. مايك ئەپەندى:

ــ يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا يېڭى تەيىنلىگەن باش ئەلچىسى joseph prueher بېيجىڭغا خىزمەتكە يېتىپ باردۇ. سىلەر ئۆيدىكىلەر نامىدىن بۇ ئەپەندىمگە بىر پارچە خەت يېزىڭلار، ئاندىن ئامېرىكىنىڭ داڭلىق سودىگەرلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلايلۇق، دېدى.

# لوندوندىن تېلېفون كەلدى...

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

ــ خۇش خەۋەر، دېدى لوندوندىن تېلېفون بەرگۈچى ئەكبەر مجىت ( بۇ كىشى توغرىسىدا تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمەن) ئەپەندى:

ــ بۈگۈن 21 ـ چېسلا ئەنگلىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىنىڭ باش ۋەزىرى بىلايىر ئەپەندى ختاي رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن سىياسىي سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، رابىيە ھەدەمنىڭ سىياسىي مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، دېدى.

راستىنى ئېيتسام خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمىدىم. ئەكبەر مجىت ئەپەندى:

ــ بىلايىر ئەپەندى سىياسىي سۆھبەتتە رابىيە ھەدەمنىڭ سىياسىي مەسىلىسىنى رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رابىن كوك ئەپەندى، كىشىلىك ھوقۇق ۋە باشقا سىياسىي مەسىلىلەر بويىچە ختاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جاشۈەن بىلەن سىياسىي سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، رابىيە ھەدەمنىڭ سىياسىي مەسىلىسىنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويۇپ:

ــ بىز بۇ سودىگەر ئايالنىڭ تۈرمە ھاياتىدىن ئەنسىرەيمىز، رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بۇ خەۋەر ئەنگلىيىنىڭ «گۋاردىيان cuardian» گېزىتىنىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلىپ چىقتى، دەپ خەۋەر قىلدى.

ئەنگلىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى... باش ۋەزىر بىلايىر ئەپەندى... پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رابىن كوك

ئەپەندى... رابىيە قادىرغا، ئۇيغۇرلارغا ئىگە بولدى... غەرب دۇنياسى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دۆلەتلىرى بولغان ئۇيغۇرلارغا ئىگە بولدى... دېمەك ئىگە بولدى... لوندون تەرەپكە بەرگەن جاۋابلىرىم بوغۇلۇپ، بوغۇلۇپ چىقاتتى. تېلېفون خىرىلدايتتى...!

## لوندوندىن تېلېفون كەلدى...

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

لوندوندىن تېلېفون كەلدى... تېلېفوننى قىزىم ئەقىدە قوبۇل قىلدى. تېلېفون بەرگۈچى ئەنگلىيە BBC خەلقئارا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە شىركىتىنىڭ ئايال مۇخبىرى ××× خانىم ئىدى. بۇ ئايال مۇخبىر ماڭا:

ــ 29 ـ كۈنى ئوكلاخوما ۋاقتى سائەت تۆتتە BBC دىن ئىككى نەپەر مۇخبىر سىزنىڭ قېشىڭىزغا بارىدۇ. ئايالىڭىز رابىيە قادىر توغرىسىدا BBC نىڭ مۇخبىرلىرى سىزنى زىيارەت قىلىدۇ، دېدى.

ــ رەھمەت خانىم، مەن كۈتىمەن، مۇخبىرلارنىڭ كېلىشىنى كۈتىمەن، دەپ جاۋاب بەردىم.

29 ـ چېسلا چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە راستتىنلا ئىككى نەپەر ئەر كىشى مۇخبىر مېنى ئىزدەپ ئۆيۈمگە كەلدى. ئاپپاراتلارنى تەڭشەپ، ئۆي ئىچىگە چىراغلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قىزىم ئەقىدە بىلەن مېنى ئىككى يېرىم سائەت زىيارەت قىلدى (بۇ ئىشتىن ئاۋۋال بۇ ئىشلاردىن ئۇكام ئەكبەر مىجىت مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغان ئىدى.)

مۇخبىرلارنىڭ ماڭا قويغان سوئاللىرى تۆۋەندىكىچە:

1 . رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن قولغا ئالدى؟

2 . ئايالىڭىز رابىيە قادىرنىڭ ھازىرقى تۈرمە ھاياتىدىن ئەنسىرەمسەن؟

3 . سەن ئايالىڭ رابىيە قادىرنىڭ پات ئارىدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلامسەن؟

4 . سەن جۇڭگوغا قايتىپ بېرىشنى ئويلامسەن؟

5 . ئۇيغۇرلار جۇڭگودا قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ؟

6 . شىنجاڭنىڭ (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) سىياسىي ۋەقەلىرى ياخشىلىنىۋاتامدۇ ياكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپ بارامدۇ؟

7 . ساڭا ياردەم ئۈچۈن بىزنىڭ ئادەملىرىمىز نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرىشلىرى كېرەك؟

بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردىم. تارىخ، سىياسەت، كىشىلىك ھوقۇق، ئايالىم رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىشى، خىتاينىڭ سىياسىي غەرەزلىرى توغرىسىدا ئەتراپلىق توختالدىم. ئەپسۇسكى ۋاقىت قىس بولۇپ قالدى.

ئەسلىدە BBC خەلقئارا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رابىيە قادىر توغرىسىدا بەش مىنۇتلۇق تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىشىنى «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى ئارلەت لەيدىگۈي خانىم ئورۇنلاشتۇرغان، تەلەپ قىلغان ئىكەن.

«خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» رابىيە قادىر توغرىسىدا تارقاتقان ھۆججەتلەرنى بىلايىر ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ بېرىپ، جىياڭ زېمىن بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سىياسىي سۆھبەتتە ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بىلايىر ئەپەندىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ سىياسىي مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى تەلەپ قىلغان كىشى ھەم ئارلەت لەيدىگۈي خانىم ئىدى.

ئىشلار، رابىيە قادىرنى، ئوغلىمىز ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىمنى ۋە قەھرىمان ئابدۇكېرىمنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش يولىدىكى سىياسىي قەدەملەر، تىرىشچانلىقلار ۋە سىياسىي، كىشىلىك ھوقۇق دەۋالىرى ئەنە شۇنداق باشلاندى. بۇ ئارىلىقتا، ئۆرۈمچىدىكى قىزىم روشەنگۈل بىلەن تېلېفون ئالاقىمىزنى ئۈزۈۋەتمەي كۈندە ئالاقىلىشىپ تۇردۇم. ئايالىم رابىيە قادىر، ئوغلىمىز ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىم توغرىسىدا، كاتىپ قەھرىمان ئابدۇكېرىم توغرىسىدا خىتاي

مىللەتچىلىرىنىڭ، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ جەمئىيەتكە تارقاتقان گەپ ـ چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئاڭلىغان ھەرقانداق خەۋەرلىرىمنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۇكىمىز ئەكبەر مىجىت ئارقىلىق «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» ئاسىيا بۆلۈمىگە يوللاپ تۇراتتىم. ماتېرىياللارنى ئارلەت لەيدىگۈي خانىمغا، ئىزابول كىللى خانىمغا يوللاپ تۇراتتىم. نيۇ-يوركتا تۇرۇشلۇق «كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى»نىڭ ئاسىيا بۆلۈمى مىيكى خانىمغا ھەم ماتېرىياللارنى يوللاپ تۇراتتىم.

ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بىلايىر ئەپەندى، ئەنگلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى رابىن كۇك ئەپەندىلەر، خىتاينىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جاشۈەن بىلەن ئۆتكۈزگەن سىياسىي سۆھبەتلەردە، رابىيە قادىرنىڭ سىياسىي مەسىلىسىنى، ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىم، قەھرىمان ئابدۇكېرىملارنىڭ قولغا ئېلىنىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە جەمئىيەتتە رابىيە قادىر يېقىندا ئۈچ كۈن ئىچىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقالدى. ئادەم ئىكەنمەن، بۇ گەپلەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قىينالساممۇ، لېكىن توختىماي كۈرەش قىلىش بۇ مېنىڭ ئىرادەم ئىدى.

# جياڭ زېمىن

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

جياڭ زېمىننىڭ ياۋروپا زىيارىتى «نەتىجىلەرگە»، «غەلىبىلەر»گە ئېرىشكەن ئىمىش. جياڭ زېمىن دىپلوماتىك «بۇرچى»نى ئادا قىلغان ئىمىش. شۇنداق بولسىمۇ، ئەنگلىيە، فرانسىيە دۆلەت رەھبەرلىرى جياڭ زېمىن بىلەن سىياسىي سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

بۈگۈن جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئورنى ــ بىخەتەرلىك كومىتېتىغا ئەزا دۆلەت بولسىمۇ، يادرو قوراللىرىغا ئىگە دۆلەت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىقتىسادى تەرەققىياتى «چەكسىز ئۆسمەكتە» تولۇق دۆلەت بولسىمۇ، چەت ئەل دۆلەتلىرىنىڭ «ھۆرمىتى»نى تولۇق شەرتلەر بىلەن قوبۇل قىلىشقا لايىق بولسىمۇ، ياۋروپا، ھەتتا ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تۈرگە چىقىپ بىللە ئولتۇرالايدىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق بويىچە غەرب مەتبۇئاتلىرىنىڭ، قايتا ـ قايتا ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بۇ دۆلەت نامايىش قىلىپ قارشى تۈرغۇچىلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچرىدى. ئەپسۇسلىنىشتىن باشقا، جۇڭگو رەھبەرلىرى بۇ ئىشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قويۇشنى كېرەكمۇ، ـ يوق؟ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم، جۇڭگوچە دېموكراتىيە، جۇڭگوچە كىشىلىك ھوقۇق نېمىشقا گۇمانلىنىشقا، زەربە بېرىشكە، تەنقىدلەشكە ئۇچرايدۇ؟

تەبىئىتىگە ھېيلىگەرلىك ماسلاشقان جياڭ زېمىن، غەرب دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا گويا كىشىلىك ھوقۇق توغرۇلۇق سۆھبەتلەشكەندەك بولدى. ئەنگلىيىدە بلايىر ئەپەندى بىلەن

ئۇچراشــقاندا، كــشىلىك ھوقــۇق مەسىلــىسىنى ئــاۋۋال جيــاڭ زېمىــن ئوتتۇرىغا قويغــان ئىمــش. بىلايىــر ئەپەنــدى رابىــيە قادىرنىــڭ سىياســىي مەسىلــىسىنى ئوتتۇرىغــا قويغانــدا جيــاڭ زېمىــن نــېمە، دەپ جــاۋاب بەرگەنــدۇ؟ فرانــسىيىدە پرېزىــدېنت شــىراك بىــلەن سىياســىي ســۆھبەت ئۆتكۈزگەنــدە، جيــاڭ زېمىــن كــشىلىك ھوقــۇق توغرىــسىدا سۆزلەشــكەن ئىمــش. ئۇنىــڭ ئۈســتىگە جيــاڭ زېمىــن يــۇقىرىقى دۆلەت رەھبەرلــىرى بىــلەن كــشىلىك ھوقــۇق توغرىــسىدا سۆزلەشــكەنلىكىنى ئىنتــايىن چوڭقۇر بىر قېتىملىق سۆزلىشىش بولدى، دەپ تەسۋىرلىگەن ئىمىش.

ســۆز ـ ئىبــارىلەردىن ۋە جيــاڭ زېمىنىنــڭ ياۋروپــا پائالىيىتــىدىن قارىغانــدا، جيــاڭ زېمىنىنــڭ ئوكــسفورد ئۇنىۋېرســتېتىدا ســۆزلىگەن ســۆزلىرىگە گەپ كەتمەيــدۇ. لــېكىن ئىــشقا ئاشــۇرۇش، ۋەدىلەرنـــى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يالغان گەپلىرىنــى راســت گەپــكە ئايلانــدۇرۇش جيــاڭ زېمىن ئۈچۈن ئاززۇ بولۇپ قالامدۇ ياكى ئەمەلىي ھەرىكەت بولامدۇ؟

جۇڭگولۇقتــا كېــرەك بولغــان دېمــوكراتىيە، كــشىلىك ھوقــۇق، جۇڭگودا قانچىلىك ئىشقا ئاشــۇرۇلدى؟ جيــاڭ زېمىــن جــاۋاب بېرەلەمــدۇ، يوق؟ نېمىشقا جۇڭگونىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرى بىــلەن غەربنىــڭ تەســىراتى، ھۆججەتلىرى، تەنقىــدلىرى كــشىلىك ھوقــۇق مەسىلــىسى بــويىچە شــۇنچە پەرقلىــق بولىــدۇ؟ ئۇنىڭــدىن باشــقا، جۇڭگــو رەھبەرلــىرى، كــشىلىك ھوقــۇق بــۇ ئىچكــى مەســىلە سۆزلىشــشكە بولىــدۇ، چەت ئەلنىــڭ ئارىلــششىش ھوقــۇقى يــوق. ئىنــسانپەرۋەرلىكتىن پايــدىلىنىپ، باشــقا دۆلەتلەر قورال ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دېيىشكەن ئىدى.

خىتاينىــڭ 50 يىللىــق ئۇيغۇرىــستاننى مۇســتەملىكە قىلىــش تــارىخى ئىسپاتلاپ بەردىكى، خىتاي كوممۇنىستلىرى بىــر پــارتىيە ھۆكۈمرانلىقىــدا

چىقىش يولى نېمە؟

چىڭ تۇرۇپ، قانچىلىك جىنايەت ئۆتكۈزدى؟ ئۇيغۇرلارغا، مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇشتىن تارتىپ، سان ـ ساناقسىز كىشىلەرگە سىياسىي زىيانكەشلىك قىلغان مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە خىتاي كوممۇنىستلىرى يەنىلا جۇڭگو پۇقرالىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇپ كەلدى. مۇبادا جۇڭگو پۇقرالىرى كىشىلىك ھوقۇق ۋە سىياسىيغا ئارىلىشىش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان بولسا، سىياسىي ساھەدە مۇۋازىنەتكە كەلتۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان بولسا، ئىشىنىمەنكى، خىتاي كوممۇنىستلىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. باشقا سىياسىي پارتىيىلەر نۆۋەتلىشىپ ھوقۇق يۈرگۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن، سىياسىي جەمئىيەتنىڭ ئىچىۋېتىلگەن جەمئىيەت بولۇشى ناتايىن ئىدى. كىشىلەر سىياسىيغا ئارىلىشالايدىغان بىر جەمئىيەتتە پۇقرالار مەتبۇئات، ئېتىقاد، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالىغان بىر جەمئىيەتتىلا خۇسۇسىيلار گېزىت باشقۇرىدىغان، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى قۇرالايدىغان بىر جەمئىيەتتىلا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى سۆزلىشىش بىلەن ھەل قىلغىلى بولاتتى. شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئارىلىشىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى. قائىدە شۇنداق ئاددىيكى، ئىقتىسادى جەھەتتە ئېچىۋېتىلگەن بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى پەقەت سىياسىي جەھەتتە ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنلا كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولاتتى. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جۇڭگوغا كۆڭۈل بۆلۈشى ئىقتىسادى مەنپەئەتكە ئېتىبار بېرىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە مەسىلىسىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈش ئەمەسمىدى؟

## سەئۇدى ئەرەبىستان

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ئامېرىكا «بىرلەشمە ئاگېنتلىقى»نىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا: نۆۋەتتە سەئۇدى ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن خىتاي كارخانىچىلار بۇگۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سودىگەرلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، سەئۇدىنىڭ جۇڭگوغا، جۇڭگونىڭ سەئۇدىغا مەبلەغ سېلىشىنىڭ پۇرسەتلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەن ئىمىش. سەئۇدى ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە: ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تېز كېڭىيىۋاتقان سودىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ھەمدە نېفىت، ئىقتىساد، ئاخبارات ساھەلىرىدە ھەمكارلىشىش توغرۇلۇق كېلىشىم ھاسىل قىلغان ئىمىش. جياڭ زېمىن تۆت كۈنلۈك زىيارىتى جەريانىدا، سەئۇدى بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلىشىپ 15 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىپ، جۇڭگودا نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، سەئۇدىنىڭ نېفىتىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە سۆزلىشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

جياڭ زېمىن تۈنۈگۈن سەئۇدىنىڭ پادىشاھى ۋە پادىشاھ جەمەتى بىلەن سۆھبەتلەشكەن ئىمىش. غەرب دۆلەتلىرى جياڭ زېمىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. سەئۇدىنىڭ پادىشاھى جياڭ زېمىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە نېمىشقا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، دىنى ئېتىقاد مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى؟ ئەرەبنىڭ ئۇيغۇر بىلەن نېمە ئىشى بار دېمەمسىلەر؟

## رابىيە قادىر

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

خېنىم رابىيە قادىرنىڭ خىتاينىڭ تۈرمىسىگە تاشلانغىنىغا ئۈچ ئاي توشقاندا، قىزىم روشەنگۈل ئۈرۈمچىدىن تېلېفون بېرىپ:

ــ ئۇكام ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىمنى، رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ كاتىپى قەھرىمان ئابدۇكېرىمنى سوتقا تارتىپ ھۆكۈم قىلىپ ئۈچ يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىدىكەن دەپ، ئاڭلىدىم دەپ، خەۋەر قىلدى.

ئەرۋاھىم ئۇچتى، بېشىمغا غەم چۈشتى. ئۈچ يىللىقتىن قاماق جازاسى بەرگەندە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ھۆكۈم قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەجەبا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى سىدىقھاجى روزىدىن ئۆچ ئېلىشنى شۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئادەتتىكى سىدىقھاجى روزى ئامېرىكىدا خىتايغا قارشى نېمە بالالارنى تېرىپ قويىدى؟ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئېتىرازلىرىغا، بېسىملىرىغا پىسەنت قىلمىسۇن، ئەجەبا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بۈيۈك دۆلەت ئەنگلىيىنىڭ ۋەزىرى بىلايېر ئەپەندىنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىگىمۇ قۇلاق سالمامدۇ؟ مەن ۋاشىنگتوندا «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» ۋاشىنگتون شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كومار ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەندە، كومار ئەپەندى:

ــ بىز رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد قىلىشقا ئىككى يول بىلەن ماڭىمىز.

1 . يۇمشاق ۋاستە سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىمىز.

2 . ختتاي ھۆكۈمىتى بۇنداق ۋاستىلەرگە ۋە تەلەپلەرگە ماقۇل بولمىسا، ئۇنداقتا، رابىيە قادىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىم ۋە رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ كاتىپى قەھرىمان ئابدۇكېرىمنىڭ سىياسىي مەسىلىسى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تاشقى سىياسىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دېگەن ئىدى.

ــ ختتاي ھۆكۈمىتى جاھىللىق قىلىپ، سوت ئېچىپ، رابىيە قادىرغا، ئوغلىمىز ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىمغا، قەھرىمان ئابدۇكېرىمگە ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، بىرنەچچە يىل كېسىۋەتسە قانداق قىلىمەن، دېگىنىمدە، كومار ئەپەندى:

ــ قۇتۇلدۇرۇش كېرەك ئىكەن، بۇ بىز ئۈچۈن بەربىر، دېگەن ئىدى.

ۋەقەلەر تەرەققىي قىلىپ شۇ دەرىجىگە يەتتى. رابىيە قادىر ختتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقارمۇ؟ بىر ئاللاھتىن باشقا سىرداش دوستۇم يوق، ئۆزۈم ــ ئۆزۈمگە، بەزىدە تامغا قاراپ سۆزلەيمەن، سىرداش دوستۇم يوق. رابىيە قادىر ئىككىمىز «يورۇق دۇنيادا، لېكىن غەم بىلەن ئەلەمگە تولۇق دۇنيادا» بىر يەرگە جەم بولارمىزمۇ؟ چوڭ بولۇۋاتقان باللىرىم ــ قىزلىرىمىزنىڭ توي ئىشىنى ئىككىمىز جەم بولۇپ بىر تەرەپ قىلارمىزمۇ؟ ئىش قولۇمدىن چىقىپ كەتتى. توختاۋسىز كېلىپ تۇرىدىغان پىكىرلەر ئېسىمدىن چىقىپ كەتتى. تالاغا چىقىمەن، ئۆيگە كىرىمەن، تېلېۋىزورنى ئاچىمەن... قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈرگەن ئادەملەر ئېكرانىدا پەيدا بولدى. بىزمۇ ئادەمغۇ، بىزمۇ بىر مىللەتقۇ؟ خۇدا بەندىلەرنى تەڭ ھوقۇقلۇق، تەڭ باراۋەر ياراتقان ئەمەسمىدى؟

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

9 ـ كۈنى بېرلىن شەھىرىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان توسۇق تام ئاغدۇرۇۋېتىلگىنىگە 10 يىل توشقان كۈن. 10 يىلدىن بۇرۇنقى تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىنى ئەسلەپ كۆرسەك، بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشى ئۆزلۈكىدىن، تۇيۇقسىز بولغان ئىش ئەمەس. بەلكى بىر قاتار دۇنياۋى تارىخى ۋەقەلەرنىڭ زەنجىرسىمان ئىنكاس قايتۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇنداقلا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كوممۇنىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن شەرقىي ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىسىدۇر.

1989 ـ يىلى شۈبھىسىزكى، ئالەمنى زىلزىلىگە سالغان، ئىنقىلابى ھەرىكەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلىغان بىر يىل بولدى. شۇ يىلى 1 ـ ئايدا چېخوسلوۋاكىيە يازغۇچىسى ۋاسلاۋ خاۋېل ئاساسى قانۇن ھەرىكىتى تەشكىلاتى «پىراگا باھارى»نىڭ، ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ، ئەركىنلىك يولىدا قۇربان بولغان خاتىرە كۈنى ياكى بۇ كۈننىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەپ، زور كۆلەملىك نامايىش تەشكىللەپ زوراۋانلىققا قارشى تۇردى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا پولشا «ئىتتىپاق ئىشچىلار بىرلەشمىسى» 10 يىل كۈرەش قىلىپ، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق كوممۇنىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇردى. بۇ ھەرىكەتنىڭ رەھبىرى ۋاۋسا سىياسىي سەھنىگە چىقتى. ياز ئايلىرىغا كەلگەندە، ۋېنگرىيە، ئاۋستىرىيە بىلەن تۇتاشقان دۆلەت چېگرىسىنى ئېچىۋېتىشنى قارار قىلدى. ۋېنگرىيە كوممۇنىستلىرى 10 ـ ئايدا تارقىلىپ

كەتكەنلىكىنـــى جاكـــارلاپ، 10 ـ ئاينىـــڭ ئاخىرىـــدا مىڭلىغـــان، ئـــون مىڭلىغـــان شـــەرقىي گېرمـــانىيىلىكلەر ۋېنگـــرىيە ئـــارقىلىق غەربىـــي گېرمـــانىيىگە قـــېچىش دولقـــۇنىنى قوزغـــىدى. نۇرغۇنلىغـــان شـــەرقىي گېرمانىيىلىكلەر چىخىسلوۋاكىيىنىڭ پايتەختى پراگاغا كېلىپ، غەربىي گېرمانىيىنىـــڭ بـــاش ئەلچىـــسىدىن سىياســـىي پانـــاھلىق تىلىـــدى. ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا شەرقىي گېرمانىيىنىڭ چوڭ ــ چوڭ شـەھەرلىرىدە ئەركىنلىك، دېموكراتىيە تەلەپ قىلىپ نامايىشلار كۆتۈرۈلدى.

شـەرقىي ياۋروپـادا ۋە شـەرقىي گېرمانىيـىدە يـۈز بەرگەن بىـر قاتـار ئـاممىۋى ھەرىكەتـلەر، نامايـشلار ۋە غەزەپـتىن پەيـدا بولغـان خەلقنىـڭ كـۈچى ئـاخىرى 11 ـ ئاينىـڭ 9 ـ كـۈنى (1989 ـ يىـل) كېچىـدە بېرلىن شەھىرىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان توسۇق تامنى غۇلاتتى.

ئەلـۋەتتە گوربـاچېۋ ئەپەنـدىنىڭ 1985 ـ يىلىـدىن باشـلاپ يولغـا قويغان «قايتا قۇرۇش» ھەرىكىتى، بېرلىن تېمىنىـڭ ئۆرۈلۈشـىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن. ئىنسانىيەت تـارىخى تەرەققىياتىنىـڭ يۈزلىنىـشىگە نىـسبەتەن بېـرلىن تېمىنىـڭ ئۆرۈلۈشـىدىن سـۆز ئاچقانـدا، مەنىـۋى، ئەخلاقـى، سىياسـىي جەھەتـتە پۈتـۈن دۇنيـادا ئەسـىرلىك بىـر تەۋرەش پەيدا قىلدى. بۇنداق تەۋرەشـنىڭ ئەھمىيىتـى، كاپىتـالىزم، كوممـۇنىزمنى مەغلۇپ قىلدى. دېموكراتىيىنىڭ قىممىتى مۇستەبىت تـۈزۈمنى يىمىرىـپ تاشـلىدى. ئىككىنچـى دۇنيـا ئۇرۇشـىدىن كېيىن شـەرقىي لاگېـر بىـلەن غەرب لاگېـرى قارشىلاشـقان 40 يىللىـق سـوغۇق مۇناسـىۋەتلەر ئۇرۇشـى مۇساپىـــسىنى ئاخىرلاشـــتۇردى. بېـــرلىن تېمـــى ئۆرۈلگەنـــدىن كېـــيىن شەرقىي ياۋروپا خەلقى ۋەھىمىلىك بىر دۇنيادىن ئـارامى خـۇدا، ئاسـايىش بىــر دۇنياغـا كۆچـۈپ چىقتـى. چىخىـسلوۋاكىيە خەلقـى ۋاسـلاۋ خاۋىـل

رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاب ئارقىلىق دېموكراتىك تۈزۈمگە ئىگە بولغان بولسا، رۇمىنىيە خەلقى ئىنقىلاب ئارقىلىق مۇستەبىت چىئۇسوسكونى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شەرقىي گېرمانىيە خەلقى سايلامدا بىلەت تاشلاش ئارقىلىق كوممۇنىست ئاننالىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئىككى گېرمانىيىنىڭ بىرلىششىنى ئىلگىرى سۈردى. 1990 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىككى گېرمانىيە خەلقى بىرلەشتى.

بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشى بۆلۈنۈپ تۇرغان ياۋروپانى بىرلىشىش يولىغا ئېلىپ چىقىپلا قالماستىن، دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىغىمۇ كۈچلۈك سىياسىي تەسىر كۆرسەتتى. بۇ 10 يىل ئىچىدە كوممۇنىزم كۈچلىرى بىتچىت بولۇپلا قالماستىن، رۇسىيىنى ئۆزۈل ـ كېسىل پارچىلىنىشقا ئىتتىرىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەردە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. موسكۋادىن تارتىپ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مايا قىشلاقلىرىغىچە، ھىندونېزىيىنىڭ يېزىلىرىدىن، ئافرىقىدا ئۇگاندا چۆللىرىگىچە، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگە بىر خىل تۇرمۇش شەكلىگە ئىگە بولغان خەلقلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بۇ رايونلار دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭ گۇماشتىلىرى قوزغىغان ئىچكى ئۇرۇشلاردىن خالاس بولدى. غەيرىي كوممۇنىزملىق ھەيۋە كۆرسەتكۈچى ھاكىمىيەتلەرمۇ كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتنى يولغا قويالمايدىغان بولدى.

بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشى شەرقىي ياۋروپادا كوممۇنىزم قورغانلىرىنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، 10 يىلدىن بېرى لاتىن ئامېرىكىسىدا كۇبا، ئاسىيادا جۇڭگو، ۋيېتنام، شىمالىي

كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرۈپ تۇرغىنىمىز يەنىلا كوممۇنىزمنىڭ هاكىم مۇتلەق تۈزۈمىدۇر. بۇ خىل كوممۇنىزم هاكىمىيەتلىرى ئىقتىسادى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، گەرچە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەتلەردە سىياسىي جەھەتتە، دېموكراتىيە، ئېچىۋېتىش، پۇقرالارغا سىياسىي يول قويۇشنىڭ ئىزنالىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ هاكىمىيەتلەرنىڭ ئىچىدە ئارتۇق دىققەت قوزغاۋاتقىنى يەنىلا خىتاي كوممۇنىست هاكىمىيىتىدۇر. كىشىلەر «ئادەمنى هەيران قالدۇرغىنى ــ شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشنىڭ، سابىق سوۋېتلەرنىڭ يىمىرىلىشىنىڭ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولماي، ئەكسىچە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ، بىر پارتىيە هۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى» دۇر دېيىشتى. بۇ كىشىلەر خىتاي مىللىتىنىڭ قۇللۇق تەبىئىتىنى چۈشەنمىگەن، خورلىنىشنى ماقۇل كۆرىدىغان خىتاي مىللىتىنىڭ، خورلىغۇچى هاكىمىيەتنى قوللايدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەن كىشىلەردۇر. گورباچېۋنىڭ ئىسلاھات كونتروللۇقىنى يوقاتتى. سابىق سوۋېتلەر تەۋرەش ئىچىگە چۈشۈپ قالدى، دەپ قارىغان خىتاي مىللەتچىلىرى سابىق سوۋېتلەرنىڭ ئىسلاھات جەريانىدا غەلىبە قىلغان تەجرىبىلىرىدىن چۆچۈپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسلاھاتقا سىياسىي جەھەتتە هەرگىز بۇنداق يول قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلىشتى. هازىر جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرى كاپىتالىزمنى جۇڭگودا يەرلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنى «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم» دەپ ئاتىۋالدى. بىراق، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر تەرىپى شۇكى،

ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى يېڭى تونۇشقا ئىگە بولدى. كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ مۇقىملاشتۇردى. كاپىتالىزمنىڭ يەر شارىلىشىشى، تەرەققىيات ئېقىمىنى ئەمدى توسۇۋالغىلى بولمايتتى.

# دۇنيا سودا تەشكىلاتى

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئىككى دۆلەت، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى بويىچە كېلىشىمگە كەلدى. بۇ توغرىدا ئەنگلىيىنىڭ «پۇل ــ مۇئامىلە گېزىتى» 16 ـ كۈنى: «جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى جۇڭگو ئۈچۈنمۇ، خەلقئارا جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ بىر مەيدان ئوينايدىغان قىمار بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئىچكى قىسىمدا مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى چاپسانلاشقاندىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىدا ئوينايدىغان رولىغا يەنە جۇڭگو ئۆزى قانداق قارايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈر بولغان ئىقتىسادى ئىسلاھات، جۇڭگودا سىياسىي تولغاق پەيدا قىلىپ، ھەتتا سىياسىي مۇقىمسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. جۇڭگو بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەيدۇ؟ مۇھىمى ئىشسىزلىقنىڭ ئۆنۈمى ۋە كۆلىمىگە قاراش كېرەك. ئۆزىنى ئالىم دەپ تونۇشتۇرغان خۇ ئىسىملىك بىر خىتاي: «زەربىگە ئۇچرايدىغان ساھە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردۇر» دەپ كۆرسەتتى. دۇنيا بانكىسىنىڭ باھالىشىغا ئاساسلانغاندا: بۇ كارخانىلارغا ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان 140 مىليون كىشىنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن بىر قىسمى ئارتۇقچە يالالنما ئەمگەك كۈچى بولۇپ، نۆۋەتتە خىتاي شەھەرلىرىدە ئىشسىز يۈرگەن كىشىلەر 18

مىلىيونغا يەتكەن. بەلكى يېزىلاردا 10 مىلىيون خىتاي دائىمى ئىشسىزلىق ھالىتىدە ياشاپ كەلمەكتە ئىكەن. جۇڭگودا ئېغىر سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۇنۇمدارلىقى ئىنتايىن تۆۋەن. مەسىلەن، جۇڭگو يەرشارىدا پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتا چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىپ، جۇڭگونىڭ تۆت مىڭ يۇرۇشلۇك پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئىچىدە پەقەت تۆت يۇرۇش پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىلا خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە ئىكەن.

ئىچكى بازار ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن نۇرغۇن زاۋۇتلار تاقىلىش، گۇمران بولۇش گىرۋىكىگە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. يېزا ئىگىلىك جەھەتتە قۇرۇلما خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئىنتايىن ئېغىر. جۇڭگو يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى خەلقئارا سەۋىيىدىن 30% ئارتۇق ئىكەن. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج تۆۋەنلىتىلگەن ھامان، چەت ئەلنىڭ ئەرزان باھالىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جۇڭگونىڭ بازىرىغا تاشقىندەك يامراپ كىرگەندە، توققۇز يۈز مىلىيون خىتاي دېھقانلىرى ياشاۋاتقان يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. (ئۇيغۇر دېھقانلىرى نېمە كۈنگە قالار؟)

سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈش بويىچە جۇڭگو گەرچە بىرنەچچە يىل ئىچىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك تەدرىجىي يولغا قويۇشقا ئېرىشەلىسمۇ، لېكىن تەرتىپكە سېلىش كۆلىمىنى كەم مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئوخشاشلا جۇڭگو دۆلەت ئىچىدە قائىدە ـ قانۇنلارنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ؟ بىراق، جۇڭگونىڭ قانۇن سىستېمىسى چىرىكلەشكەن، ئۇزۇن

يىللاردىن بېرى قانۇنغا سىياسىي ئارىلىشىۋالغانلىقتىن، پارتىيە جۈڭگودا قانۇندىن ئۈستۈن تۇرۇپ كەلدى. شۇڭا ئەدلىيە ئىسلاھاتى ئامىللىرى كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرغاندا، ئىنتايىن قىيىن كۈنلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا بەرگەن ۋەدىلەر دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قانۇن ـ نىزام بولۇپ ئۆزگەرمەيدىكەن، ئۇنىڭ جۈڭگو ئۈچۈن قىممىتى بولمايلا قالماستىن، ھەتتا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تەرتىپلىك مەشغۇلاتىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

خەلقئارا دىپلوماتلار: «دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش فۇنكسىيىسىنى كۆزىتىپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلالمايۋاتقاندا، جۈڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى بۇ سىستېمىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن» دېيىشتى. غەربلىك بىر نەپەر دىپلومات: «جۈڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، ياخشىلىق ئېلىپ كېلەمدۇ، يوقمۇ؟ بۇ پۈتۈنلەي جۈڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئىچىدە ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ مۇۋازىنەتىنى ساقلاپ قېلىشىغا باغلىق» دەپ كۆرسەتتى.

دۇنيا سودا تەشكىلاتى نىزامنامىلىرىگە ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، جۈڭگونىڭ ئىسلاھاتچىلىرىغا ياردەم بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن بەلگىلىمىلەر قانچە قاتتىق بولىدىكەن، جۈڭگونىڭ ئىجرا قىلىشى شۇنچە قىيىن بولىدۇ. ئۇنداقتا تېز سۈرئەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات دەھشەتلىك قارشىلىققا دۇچ كېلىدۇ.

ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئۇزۇندىن بۇيان يەنە باشقا ئۆزىنى قوغداش سىستېمىسى بولۇشى كېرەكلىكىدە ۋە بۇ سىستېما ئارقىلىق جۇڭگونىڭ سودىسىنى تىزگىنلەش كېرەكلىكىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئەگەر ئامېرىكا تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تۇرۇش ئۇسۇلى ــ باج سىياسىتىدە چىڭ تۇرىدىغان بولسا، ئېكسپورت نورمىسىنى چەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان بولسا، خىتاينىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە قارشى ئۆچ ئېلىشنى يولغا قويىدۇ. جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ بۇ ئۇسۇلغا شىددەتلىك قارشى تۇرىدۇ ياكى بۇنداق قىلىش دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق دەپ، تۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىدا قانداق رول ئويناش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ئويلىشىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

ئەگەر بېيجىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىدا قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك رول ئېلىشنى ئويلىسا، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر ــ دۇنيا سودا تەشكىلاتى، كوللېكتىپ ئورتاق تونۇش بويىچە ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلى ئاساسىغا قۇرۇلغان، دېگەن بىر تۈرنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئىمزا قويغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىق بولغاندىلا ئاندىن ئارزۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. لېكىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇزۇندىن بۇيان دىپلوماتىيە ساھەسىدە يېتىم ھالەتتە قالغانلىقتىن، تەجرىبىلىرى يېتەرلىك بولمىغان جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، بەلكى چۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن. بىر دۆلەتنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىچىدە كۆرسىتىدىغان تەسىر كۈچى شۇ دۆلەتنىڭ ئىمپورت مىقدارى ياكى ئىچكى بازارنىڭ كۆلىمى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

بۇنداق ئىقتىدار ھەتتا، شۇ دۆلەتنىڭ ئېكسپورت ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. يۇقىرىقى نۇقتىلار بويىچە ئۆلچىگەندە، جۇڭگو بۇ دۆلەتنىڭ ئىمپورت قىلىش ئىقتىدارى گوللاندىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىمپورت قىلىش ئىقتىدارىغىمۇ يېتىشەلمەيدۇ. ھەتتا، شاڭگاڭغىمۇ يېتىشەلمەيدۇ. شۇڭا، جۇڭگونىڭ سىياسىي سالمىقى ھېچنەرسىگە ئەرزىمىسە كېرەك.

## رابىيە قادىر

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

1999 ـ يىلى 21 ـ ئۆكتەبىر ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بىلايىر ئەپەندى ۋە ئەنگلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رابىن كوك ئەپەندىلەر رابىيە قادىرنىڭ سىياسىي پاجىئەسىنى خەلقئارالاشتۇرغاندىن كېيىن:

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاتالمىش خەلق سوتى، رابىيە قادىرنىڭ ئاتالمىش دېلوسىنى مەخپىي مۇھاكىمە قىلىپ، جىنايى پاكىتلارنىڭ ھۆكۈم قىلىشقا ئاساس بولالمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. خەلقئارا «رېيتىر ئاگېنتلىقى» خەۋەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، بېيجىڭدىن پۈتۈن دۇنياغا خەۋەر تارقاتتى.

GLGL

00248Asi/AFP ـ D 271 …Hichina

Xinjiang 12 ـ 02 04 35

Hishur business woman’son

Sentencd to two yearsin china

Bejing . Dec (AFP)

رابىيە قادىرنىڭ دېلوسىنى قايتۇرۇۋەتكەن خىتاينىڭ سوت مەھكىمىسى ئوغلىمىز ئابدۇلھېكىم ئابدىرېھىمگە ئىككى يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

# ئامېرىكا

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ئامېرىكا كونگرېسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئومۇمى يىغىنى، بۈگۈن تەيۋەننىڭ خەلقئارا سىياسىي تەشكىلاتلارغا قاتنىششى توغرىسىدا قانۇن لايىھە ماقۇللىدى. قانۇن لايىھەدە: ئامېرىكا دۆلەت سوۋېتى ئامېرىكا كونگرېسىگە تەيۋەننىڭ خەلقئارا تەشكىلاتلارغا بولۇپمۇ خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىغا قاتنىششىغا ئامېرىكىنىڭ قانداق ياردەم بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا دوكلات بېرىشى كېرەك دەپ، بەلگىلەندى.

بۇ قانۇن لايىھە 19 ـ كۈنى ئاغزاكى ئىپادە بىلدۈرۈش بىلەن قارشىلىقسىز ماقۇللاندى.

قانۇن لايىھە پرېزىدېنتنىڭ قول قويۇشىغا يوللاندى.

بۇ قانۇن لايىھەدە: ئامېرىكا دۆلەت سوۋېتى 2000 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا كونگرېسىگە 1994 ـ يىلى پرېزىدېنت كىلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن سىياسىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلىنىپ، تەيۋەننىڭ خەلقئارا تەشكىلاتلارغا، بولۇپمۇ خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىغا قاتنىشىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشى كېرەك، دېيىلدى.

بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ماقۇللىنىشىغا تەيۋەننىڭ جامائەت ئىشلىرى كومىتېتى تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

بۈگۈن ئامېرىكا كونگرېسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ئۇنىۋېرسال بىيورجىت قانۇن لايىھىسى ماقۇللاندى. قانۇن لايىھىسىدە: ئامېرىكا دۆلەت سوۋېتى بۈگۈندىن باشلاپ ئىككى يىل ئىچىدە ھەر يېرىم يىلدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قېتىم تەيۋەننىڭ خەلقئارا

تەشــكىلاتلارغا قاتنىشــشىنى قانــداق قوللىغــانلىقى توغرىــسىدا ئامېرىكــا كونگرېسىگە دوكلات يوللىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى.

ئۆنىۋېرســال بىيورجىــت قــانۇن لايىھىــسى 74 ئاۋازنىــڭ قوشۇلۇشــى، 24 ئاۋازنىــڭ قارشــى تۇرۇشــى ئــارقىلىق ماقۇللانــدى، ئــاۋام پالاتاســىدىن بۇرۇن كېڭەش پالاتاسى تۇنۇگۈن بۇ قانۇن لايىھىنى ماقۇللىغان ئىدى.

بــۇ قــانۇن لايىھىــسىدە: ئامېرىكــا دۆلەت ســوۋېتى ھەر يېــرىم يىلــدا، تەيۋەننىڭ دۆلەتنى بىرلىك قىلغــان خەلقئــارا تەشــكىلاتلارغا قاتنىشىــشىغا، ئامېرىكىنىــڭ قانــداق يــاردەم قىلغــانلىقى توغرىــسىدا دوكــلات بېــرىش كېــرەك، دەپ بەلگىلەنــدى. بىرىنچــى قېتىملىــق دوكــلات مۇشــۇ قــانۇن لايىھە كۈچكە ئىگە بولىدىغان 60 كۈن ئىچىدە يوللىنىشى كېرەك.

بىيورجىت لايىھىسىدە: مەجبۇرى بــالا چۈشــۈرۈش سىياســتىنى يولغا قويغــان دۆلەت رەھبەرلىرىنىــڭ، ئامېرىكىغــا كىرىشــىگە ۋىــزا بېرىــشنى چەكــلەش، ئامېرىكىنىــڭ بېيجىڭــدا تۇرۇشــلۇق بــاش ئەلچىخانىــسىغا كىــشىلىك ھوقــۇقنى نــازارەت قىلغــۇچى خــادىملارنى كۆپەيتىــپ بېــرىش، ئەركىــن ئاســيا رادىئــو ئىستانىســسىغا ھوقــۇق بېــرىش ۋە پــۇل ئاجرىتىــپ بېرىش بەلگىلەندى.

19 ـ كۈنى:

تۈنۈگۈن ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى جۇڭگــو ھۆكــۈمىتى پــالۇنگۇڭچىلارنى باستۇرۇشــنى توختىتىــشى كېــرەك، دەپ قــانۇن لايىــھە ماقۇللىغانــدىن كېــيىن، بۈگــۈن ئامېرىكــا كونگرېــسىنىڭ كــېڭەش پالاتاســى، جۇڭگــو ھۆكۈمىتىنىــڭ ئېتىقــاد ئەركىنلىكــى ۋە يىغىلىــش ئەركىنلىكىنــى باستۇرۇشــنى تــوختىتىش كېرەكلىكــى توغرىــسىدا قــانۇن لايىھە ماقۇللىدى.

قانۇن لايىھەدە: جۇڭگو ھۆكۈمىتى بارلىق ۋىجدانلىق جىنايەتچىلەرنى تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشى كېرەك، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى نەزەربەند قىلىش، خورلاش، تەھدىت سېلىش، باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشى كېرەك دەپ، بەلگىلەندى. بۇ قانۇن لايىھەدە: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تۈزۈپ تارقاتقان «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا ئىمزا قويغان جۇڭگونىڭ قانۇنغا ئەمەل قىلىشى مۇراجىئەت قىلىندى.

تۈنۈگۈن ئېلان قىلىنغان قانۇن لايىھەدە: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پالۇنگۇڭچىلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە، ۋىجدانلىق جىنايەتچىلەرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تۈزۈپ تارقاتقان، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىمزا قويغان «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا ئەمەل قىلىش توغرىسىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى تەلەپ قىلىندى.

## ياۋروپا

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقى توغرىسىدا يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار يىغىنى 19 ـ كۈنى ئېچىلدى. چېچىنىيە مەسىلىسى بويىچە ئامېرىكا بىلەن رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر تالاش ـ تارتىشلار ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا ۋە رۇسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 30 دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ياۋروپانىڭ ئەنئەنىۋى قوراللىق كۈچلىرى مەسىلىسى توغرىسىدا يېڭى ئەھدىنامىگە ئىمزا قويۇشتى. شۇ قاتاردا «ياۋروپا بىخەتەرلىكى نىزامنامىسى»مۇ ماقۇللاندى. بۇ نىزامنامىغا بىر پرىنسىپ: «بىر دۆلەت ئىچىدە پارتلىغان ئىچكى ئۇرۇش باشقا دۆلەتلەرگە كېڭىيىپ كەتكەندە خەلقئارا جەمئىيەت ئارىلىششقا ھوقۇقلۇق» دېيىلگەن بىر پرىنسىپ قوشۇلدى. بۇ پرىنسىپ ۋە نىزامنامىدىن خەۋەر تاپقان خىتاينىڭ ئاتالمىش مىللەتچى ئالىملىرى: «تەيۋەن بوغۇزى مەسىلىلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ئامېرىكا ياكى غەربتىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدۇ» دەپ كۆرسىتىشتى.

ياۋروپا بىخەتەرلىكى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىغا قاتناشقان رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىن باشقا ھەرقايسى دۆلەت باشلىقلىرى «ياۋروپا بىخەتەرلىك نىزامنامىسى»نى تۈزۈش جەريانىدا، رۇسىيە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن بىر پرىنسىپ ــ «بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى باشقا دۆلەتلەرگە كېڭىيىپ كەتكەندە خەلقئارا

جەمئىيەت ئارىلىشىشقا ھوقۇقلۇق» دېگەن بىر پرىنسىپنى ئىزچىل قوللىدى.
ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبرايىت خانىم: «نىزامنامىگە كىرگۈزۈلگەن بۇ پرىنسىپ خەلقئارا قائىدىلەرنى بەلگىلەشنىڭ مۇھىم قەدىمى، بۇ پرىنسىپنى چېچەنىيىگە قوللىنىشقا بولامدۇ، بولمامدۇ؟ بۇ توغرىدا بىر نېمە دېيىشكە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
رۇسىيىنىڭ چېچەنىيىگە باستۇرۇش سىياسىتى قوللانغانلىقىنى ئىزچىل تەنقىد قىلىۋاتقان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تەنقىدلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، رۇسىيىنىڭ پرېزىدېنتى يىلتسىن 18 ـ كۈنى: «خەلقئارا جەمئىيەت رۇسىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى» دەپ، قاتتىق تەنقىدلىگەن ۋە يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. بىراق، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، چېچەنىيىگە قاراتقان سىياسىي مەيدانىنى بىر ئاز بوشاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئاخىرى يول قويۇشقا ماقۇل بولدى. ئاخىرقى ھېسابتا رۇسىيە فېدېراتسىيىسى «ياۋروپا بىخەتەرلىكى نىزامنامىسى»نىڭ يۇقىرىقى پرىنسىپ ۋە ماددىلىرىنى قوبۇل قىلدى.
ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبرايىت خانىم رۇسىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئىۋانوپ، ياۋروپا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسىنى ۋە نورۋېگىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنى چېچەنىيىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلماقچى بولدى. ياۋروپا بىخەتەرلىكى تەشكىلاتىنىڭ چېچەنىيە مەسىلىسى بويىچە سىياسىي رول ئېلىپ، ياراشتۇرۇش، ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بېرىش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىشىنى تەلەپ قىلدى.

يېڭى ئىمزالانغان «ياۋروپا بىخەتەرلىكى نىزامنامىسى»دا بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرى، جۈملىدىن كىشىلىك ھوقۇقنى نازارەت قىلىش، توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ياراشتۇرۇش، ئۇرۇشتىن كېيىن قايتا قۇرۇش قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ كاتىپى روبىنسۇن «ياۋروپا بىخەتەرلىكى نىزامنامىسى»نىڭ روھى بويىچە، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ھەمكارلىشىپ، غەيرىي ھەربىي مۇلازىملارنى ۋە پەۋقۇلئاددە ئىش بېجىرگۈچى خادىملارنى، مەمۇرى خادىملارنى توقۇنۇش پارتلىغان يەرگە ئەۋەتىپ، تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ  خىزمىتىنى قوللايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگولۇق ئالىم ئاتالغان جۇرۇڭخۇي بېيجىڭدا مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «ئۇرۇش قوشنا دۆلەتلەرگە كېڭەيگەندە، ئەسلىدە چەت ئەللەر ئارىلىشىپ كەلگەن. لېكىن تەيۋەن بوغۇزى، شىنجاڭ، تىبەت مەسىلىسىگە كەلسەك  كوسوۋو، چېچىنىيىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولۇشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ. چۈنكى، بېيجىڭ دائىرىلىرى بۇ مەسىلىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ»، دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

## جۇڭگو مەتبۇئاتلىرى

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

جۇڭگو مەتبۇئاتلىرى بۇيرۇققا بىنائەن، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەنلىكىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. بېيجىڭ شەھىرىدە بىر مېھمانخانىنىڭ زالىدا، مەركەزنىڭ ئىقتىسادى خىزمەت يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. بۇ يىغىن چۈشەندۈرۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان «دۇنيا سودا تەشكىلاتى كېلىشىمى»نى قارشى ئالدى. ئاخىرىدا بۇ يىغىن دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ زەربە خاراكتېرلىك دولقۇنىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىدىغان يىغىنغا ئايلىنىپ كەتتى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش سۆھبىتىگە قاتناشقان ئەمەلدارلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن باشقا، دۆلەت پىلانلىق تەرەققىيات كومىتېتى يىغىنغا تاپشۇرغان، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن قانداق تاقابىل تۇرۇش «لايىھەسى»نى مۇھاكىمە قىلىش بۇ يىغىننىڭ مۇھىم تېمىسىغا ئايلاندى.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن ھامان، جۇڭگو قۇرۇلتىدا كوممۇنىزمنىڭ «بېرلىن تېمى» شۇ ھامان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسىمۇ ئاستا ـ ئاستا قىڭغىيىپ جۇڭگو جەمئىيىتىگە ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي، سىياسىي تەرەپلەردىن زەربە ئېلىپ كېلەتتى.

ئاۋۋال ئىقتىسادى قاتلامدىن سۆز ئاچقاندا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن

زور ئىچكى بىسىمغا ۋە خەلقئارا خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ. ئىچكى جەھەتتە ئىسلاھاتنى داۋاملاشتۇرغاندىمۇ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىنكى مەزگىللەردە، جۇڭگونىڭ سانائەت قۇرۇلمىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ قانتى ئاستىدا جان ساقلاپ كەلگەن، كۆپ قىسىم سانائەت تۈرلىرى مونوپولىيىلىك باشقۇرۇشنىڭ ئاستىغا ئېلىنغان ئىدى. شۇڭا مەسىلەن، پۇل ـ مۇئامىلە ساھەسى، پوچتا ـ تېلېگراف ساھەسى، سانائەت، قاتناش ساھەسى، ماشىنىسازلىق سانائىتى قاتارلىق بولۇپمۇ جۇڭگودا بازار تاپقان يېڭى تېخنىكا پەنلىرى ساھەلىرىدە ئېغىر مەسىلىلەر ساقلىنىپ كەلدى. جۇڭگودا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەننەرخى خەلقئارا بازار باھاسىدىن يۇقىرى بولغان ئەھۋال ئاستىدا، سودا ـ تىجارەت قورغانلىرى بۇزۇۋېتىلگەندىن كېيىن، مىللىي سانائەتنى قوغداش مۇداپىئە كۈنلۈكى يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ قانتى ئاستىدا نازۇكلىشىپ كەتكەن سانائەت تارماقلىرى قانداق ئۇسۇل بىلەن خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشالايدۇ؟

شۇڭا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش جۇڭگو ئۈچۈن ئىپتىقاندا ئىنتايىن ئېغىر بىر سىناق بولۇپ قالغۇسى. سىناققا دۇچ كېلىدىغان جۇڭگوچە مەسىلىلەر چوڭقۇر قاتلاملارغىچە سىڭىپ كىرىدىغان بولسا، تارماقلار ۋە سانائەت تۈرلىرى ساھەلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا سودا ـ تىجارەت سىستېمىسىمۇ زەربىگە ئۇچرايدۇ.

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلمىسى، بازار سىستېمىسى بوران ـ چاپقۇن ئىچىدە تەۋرىنىشكە باشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلگىرىلەپ پىكىر قىلساق، ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرغان جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى تۈزۈمى غۇلاپ كېتىشنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالىدۇ. ئىقتىسادى

قاتلامدا ھاسىل بولغان تەۋرىنىش، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە جەمئىيەت قاتلىمىدا ئىنكاس پەيدا قىلىپ، ئىشتىن ئادەم كۆپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار يىغىشتۇرۇلۇپ بىر ـ بىرىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئىشسىز بولۇپ كوچىغا چىقىدۇ. ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ كۆپىيىشى، ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، ئەسلى تەۋرىنىش ئىچىدە تۇرغان جۇڭگو جەمئىيىتىنى تېخىمۇ مۇقىمسىزلىقنىڭ گىرۋىكىگە ئىتتىرىدۇ. بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئېشىندى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ، شەھەرلەرگە يامراپ كىرىشىدىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي داۋالغۇشنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى قانداق سىياسەت ۋە قانداق كۈچ بىلەن بىر تەرەپ قىلالىشى مۇمكىن؟ ھازىرغىچە، بىر مەزگىل ھەرقانداق زەربىگە ئۇچرىمىغان ئاھالە توپلىرى، ئىقتىسادى داۋالغۇشقا دۇچ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى مەنىۋى مەنزىللەر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ ـ دە، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئېغىر سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك بازارلاشتۇرۇش، خۇسۇسىيلارنىڭ كىرىم پەرقىنى كېڭەيتىپ، رايونلار ئوتتۇرىسىدا گادايلىشىش بىلەن باي بولۇشنىڭ پەرقىنىمۇ كېڭەيتىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ جەمئىيەت ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشقا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۈگۈنكى جۇڭگوغا نىسبەتەن دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشتىن ئېيتقاندا، ئەڭ زور دائىرىدە ۋە ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملار بويىچە تەسىر پەيدا قىلىپ، بۇنداق تەسىر ئەلۋەتتە سىياسىي قاتلامدىمۇ ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دۇنيا سودا

تەشكىلاتىغا جۇڭگو دۆلىتىنىڭ ئەزا بولۇپ كىرىشىنى قارار قىلىشى، ئىچكى بېسىمنىڭ تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق بولغاندىن باشقا، ئەمەلىيەتتە يەر شارىلاشتۇرۇش، خەلقئارالاشتۇرۇشنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولۇپ غايەت زور خەلقئارا بېسىمغا تىز پۈككەنلىكىدۇ.

جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن هامان بۇ دۆلەتنىڭ دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلىپ، قىزىل راۋاقنىڭ شىپاڭلىرىنىمۇ ئېچىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. 20 يىللىق ئىقتىسادى جەھەتتە قاتماللىق، سىياسىي جەھەتتە كونسېرۋاتىپلىقنى ۋە ئاستا ـ ئاستا ئىسلاھ قىلىش ۋە ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەشنى ئەمدى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئىقتىساد ساھەسى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن هامان، ئاخبارات، ئۇچۇر ساھەسىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى ۋە قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشقا قويۇلغان ئېغىر تەلەپلەر، دېموكراتىيە توغرىسىدا ئارزۇلار ئېچىۋېتىشكە ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ. ئىقتىسادى تۈزۈمنىڭ ئاكتىپ ياكى پاسسىپ ئىسلاھ قىلىنىشى، دىلغۇللا بولۇش، سىياسەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئايرىۋېتىپ، قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. سىياسىي تۈزۈمنى دېموكراتىك نازارەت قىلىش، دېموكراتىك سايلام خاراكتېرلىك ئىسلاھ قىلىشقا ئۆتكەندە، تۈزۈملەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىسلاھ قىلىش ـ قىلماسلىق، تېز ئىسلاھ قىلىش ياكى ئاستا ئىسلاھ قىلىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىسلاھ قىلىش ياكى پاسسىپ ئىسلاھ قىلىش سىياسىي تەرەققىياتقا ئېغىر سىناق پەيدا قىلغاندىن باشقا، مەۋجۇد هاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا ھەم ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى دەسلەپتە تاموژنا باش كېلىشىمگە ئەزا بولۇپ كىرگەندىن باشلاپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى ئىشقا ئاشۇرغۇچە 13 يىل ۋاقىت كەتتى. «بۆرە كەلدى» دەپ، 13 يىل ۋارقىرىدى. بۇ گۇن بۆرە ھەقىقەتەن يېتىپ كەلدى. يېڭىۋېلىشقا يول قالمىدى، يېڭىۋالىدىغان چىقىش يولىمۇ يوق ئىدى. مېنىڭ قارىشىمچە: جۇڭگودا ھوقۇق مۇۋازىنەتىنىڭ پايدىسىغا ۋە ھوقۇق مۇۋازىنەتىنىڭ زىيىنىغا قۇدرەتلىك تەھدىت يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن يەنىلا ئىدېئولوگىيە ھالەتلىرى قاتمال ھالەتتە تۇرغان جۇڭگو، ئىسلاھاتىنىڭ قىل كۆۋرۈكىدە مېڭىپ كېلىۋاتقان جۇڭگو؛ باي بولۇشقا ئالدىراپ، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا، ھەتتا كاۋكاز ئېتەكلىرىگىچە كېڭىيىپ چىقىشنى ئويلاۋاتقان جۇڭگو؛ خام خىياللىرىنىڭ ئەكسىچە، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ئۇيغۇر، تىبەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغان جۇڭگو ئىدى. بۇ دۆلەت ئەگەر چۈشىنىدىغان بولسا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرىشنىڭ پايدىسى كۆپ بولاتتى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش ئەنئەنىۋى قالاق خىتاي مىللىتىنى دۇنياغا ئېلىپ چىقاتتى. جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغاندا ۋە جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييار تۇرغاندا، ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئويلىشىپ قويۇشى كېرەك بولدى.

## پاكىستانلاردىن پەيدا بولغان تەسىراتلار

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەتبۇئاتلىرى، تار كوچىلاردا غىڭشىپ يۈرگەن ئەپكەشچى خىتايلار ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى خىتاي بەگلىرى، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەنلىكىنى ياكى ئەزا بولۇپ كىرمەكچى بولغانلىقىنى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، پايدىلىرىنى سۆزلىگەندە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ۋالاقلىشىشقا باشلىدى. لېكىن جۇل ـ جۇل كىيىملىك، يېرىم ئاچ، يېرىم توق، چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنى ئەپكەشلىرىگە سىلىقۋېلىپ يۈرتمۇ يۇرت ئارىلاپ يۈرگەن ئاققۇن خىتايلار، جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرسە بىزگە پايدىسى قانچىلىك، زىيىنى يەنە قانچىلىك دېگەن ماۋزۇلار ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدى. ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ كۆرسە، جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرسە خېلىلا پايدىسى بار ئىش ئىكەن، ئەمما بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرىشنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرىمۇ خىتاي پۇقرالىرىنى چۆچۈتۈشكە باشلىغان ئىدى.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ پايدىسىدىن سۆز ئاچقاندا ئاۋۋال يەمخور خىتايلارنىڭ يېمەكلىك ـ كەيمەكلىك، تۇرالغۇسىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ يېمەك ـ ئىچمەك توغرىسىدا ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشقا توغرا كېلەتتى. جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندە ئامېرىكىنىڭ بۇغدايلىرى كەپسەندە تۆكۈلگەندەك جۇڭگونىڭ بازارلىرىغا تۆكۈلۈپ كىرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئاق ئۇنلىرى، ئامېرىكىنىڭ كەسمە چۆپلىرى... كۆرۈڭ! ھېچبولمىغاندا بېيجىڭ،

شاڭخەيلەردە تۆگۈلگەن مانتىلار، قاسقاندا دۈملەنگەن ئاق مومىلارنى چىشلىگەندە، خىتاينىڭ ھېچقاچان چىشلىرى غۇچچىدە قۇم چىشلىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كالىفورنىيىنىڭ مېۋە ــ چېۋىلىرىنى قوشۇپ قويساق، جۇڭگو بازارلىرىغا كىرىدىغان ياپونىيىنىڭ كالا گۆشى، بېلىقلىرىنى، تايلاندنىڭ گۈرۈچلىرىنى قوشۇپ قويساق، جۇڭگولۇق يەمخورلارنىڭ يېمەك ــ ئىچمەك سەۋىيىسى خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكەن بولمامدۇ؟ چوڭ زاللاردا بېرىلگەن زىياپەت داستىخانلىرىغا ئېچىرقاپ تەلمۈرۈپ قاراشنىڭ ھاجىتى قالمايدىغۇ؟

كىيىم ــ كېچەككە كېلەيلۇق، جۇڭگو توقۇمىچىلىق دۆلىتى لاتا خەي، چىغ شىلەپە ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ئىشلەپچىقارغان پاختا مەھسۇلاتلىرى، كىيىم پاسونلىرى جەھەتتە خەلقئارا سەۋىيىگە يېتىشەلمەيدۇ. مۇبادا بۇنىڭدىن كېيىن ئىتالىيىنىڭ خۇرۇم ئاياغلىرى، فرانسىيىنىڭ كىيىم ــ كېچەكلىرى جۇڭگو بازارلىرىغا ئېقىپ كىرىدىغانلا بولسا، ئىنقىلابقا ئامراق جۇڭگو پۇقرالىرى بۇ قېتىم يەنە كىيىم ــ كېچەك ئىنقىلابىنى باشلامدۇ، قانداق؟ لاتا خەي كىيىپ يۈرگەن خىتايلار ئىتالىيىنىڭ خۇرۇم ئاياغلىرىنى كىيگەندىن كېيىن مانا كۆرۈڭ! بۇ خىتايلارنىڭ روھى قىياپەتلىرىدە خىتايچە ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ.

تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەسلىدە جۇڭگودا تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىنى ئانچە قىيىنغا توختىمايدۇ، دېگىلى بولمىسىمۇ يېقىندىن بېرى جۇڭگودا ئۆينى زىننەتلەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئاۋۋال باي بولغان بىر ئەۋلاد خىتايلار گەرچە ئامېرىكىنىڭ تەرەت قاچىلىرى، ئامېرىكىنىڭ سۇ ئىشلىتىش ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىشنى تەكىتلەشتە

ھازىرچە زورۇقۇپ كەتمىسمۇ، لېكىن ئىتالىيىنىڭ پار ـ پۇر كېسەكلىرى، فرانسىيىنىڭ زىننەتلىك چىراغلىرى، شىمالى ياۋروپانىڭ پول ـ تاختايلىرى جۇڭگو بازارلىرىغا ئېقىپ كىرگەندىچۇ؟ قانداق قىلار؟

بۇلارنى قويۇپ تۇرايلى، جۇڭگو ھازىرغىچە ۋېلسىپىت ئىمپېرىيىسى بولۇپ كەلدى. لېكىن جۇڭگودا ھازىرقى ئېقىم كىچىك ماشىنىدا «ئولتۇرۇش» زور ئېقىم بولۇپ قالدى. كىچىك ماشىنا تۇرمۇشتا مودىلاشتى. بېيجىڭنىڭ كوچىلىرىدا قاتنايدىغان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ سانى بىر مىليون 300 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئەمما، جۇڭگو ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ماشىنىلارنىڭ ئىچكى بازاردا سېتىلىش باھاسى خەلقئارا بازار باھاسىدىن بىر ھەسسە قىممەت بولدى. بۇ ماشىنىلارنىڭ سۈپىتى توغرۇلۇق سۆز ئاچمايلا قويايلۇق. ئەمدى خىتاي ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ماشىنىلارنىڭ دۆلەت ئىچىدە باھاسى تۆۋەنلەيدۇ. خىتاي پۇقرالىرى ئىمپورت قىلىنغان ماشىنىلارنى تاللاپ سېتىۋېلىشقا باشلايدۇ. ئۇيغۇرلارچۇ؟ ئېشەك ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ كىرەمدۇ، بازارغا؟

بۇنىڭدىن باشقا ناھايىتى ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى جۇڭگودا ئومۇملىششقا باشلايدۇ، شىپالىق دورىلارنى سېتىۋالغان جۇڭگو بىمارلىرىنىڭ كېسىلى دەرھال شىپا تاپىدۇ. يالغان، ساختا ياسالغان خىتاينىڭ دورا ـ دەرمەكلىرىنىڭ بازىرى قالمايدۇ. ئۇنداقتا خىتاينىڭ مىللىي خىمىيە ـ دورىگەرلىك سانائىتىنىڭ تەقدىرى قانداق بولماقچى؟ پۇل تاپقان خىتايلار چەت ئەل بانكىلىرىغا ئامانەت قويۇشقا باشلايدۇ. خىتاي پۇلنى دوللارغا ئالماشتۇرۇشقا باشلايدۇ، سىياسەت

ئۆزگەرسە، جەمئىيەت داۋالغۇشقا پېتىپ قالسا، پۇل پاخاللىقىدىن دەككە - دۈككە بولمايدۇ. ئامېرىكا دوللىرىغا ئالماشتۇرىۋالدى، دە! كىنو كۆرگەندە خاللىۋوتنىڭ كىنولىرىنى خالىغانچە، قانغىچە كۆرۈشىدۇ. پۇل خەجلەپ كىنوخانىغا بېرىپ كوممۇنىست پارتىيىنىڭ كىنو ئارقىلىق مېڭە يۇيۇشىنى پۇلغا سېتىۋالمايدۇ. تېلېفون ئۇرسا قورقماي سۆزلەيدۇ. ئەنچۈەنتىڭ ئاڭلاۋاتامدىكىن دەپمۇ ئەنسىرىمەيدۇ.

ئۇنداق - مۇنداق دېدۇق، يۇقىرىقىلار پۇل بولسىلا بەھرىمەن بولالايدىغان مەئىشەتلەردۇر. پۇل تاپقاندىمۇ پۇلنىڭ ئىگىسى بولغىلى بولمايدۇ. پۇل تېپىش ئۇچۇن تىجارەت مۇھىتى، خىزمەت ئورنى، ئىش بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلارغا قېنى خىزمەت، قېنى ئىش؟ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندە جۇڭگودا ئىشسىزلار كۆپىيىدۇكى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار كۆپەيمەيدۇ. خەلقئارا ئىش تەقسىماتىغا بويسۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ، دە؟

لېكىن خىتاي پۇقرالىرى ئەنسىرىمەكتە. ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ ئىچىدە «مەن» بولۇپ قالماي دەپ، ئەنسىرىمەكتە. يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىغاندا جۇڭگودا كېيىنرەك روھىي كېسەللەرنىڭ بازىرى ئاقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئىشسىز قېلىشتىن قورقۇپ، جۇڭگو پۇقرالىرى قاتتىق ئىشلەشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، بۇرۇنقىدەك ئىشخانىغا كېلىپ، چاپاننى ئورۇندۇققا كىيدۈرۈپ قويۇپ، ئىككى سائەت گېزىت ئوقۇپ سائەت 10 بولغاندا بازارغا چىقىپ توخۇ گۆشىگە ئۆچىرەت تۇرىدىغان دەۋرلەر كەلمەسكە كېتىدۇ. قاتتىق ئىشلەشكە توغرا كەلگەنلىكتىن روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولسا، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشكە ھاجەت قانچىلىك؟

جۇڭگونىڭ ئومۇمى ئەھۋالى شۇنداق بولسا ياكى يېقىن كەلگۈسىدە جۇڭگو جەمئىيىتى شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا، ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇيغۇرلارنىڭ زاۋۇتى يوق، ئىشلەيدىغان؛ ئۇيغۇرنىڭ زاللىرى يوق، زىياپەت بېرىدىغان؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشخانىسى يوق خىزمەت قىلىدىغان؛ ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان كوچىلارغا تاشلاندى، يېتىپ قالدى، ئورنىدىن تۇرالمىدى، ئەگەر ئورنىدىن تۇرۇپ قالسا، بىزگە ئىش كېرەك، بىزگە ھوقۇق كېرەك دەپ، شوئار توۋلامدۇ ياكى بىزگە مۇستەقىللىق كېرەك دەپ شوئار توۋلايدۇ؟ رەھىم قىل ئاللاھ، ئۇيغۇرلارغا ئەقىل، غەيرەت، شجائەت ئاتا قىل، ئاللاھ!